جۇڭگو تېببىي قامۇسى تارماق تومى

# ئۇيغۇر تېبابەت قامۇسى

## يەتتىنچى جىلد

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

جۇڭگو تېببىي قامۇسى تارماق تومى

# ئۇيغۇر تېبابەت قامۇسى

‹‹جۇڭگو تېببىي قامۇسى ›› تارماق تومى ئۇيغۇر تېبابەت
قامۇسى ئىشخانىسى باشچىلىقىدا تۈزۈلدى
جاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك -
دورىگەرلىك تەتقىقات ئورنى تەرىپىدىن نەشرگە
تەييارلاندى

## يەتتىنچى جىلد

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

维吾尔医生药学：维吾尔文/木塔力甫·艾力阿吉等编写. — 乌鲁木齐：新疆人民卫生出版社，2009.8
（中国医学百科全书. 维吾尔医分卷：7）
ISBN 978 - 7 - 5372 - 4597 - 5

Ⅰ.①维… Ⅱ.①木… Ⅲ. ①维吾尔族—民族医学—生药学—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ. ①R291.5

中国版本图书馆CIP数据核字（2009）第146353号

编　　写：艾山·大毛拉，尼米吐拉·艾拜都拉，木塔力甫·艾力阿吉艾米琪
审　　定：伊河山·伊明
责任编辑：易沙克江·马合穆德
责任校对：早热古丽·司地克
装帧设计：艾尼瓦·卡森木
制　　版：阿卜杜艾尼·阿巴斯
出　　版：新疆人民卫生出版社
地　　址：乌鲁木齐市龙泉街196号
网　　址：http://www.xjpsp.com
印　　刷：北京外文印刷厂
发　　行：新疆新华书店
版　　次：2009年8月第1版
印　　次：2011年6月第1次印刷
开　　本：889×1194毫米　1/16开本　26.75　印张　插页4
字　　数：480千字
书　　号：ISBN　978 - 7 - 5372 - 4597 - 5
印　　数：1—3000
定　　价：180.00元

发行科联系电话：(0991)2823055　邮编：830001

# «جۇڭگو تېببىي قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى

**مۇدىر ھەيئەت:** چيەن شىنجۇڭ

**مۇئاۋىن مۇدىر ھەيئەتلەر:** خۇاڭ جياسى، لى جۇڭپۇ، گو زىخېڭ، ۋۇ جېپىڭ، تۇ تۇڭجىن، شى مېيشىن، جاۋ شۇۋۇ

**باش كاتىپ:** چېن خەيفېڭ

**مۇئاۋىن باش كاتىپلار:** شى دىيەنباڭ، فېڭ گۇاڭ، جۇ كېۋېن، دەي زىبىڭ

ھەيئەتلەر: (فامىلە خەت سىزىقىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى بويىچە ئېلىندى) دىڭ جىفېڭ، تۇدېڭسىرېن، مافېيخەي، ۋاڭ يى (ئايال)، ۋاڭ يۈچۈەن، ۋاڭ شىجىن، ۋاڭ يۇڭجى، ۋاڭ يۇڭگۈي، ۋاڭ گۇاڭچىڭ، ۋاڭ شۇشيەن، ۋاڭ جىۋۇ، ۋاڭ گۈەنلياڭ، ۋاڭ شۆتەي، ۋاڭ شۇجېن (ئايال)، ۋاڭ پېڭچېڭ، ۋاڭ دېجيەن، ۋاڭ خەنجاڭ، ماۋ ۋېنشۇ (ئايال)، ماۋ شۇبەي، دېڭ جايدۇڭ، شى ماۋنيەن، شى مېيشىن، لۇ خۇيلىن، لۇ جىڭشۈەن، يې گۇڭشاۋ (ئايال، يۇ كۈن، شى يۈچۈەن، بەي چىڭيۈەن، كۇاڭ خېلىڭ، فېڭ گۇاڭ (ئايال) لەن شىچۈەن، سى تۇلياڭ، بى شې، لۈي بىڭكۈي، چۈ ميەنيۈ، جۇ چاۋ، جۇ رېنباۋ، جۇ كېۋېن، جۇ يۈخۇي، جۇ خۇڭيىڭ، جۇ جىمىڭ، جۇ لىڭچىڭ، رېن يىڭچيۇ، ليۇ شىجې، ليۇ يۈجىڭ، ليۇ يۈگۇ، مى بەيراڭ، سۇن جۇڭلياڭ، سۇن رۈيزۇڭ، سۇ دېلۇڭ، دۇنيەنزۇ، ياڭ يىيا، ياڭ گولياڭ، ياڭ شۇچىڭ، ياڭ مىڭدىڭ، ياڭ ساۋچېن، لى كۈن، لى يۇڭچۈن، لى باۋشى، لى جىڭۋېي، لى جىنجى، لى جاۋتې، لى سۇڭپۇ، ۋۇجىلى، ۋۇ جىجۇڭ، ۋۇ جېپىڭ، ۋۇ يىڭكەي، ۋۇ جىڭجيەن، ۋۇ شاۋچىڭ، ۋۇ شيەنجۇڭ، ۋۇ يىگۇ، ۋۇ خېشىڭ، سۇ ۋېيرەن، يۈخې، سۇڭ جىڭدەن، جى فۇيۈەن، جاڭ شياڭ، جاڭ شېشيەن، جاڭ لىفەن، جاڭ شياۋچيەن، جاڭ چاڭيىڭ، جاڭ زېسىڭ، جاڭ شۆيۇڭ، جاڭ دىسىڭ، جاڭ يۆنچاڭ، لۇرۇشەن، چېن شىن، چېن جۇڭۋېي، چېن مىڭجىن، چېن گوجىن، چېن خەيفېڭ، چېن خاوجۇ، لىن چاۋجى (ئايال)، لىن كېچۈەن، لىن ياگۇ، يۇ جىفېي، شياڭ تيەنيۇ، لو يۆنكەي، لوجىنچېڭ، جى جۇڭپۇ، ئىسھاقجان مەھمۇد، جۇجىڭخۇاڭ، جۇ مىڭجۈەن (ئايال)، جېڭ لىنفەن، مېڭ جىماۋ، جاۋ بىڭنەن، جاۋ شىۋۇ، رۇڭ دۇشەن، خۇچۈنكۈي، خۇ شىمىڭ، جۇڭ شۆلى، جۇڭ خۇيلەن، جۇ زۇڭليەن، يۈ كېجۇڭ، شى دىيەنباڭ، جياڭ چۈنخۇا، خۇڭ زىيۈن، شياجىڭيى، گۇ شۆجى، گۇ سۈيىۆ، چيەن دې، شۈ شىنجۇڭ، شۈ فېڭيەن، لىڭ خۇيياڭ، گو دې، گو نەيچۈەن، گو زىخېڭ، گو بېڭكۈەن، گو چۈەنچىڭ، گو جېنچيۇ، گو جىڭيۈەن، تاڭ يۇجى، تۇ تۇڭجىن، جۇ فۇتاڭ، تاۋ خېڭلې، خۇاڭ لياڭ (ئايال)، خۇاڭ ۋېندۇڭ، خۇاڭ ياۋشېن، خۇاڭ جياسى، خۇاڭ جىڭشياڭ، خۇاڭ شېنۇۋ، ساۋ جۇڭلياڭ، گەي باۋخۇاڭ، لياڭ جىچۈەن، دۇڭ جۈن، دۇڭ چېڭلاڭ، جاڭ يۇتۇ، خەن گۇۋاڭ، چىڭ جىفەن، فۇ فېڭيۇڭ، تۇڭ ئېرچاڭ، زېڭ شيەنجيۇ، شې رۇڭ، شى شاۋۋېن، چيۇ فازۇ، سەي رۇڭ، سەي چياڭ، سەي خۇڭداۋ، دەي زىبىڭ.

# 《中国医学百科全书》编辑委员会


**主 任 委 员** 钱信忠

**副主任委员** 黄家色 李钟朴 郭子恒 吴阶平 涂通今 石美鑫 赵锡武

**秘 书 长** 陈海峰

**副 秘 书 长** 施奠邦 冯光 朱克文 戴自英

**委 员** （以姓氏笔划为序）

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 丁季峰 | 土登次仁 | 马飞海 | 王懿(女) | 王玉川 | 王世真 | 王用楫 |
| 王永贵 | 王光清 | 王叔威 | 王季午 | 王冠良 | 王雪苔 | 王淑贞(女) |
| 王鹏程 | 王德鉴 | 王翰章 | 毛文书(女) | 毛守白 | 邓家栋 | 石茂年 |
| 石美鑫 | 卢惠霖 | 卢静轩 | 叶恭绍(女) | 由 昆 | 史玉泉 | 白清云 |
| 邝贺龄 | 冯光(女) | 兰锡纯 | 司徒亮 | 毕 涉 | 吕柄奎 | 曲绵域 |
| 朱 潮 | 朱壬葆 | 朱克文 | 朱育惠 | 朱洪荫 | 朱既明 | 朱霖青 |
| 任应秋 | 刘世杰 | 刘育京 | 刘毓谷 | 米伯让 | 孙忠亮 | 孙瑞宗 |
| 苏德隆 | 杜念祖 | 杨医亚 | 杨国亮 | 杨树勤 | 杨铭鼎 | 杨藻宸 |
| 李 昆 | 李永春 | 李宝实 | 李经纬 | 李振志 | 李肇特 | 李聪甫 |
| 吴之理 | 吴执中 | 吴阶平 | 吴英恺 | 吴征鉴 | 吴绍青 | 吴成中 |
| 吴贻谷 | 吴桓兴 | 吴蔚然 | 余 贺 | 宋今丹 | 迟复元 | 张 祥 |
| 张世显 | 张立藩 | 张孝骞 | 张昌颖 | 张泽生 | 张学庸 | 张涤生 |
| 张源昌 | 陆如山 | 陈 信 | 陈中伟 | 陈明进 | 陈国桢 | 陈海峰 |
| 陈灏珠 | 林幼稚(女) | 林克椿 | 林雅谷 | 郁知非 | 尚天裕 | 罗元恺 |
| 罗致诚 | 季钟朴 | 易沙克江 | 周金黄 | 周敏君(女) | 郑麟蕃 | 孟继懋 |
| 赵柄南 | 赵锡武 | 荣独山 | 胡传揆 | 胡熙明 | 钟学礼 | 钟惠澜 |
| 侯宗濂 | 俞克忠 | 施奠邦 | 姜春华 | 洪子云 | 夏镇夷 | 顾学箕 |
| 顾绥岳 | 钱 德 | 徐信忠 | 徐丰彦 | 凌惠扬 | 郭 迪 | 郭乃春 |
| 郭子恒 | 郭秉宽 | 郭泉清 | 郭振球 | 郭景元 | 唐由之 | 涂通今 |
| 诸福棠 | 陶桓乐 | 黄量(女) | 黄文东 | 黄耀巢 | 黄家驷 | 黄祯祥 |
| 黄绳武 | 曹钟梁 | 盖宝璜 | 梁植权 | 董郡 | 董承琅 | 蒋豫图 |
| 韩 光 | 程之范 | 傅丰永 | 童尔昌 | 曾宪九 | 谢荣 | 谢少文 |
| 裘法祖 | 蔡荣 | 蔡翘 | 蔡宏道 | 戴自英 | | |

# «جۇڭگو تېببىي قامۇسى» تارماق تومى ئۇيغۇر تېبابەت قامۇسى تەھرىر ھەيئىتى

**باش مۇھەررىر:**

ئىسھاقجان مەھمۇد (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى)

**مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر:**

ئابدۇرەھىم قادىر ئاسىپ (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك تەتقىقات ئورنى)

ئابدۇلھەق رەھمىتۇللا (شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى)

باھاۋۇدۇن جامالىدىن (خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسى)

**ھەيئەتلەر:**

ئەھمەد ھاجى (خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسى)

زۇنۇن قارى (قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسى)

ئابدۇلھېمىد يۈسۈپ (شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومى)

ھەسەن داموللا (كۇچا ناھىيەلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسى)

**ئىلمىي كاتىپ:**

ئابدۇرەھىم قادىر ئاسىپ (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك تەتقىقات ئورنى)

يەتتىنچى جىلد ئاپتورلىرى: ھەسەن داموللا، نېمىتۇللا ئەبەيدۇللا، مۇتەللىپ ئەلى ھاجى ئەمچى

# 《中国医学百科全书》

## 维吾尔医学分卷编委会


**主　　编**：易沙克江·马合穆德　(新疆维吾尔自治区卫生厅)

**副 主 编**：阿不都热依木·卡地尔　(新疆维吾尔自治区维吾尔医药研究所)
阿布拉克·热木杜拉　(新疆人民卫生出版社)
巴吾东·加马力丁　(新疆和田地区维吾尔医医院)

**编　　委**：艾合买提·阿吉　(新疆和田地区维吾尔医医院)
祖农·卡日　(新疆喀什地区维吾尔医医院)
阿不力米提·玉苏甫　(新疆维吾尔医学高等专科学校)
艾山·大毛拉　(新疆库车县维吾尔医医院)

**学术秘书**：阿不都热依木·卡地尔　(新疆维吾尔自治区维吾尔医药研究所)

**第七册编著**：
艾山·大毛拉，尼米吐拉·艾拜都拉，木力里甫·艾力阿吉艾米琪

# كىرىش سۆز

ئۇيغۇر تېبابىتى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئالەم ۋە ئادەمنى بىلىش جەريانىدا بارلىققا كەلگەن ساقلىقنى ساقلاش، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنىدىن شەكىللەنگەن ئىلمىي سىستېما بولۇپ، 2500 يىلدىن ئارتۇق يازما تارىخقا ئىگە.

سەھىيە مىنىستىرلىقىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن 1979 ـ يىلدىن باشلاپ «جۇڭگو تېببىي قامۇسى» نىڭ تارماق تومى «ئۇيغۇر تېبابەت قامۇسى» نى تۈزۈش خىزمىتى باشلانغان ئىدى. قامۇس تۈزۈشكە قاتناشقان مۇتەخەسسىسلەر قامۇس مەزمۇنىنىڭ «يېڭى»، «تولۇق»، «ئىخچام» بولۇش تەلىپى ئاساسىدا ئۇزۇن يىللىق داۋالاش تەجرىبىلىرى ۋە قەدىمكى ئەسەرلەرنى مەنبە؛ ئۇنىڭ هازىرقى زامان تەرەققىياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ بىۋاسىتە پايدىلىنىشىنى مەقسەت؛ ئاممىباب ۋە چۈشىنىشلىك بولۇشنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى قىلىپ، ئۇزاق يىل جاپالىق ئىزدىنىش نەتىجىسىدە 1979 ـ يىلدىن 1995 ـ يىلىغىچە بولغان مەزگىلدە «ئۇيغۇر تېبابىتى ئاساسىي نەزەرىيەلىرى ئىلمى»، «ئۇيغۇر تېبابىتى بەش ئەزا كېسەللىكلەر ئىلمى»، «ئۇيغۇر تېبابىتى تاشقى (تېرە، سۆڭەك) كېسەللىكلەر ئىلمى»، «ئۇيغۇر تېبابىتى ئىچكى كېسەللىكلەر ئىلمى»، «ئۇيغۇر تېبابىتى ياسالما نۇسخىلىرى ئىلمى» دىن ئىبارەت بەش تومنى تۈزۈپ پۈتتۈردى. بۇ بەش توم قامۇس نەشر قىلىنغان 20 يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك ئىلمىنىڭ تېخىمۇ مۇكەممەللىشىشى ھەم دۇنياغا تونۇلۇشىدا ئىجابىي رول ئوينىدى.

بۇ قېتىم «جۇڭگو تېببىي قامۇسى» نىڭ تارماق تومى «ئۇيغۇر تېبابەت قامۇسى» نىڭ ئەسلىي ئالاھىدىلىكىنى ساقلاش، نەچچە مىڭ يىللىق ئىلمىي سىناقنىڭ مۇكەممەل نەتىجىلىرىنى قايتا گەۋدىلەندۈرۈش، قامۇس تۈزۈشكە قاتناشقان مۇتەخەسسىسلەر جەمئىيەتنىڭ «ئۇيغۇر تېبابەت قامۇسى»غا بولغان ئېھتىياجىنى

قاندۇرۇشنى نەزەردە تۇتۇپ، «ئۇيغۇر تېبابىتى قامۇسى خام دورىلار قىسمى» ۋە «ئۇيغۇر تېبابىتى قامۇسى ئاياللار ـ بالىلار كېسەللىكلىرى قىسمى» نى تۈزۈپ، نەشر قىلىپ تارقاتتۇق.

بىز «ئۇيغۇر تېبابىتى قامۇسى» بەش تومىنىڭ ئىككىنچى قېتىم بېسىلىشى ۋە «خام دورىلار قىسمى» بىلەن «ئاياللار ـ بالىلار كېسەللىكلىرى» دىن ئىبارەت ئىككى جىلدنى تولۇقلاپ نەشر قىلىش جەريانىدا، خىزمەتلىرىمىزنى قىزغىن ۋە ئەتراپلىق قوللاپ بەرگەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىغا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق جۇڭيى تېبابەتچىلىكى ۋە مىللىي تېبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك ئىدارىسىغا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك تەتقىقات ئورنىغا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەت ئەسەرلىرىنى رەتلەش ئىشخانىسىغا، شۇنداقلا قامۇسنىڭ تۈزۈلۈشى ئۈچۈن جاپالىق ئەجىر ـ مېھنەت سىڭدۈرگەن ئۇستازلارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز.

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

2011 - يىل ئاپرېل

# مۇندەرىجە


ئۇيغۇر تېبابىتى دورىگەرلىكى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە ......

1. خام دورىلارنىڭ كېلىش مەنبەسى ... 1

2. خام دورىلارنى يىغىۋېلىش ۋە ساقلاش ئۇسۇللىرى ...... 2

3. خام دورىلار ئۈنۈمىنىڭ ساقلىنىش مۇددىتى ...... 6

4. خام دورىلارنىڭ تەبىئىتىنى بەلگىلەش ...... 7

5. خام دورىلارنىڭ خۇسۇسىيەتكە ئايرىلىشى ...... 9

6. خام دورىلارغا ئورۇنباسار دورا ۋە تۈزەتكۈچى دورا ئىشلىتىش توغرىسىدا ... 9

ئاپتاپپەرەس ...... 11

ئاپېلسىن پوستى ...... 12

ئاتقۇلاق چۆپى ...... 13

ئاچچىق ئانار ...... 14

ئاچچىق بادام ...... 15

ئاچچىقتاۋۇز ...... 16

ئاچچىق سۆرۈنجان ...... 17

ئاچچىق قۇستە ...... 18

ئادەمگىياھ ...... 19

ئادراسمان چۆپى ...... 20

ئادراسمان ئۇرۇقى ...... 21

ئارپا ...... 22

ئارپىبەدىيان ...... 23

ئارپىبەدىيان يىلتىزى پوستى ...... 24

ئارچا مېۋىسى ...... 25

ئازغان مېۋىسى ...... 26

ئاسارۇن ...... 27

ئاغچىيۇغۇچ ئۇرۇقى ...... 28

ئاق بەھمەن ...... 29

ئاق پارپا ...... 30

ئاق تۇدەرى ...... 31

ئاق سەندەل ...... 32

ئاقاقىيا ...... 33

ئاق قىچا ئۇرۇقى ...... 34

ئاق لەيلى چۆپى ...... 35

ئاق لەيلىگۈل ...... 36

ئاق لەيلى ئۇرۇقى ...... 37

ئاق مەۋسەل ...... 38

ئاق موم ...... 39

ئاقمۇچ ...... 40

ئاقىرقەرھا ...... 41

ئالتۇن ۋاراق ...... 42

ئالقات ...... 43

ئالما ...... 44

ئالوي چۆپى ...... 45

ئالۇچا ...... 46

ئامۇت ...... 47

ئاملە ..... 48
ئانار پوستى ..... 49
ئانارگۈل ..... 50
ئەپتمۇن ..... 51
ئەپتمۇن ئۇرۇقى ..... 52
ئەپيۇن ..... 53
ئەدەس ..... 54
ئەرەب يېلمى ..... 55
ئەرمۇدۇن ئۇرۇقى ..... 56
ئەفسەنتىن ..... 57
ئەگرسۇناي ..... 58
ئەگلكئوت ..... 59
ئەمەن ئۇرۇقى ..... 60
ئەنبەر ..... 61
ئەنجبار ..... 62
ئەنجۇر ..... 63
ئەنزىرۇت ..... 64
ئەينۇلا ..... 65
بابۇنە ..... 66
بادام مېغىزى ..... 67
بادرەنجبۇيا ..... 68
باقلە ..... 69
بالادۇر ..... 70
بالەنگو چۆپى ..... 71
بالەنگو ئۇرۇقى ..... 72
بەرەڭگى كابۇلى ..... 73
بەزرۇلبەنجى ..... 74
بەسباسە ..... 75
بەلىلە ..... 76
بوزۇغا ..... 77
بوزىدان ..... 78
بۇغا قېنى ..... 79
بۇغا مۈڭگۈزى ..... 80
بۇقا چۈيىسى ..... 81
بۇيا چۆپى ..... 82
بۇيا ئۇرۇقى ..... 83
بۆكەن مۈڭگۈزى ..... 84
بۆلجۈرگەن ..... 85
بېدە كۆكى ..... 86
بېدە ئۇرۇقى ..... 87
بېھى ..... 88
بېھى ئۇرۇقى ..... 89
بىدىمۇشكى ..... 90
بستپايەج ..... 91
بىنەپشە ..... 92
پاقىيوپۇرمىقى چۆپى ..... 93
پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى ..... 94
پالەك ..... 95
پەرەنجمشكى ..... 96
پەرپىيون ..... 97
پەمدۇر ..... 98
پەنىرمايە ..... 99
پىرسياۋشان ..... 100
پىدگەن ..... 101
پىستە ..... 102
پىلە غوزىسى ..... 103
پىلە قۇرتى مايىقى ..... 104
پىلپىل ..... 105
پىندۇق ..... 106
پىنىنە ..... 107
پىياز ..... 108
پىياز ئۇرۇقى ..... 109
تاباشىر ..... 110
تاجىگۈل ئۇرۇقى ..... 111

تاشتۆز ........................ 112
تاغ پىيىزى ........................ 113
تاغ دېنى ........................ 114
تاغ كەرەپشىسى ئۇرۇقى ........................ 115
تاماكا يوپۇرمىقى ........................ 116
تاۋۇز شاپىقى ........................ 117
تەرتىز ........................ 118
تەرخەمەك ........................ 119
تەكىيە كاۋا ........................ 120
تەنكار ........................ 121
توخۇ تاشلىقى پوستى ........................ 122
توشقانزەدىكى ........................ 123
تۇتىيا ........................ 124
تۇخۇمەك مېۋىسى ........................ 125
تۇربۇت ........................ 126
تۇرۇپ ........................ 127
تۇرۇپ ئۇرۇقى ........................ 128
تېرىق ........................ 129
جاۋشىر ........................ 130
جەرەن گۆشى ........................ 131
جۇزبۇۋا ........................ 132
جۇۋۇنە ........................ 133
جۆئىدە ........................ 134
جۇپتى بەللۇت ........................ 135
جىگدە چېچىكى ........................ 136
جىگدە مېۋىسى ........................ 137
جىگدە ئۇرۇقى مېغىزى ........................ 138
جىنتىيانا ........................ 139
جىنكېۋزى چۆپى ........................ 140
جىنكېۋزى ئۇرۇقى ........................ 141
چاچ كۆمۈرى ........................ 142
چارپاقا ........................ 143
چار يىلان ........................ 144
چاققاقئوت چۆپى ........................ 145
چاققاقئوت ئۇرۇقى ........................ 146
چاكاندا ........................ 147
چامغۇر ئۇرۇقى ........................ 148
چايان ........................ 149
چەشمىخورۇس ........................ 150
چوك قەنتەرىيون ........................ 151
چۆپچىن ........................ 152
چۇچۇكبويا بەرگى ........................ 153
چۇچۇكبويا يىلتىزى ........................ 154
چۇمۇلە ........................ 155
چىگىت مېغىزى ........................ 156
چىلاپا ........................ 157
چىلان ........................ 158
چىلغوزا ........................ 159
خوخا ........................ 160
خورما ........................ 161
خولىنجان ........................ 162
خۇنسىياۋشان ........................ 163
خېنىگۈل ........................ 164
خېنىگۈل ئۇرۇقى ........................ 165
خىيارشەنبەر ........................ 166
دارچىن شېخى ........................ 167
دۇرنەج ئەقرەبى ........................ 168
رال ........................ 169
رەۋەن ........................ 170
رەيھان چۆپى ........................ 171
رەيھان ئۇرۇقى ........................ 172
رۇسوت ........................ 173
رۇمبەدىيان ........................ 174
رىگماھى ........................ 175

زاراڭزا چېچىكى ........ 176
زاراڭزا ئۇرۇقى ........ 177
زاغۇن ئۇرۇقى ........ 178
زەپەر ........ 179
زەرچىۋە ........ 180
زەرنەپ ........ 181
زەرنىخ ........ 182
زەمچە ........ 183
زەنجىۋىل ........ 184
زەھرەمۆھرە ........ 185
زورەمبات ........ 186
زۇپا ........ 187
زۇمرەت ........ 188
زىرە ........ 189
زىرىق ........ 190
زىغىر چۆپى ........ 191
زىغىر ئۇرۇقى ........ 192
سازاڭ ........ 193
سالاجىت ........ 194
سامساق ........ 195
سانا ........ 196
سەبرە ........ 197
سەدەپ ........ 198
سەرپىستان ........ 199
سەرتان بەھرى ........ 200
سەرتان نەھرى ........ 201
سەرخەس ........ 202
سەقەنقۇر ........ 203
سەكبىنەج ........ 204
سەنگى جاراھەت ........ 205
سەنكىيا ........ 206
سەۋزە ........ 207
سەۋزە ئۇرۇقى ........ 208
سەئدى كۇفى ........ 209
سوغىگۇل ........ 210
سوقمونىيا ........ 211
سۇپارى ........ 212
سۇزاپ چۆپى ........ 213
سۇزاپ ئۇرۇقى ........ 214
سۇكپىياز ........ 215
سۇماق ........ 216
سۇمبۇل ........ 217
سۇندۇرۇس ........ 218
سۆرۈنجان ........ 219
سۆئىلەپ مىسرى ........ 220
سۇرمە ........ 221
سېرىق ھېلىلە ........ 222
سېمىزئوت چۆپى ........ 223
سېمىزئوت ئۇرۇقى ........ 224
سىماب ........ 225
سىيادان ........ 226
شاپتۇل ........ 227
شاتارى ........ 228
شاتۇت ........ 229
شادىنەج ........ 230
شاقاقۇل ........ 231
شاكال بەديان ........ 232
شاھتەررە ........ 233
شاھتەررە چىنى ........ 234
شەترەنجى ........ 235
شور ........ 236
شۇمبۇيا ........ 237
شۇمشا چۆپى ........ 238
شۇمشا ئۇرۇقى ........ 239

شىرخىست ............ 240
غاپەس ............ 241
غارىقۇن ............ 242
غۇنچىئۇزۇم ............ 243
قاپاق ............ 244
قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى ............ 245
قارا پارپا ............ 246
قارا خەربەق ............ 247
قارا ھېلىلە ............ 248
قار لەيلىسى ............ 249
قارىكۆز بەدىيان ............ 250
قارىمۇچ ............ 251
قارىئۆرۈك ............ 252
قاشتېشى ............ 253
قاقىلە ............ 254
قانتېپەر ............ 255
قەردىمانە ............ 256
قەسىبۇزەرىرە ............ 257
قەشقەر ئۈپىسى ............ 258
قەلەمپۇر ............ 259
قەمبىل ............ 260
قەنتەرىيۇن ............ 261
قوغۇن ............ 262
قوغۇن ئۇرۇقى ............ 263
قومۇش چۆپى ............ 264
قومۇش يىلتىزى ............ 265
قوۋزاقدارچىن ............ 266
قۇرتئوت ............ 267
قۇشقاچ مېڭىسى ............ 268
قۇلۇلە قېپى ............ 269
قۇندۇز قەھرى ............ 270
قىرغاۋۇل ............ 271
قىزىلبۇغداش ............ 272
قىزىلچا ............ 273
قىزىل چۆپچىن ............ 274
قىزىل سەندەل ............ 275
قىزىل سىر ............ 276
قىزىل قىچا ............ 277
قىزىلگۈل ............ 278
قىزىل ئۈزۈم ............ 279
قىل يوپۇرماقلىق ئەمەن ............ 280
كاتىھىندى ............ 281
كاسنە كۆكى ............ 282
كاسنە ئۇرۇقى ............ 283
كاسنە يىلتىزى ............ 284
كافۇر ............ 285
كاكىنەچ ............ 286
كالا ئۆتى ............ 287
كالىيزىرە ............ 288
كاۋا ............ 289
كاۋا ئۇرۇقى ............ 290
كاۋاۋچىن ............ 291
كەپە يىلتىزى ............ 292
كەپەرەس ............ 293
كەترا ............ 294
كەتراچىنى ............ 295
كەرەپشە چۆپى ............ 296
كەرەپشە ئۇرۇقى ............ 297
كەرەپشە يىلتىزى ............ 298
كەركىدان مۈڭگۈزى ............ 299
كەكرە چۆپى ............ 300
كەكرە ئۇرۇقى ............ 301
كەندىر چۆپى ............ 302
كەندىر ئۇرۇقى ............ 303

كەھرىۋا ........ 304
كۇچۇلا ........ 305
كۇندۇر ........ 306
كۇندۇش ........ 307
كۆپۈكى دەريا ........ 308
كۆك ئامۇت ........ 309
كۆك ئەمەن ........ 310
كۆكتاش ........ 311
كۆك ماش ........ 312
كۆكنار پوستى ........ 313
كۆكنار غوزىسى ........ 314
كۆكنار ئۇرۇقى ........ 315
كۆممىقوناق ساقىلى ........ 316
كۇدە ........ 317
كۇدە ئۇرۇقى ........ 318
كۇمۇش ۋاراق ........ 319
كۇنجۇت ........ 320
كىشمىش ........ 321
كېلەر ........ 322
كېۋەز چۆپى ........ 323
كېۋەز چىچىكى ........ 324
گاۋزىبان ........ 325
گۇگگۇرت ........ 326
گۈلى گاۋزىبان ........ 327
گۈلىيەسمەن ........ 328
گىلاس ........ 329
گىل مەختۇم ........ 330
لاجۇۋەرد ........ 331
لاچىندانە چىنى ........ 332
لەيلىگۈل ........ 333
لەئل ........ 334
لوپنۇر كەندىرى ........ 335
لوك ........ 336
لىمون ........ 337
مارجان ........ 338
ماگنىت تېشى ........ 339
مالكەنگىنى ........ 340
مامكاپ ........ 341
مامىرانچىنى ........ 342
ماھى زەھەرەج ........ 343
مەدەستان ........ 344
مەرزەنجۇش ........ 345
مەرۋايىت ........ 346
مەستىكى رۇمى ........ 347
مۇرمەككى ........ 348
موزا ........ 349
مۇقەل ........ 350
نارجىل ........ 351
نارمىشكى ........ 352
نەغەزگۈل ........ 353
نەمەكى لاھورى ........ 354
نوقۇت ........ 355
نۆشۇدۇر ........ 356
نىلۇپەر ........ 357
نىشاستە ........ 358
ھەببەتۇلخۇزرا ........ 359
ھەببۇلئاس ........ 360
ھەببۇلغار ........ 361
ھەببۇلمۇلۇك ........ 362
ھەببى بىلسان ........ 363
ھەببى زەلەم ........ 364
ھەجرۇليەھۇد ........ 365
ھەرە كۆنىكى ........ 366
ھەسەل ........ 367

ھەشقىپىچەك چۆپى ........ 368
ھەشقىپىچەك ئۇرۇقى ........ 369
ھەلىيون ئۇرۇقى ........ 370
ھەمىشباھار ئۇرۇقى ........ 371
ھۇمماز ئۇرۇقى ........ 372
ھىقىق ........ 373
ھىڭ ........ 374
ئوردان ........ 375
ئوسما يىلتىزى ........ 376
ئوسۇڭ چۆپى ........ 377
ئوشەق ........ 378
ئوغرىتىكەن ........ 379
ئۇچقۇن پاقا ........ 380
ئۇد بىلسان ........ 381
ئۇد سەلىب ........ 382
ئۇد ھىندى ........ 383
ئۆرۈك ........ 384
ئۆشنە ........ 385
ئۇجمە ........ 386
ئۇستۇقۇددۇس ........ 387
ئۇستۇقۇدرىيون ........ 388
ئېشەك سۈتى ........ 389
ئېشەكيىلىمى ........ 390
ئىگىر ........ 391
ئىپار ........ 392
ئىتئۈزۈمى ........ 393
ئىتياڭىقى گۈلى ........ 394
ئىتياڭىقى ئۇرۇقى ........ 395
ئىزخىر مەككى ........ 396
ئىسپىغول ........ 397
ئىكلىلمىلىك ........ 398
ئىنەكپىتى چۆپى ........ 399
ئىنەكپىتى ئۇرۇقى ........ 400
ياقۇت ........ 401
ياڭاق مېغىزى ........ 402
يالپۇز ........ 403
يالپۇز جەۋھىرى ........ 404
يانتاق ........ 405
ياۋا كەشمىر ........ 406
يەرلىك توغرىغۇ ........ 407
يەر ياڭىقى ........ 408
يۇلغۇن مېۋىسى ........ 409
يۇمغاقسۈت كۆكى ........ 410
يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى ........ 411
يۆگىمەچئوت ........ 412
يىلان قاسىرىقى ........ 413

# ئۇيغۇر تېبابىتى دورىگەرلىكى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

ئۇيغۇر تېبابىتى دورىگەرلىكى — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى، تۈرلۈك ئاغرىق - سىلاقلىرىغا قارىتا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى جەريانىدا ھاسىل قىلغان تەجرىبىلىرىنىڭ ئىلمىي يەكۈنى. ئەجدادلىرىمىز دورىلارنىڭ شىپالىق رولى، زىيانلىق تەسىرى، زەھەرلىك ياكى زەھەرسىز ئىكەنلىكىنى كۆرۈش، پۇراش، تېتىش، سۇغا چىلاش، ئوتتا كۆيدۈرۈش قاتارلىق تەكشۈرۈش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق بىلگەن. ھايۋانات ۋە ئۆزلىرىگە ئىشلىتىش ئارقىلىق دورىلارنىڭ تەبىئىتى، شىپالىق رولى، ئىشلىتىلىشى، ئىشلىتىش ئۇسۇللىرى، ئىشلىتىش مىقدارى، زىيانلىق تەسىرى، تۈزەتكۈچىسى، ئورۇنباسارى قاتارلىق مول دورىگەرلىك بىلىملىرىنى ھەم بىر يۈرۈش داۋالاش تەجرىبىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. دورىلارنى ئىشلىتىش جەريانىدا ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك نەزەرىيەسى ۋە دورىلارنى ئەمەلىي ئىشلىتىش بىلىملىرىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تېبابەتچىلىكىمىزنىڭ ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىشىغا ئاساس سالدى.

## 1. خام دورىلارنىڭ كېلىش مەنبەسى

خام دورىلار ئۆسۈملۈك، ھايۋانات ۋە مەدەندىن ئىبارەت ئۈچ مەنبەدىن كېلىدۇ.

### 1. ئۆسۈملۈك تۈردىكى دورىلار

ئۇيغۇر تېبابىتىدە ئۆسۈملۈك دورىلارنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ پۈتۈن چۆپى، غولى، قوۋزىقى، يوپۇرمىقى، شاخلىرى، يىلتىزى، يىلتىز پوستى، گۈل چېچىكى، مېۋىسى، ئۇرۇقى، ئۆسۈملۈك مايلىرى، مېۋە پوستى، يېلىمى، سۈتى، سىقىپ ئېلىنغان ئۇسارىسى، قايناتىپ ئېلىنغان رۇببىسى قاتارلىق قىسىملىرى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: قىزىلگۈل، زەپەر، سەرپىستان، كاسنە ئۇرۇقى، كاسنە يىلتىزى، سەندەل،

ئەپيۇن، ئەنجۇر سۈتى، رۇبىبسۇس، بادام يېغى، سازەج، دارچىن، بادرەنجبۇيا قاتارلىقلار. بۇ خىل ئۆسۈملۈك دورىلار خەلق ئارىسىدا «ئوت - چۆپ دورىلار» ياكى «گىياھ دورىلار» دەپ ئاتىلىدۇ.

2. ھايۋانات تۈرىدىكى دورىلار

ھايۋانات تۈرىدىكى دورىلارنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ، ھايۋانلارنىڭ ھەر خىل ئەزالىرى، ئاجراتمىلىرى ھەتتا پۈتكۈل تېنى دورىلىققا ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: ئىپار، ئەنبەر، چايان، يىلان، پەنىرمايە، ئۆلار گۆشى، تۆگە گۆشى، تۆگە سۈتى، بۇقا چۇيىسى، توخۇ تاشلىقى، قۇشقاچ چاڭگىسى، بۇغا مۈڭگۈزى، رىگماھى، سەقەنقۇر، قوي جىگىرى، بۆرە ئۆتى، پىلە غوزىكى، ئېشەك سۈتى، كالا سۈتى، ئۆچكە سۈتى، قوي سۈتى، جەرەن مۈڭگۈزى، ئۆچقۇن پاقا، يىلان تۇخۇمى، توخۇ تۇخۇمى، بىخ مارجان، قۇلۇلە قېپى، سەدەپ، مەرۋايىت، كىرپە قاتارلىقلار.

3. مەدەن تۈرىدىكى دورىلار

ئۇيغۇر تېبابىتىدە مەدەن مەنبەلىك دورىلارنىڭمۇ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئاساسەن دورىلىققا تەبىئىي كان بايلىقلىرى، تەبىئىي تۇپراق تەركىبلىك ماددىلار ۋە بىر قىسىم ئېلېمېنت رۇدىلىرى لايىقلاشتۇرۇپ ياكى كۆشتە قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: ئالتۇن، كۈمۈش، قوغۇشۇن، كۆكتاش، سەنگى جاراھەت، گىل (سېغىز)، زەرنىخ، سەنكىيا قاتارلىقلار.

## 2. خام دورىلارنى يىغىۋېلىش ۋە ساقلاش ئۇسۇللىرى

خام دورىلارنىڭ چىقىش مەنبەسى ھەر خىل، ھەربىر خىل مەنبەدىكى دورىلارنىڭ تۈرىمۇ كۆپ، چىقىش ئورنىمۇ ئوخشىمايدىغان بولغاچقا، يىغىۋېلىش ۋە ساقلاش ئۇسۇلىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ھەر خىل مەنبەدىن چىقىدىغان دورىلارنى ئۆز ۋاقتىدا، ئۆز پەسلىدە يىغىۋېلىش دورىلارنىڭ ئۈنۈمگە كاپالەتلىك قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

1. يوپۇرماق، گۈل - چېچەك تۈرىدىكى دورىلارنى يىغىۋېلىش، ۋە ساقلاش ئۇسۇللىرى

يوپۇرماق، گۈل - چېچەك تۈرىدىكى دورىلار ئۆزىنىڭ مەخسۇس ئۆسۈپ يېتىلىش ئورۇنلىرىدا ئوبدان يېتىلگەندىن كېيىن، يوپۇرماق، گۈل - چېچەكلىرى پىشىپ ئۆزلۈكىدىن

چۈشۈپ كېتىشتىن، شەكلى، پۇرىقى، رەڭگى، تەمى ئۆزگىرىشتىن ئىلگىرى ھوشيارلىق بىلەن يىغىۋېلىپ، ھەر خىل ئارىلاشما يات ماددىلارنى تازىلاپ، يۇيۇپ تەييارلىنىدۇ.

سايىدا، ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان پاكىز ئورۇندا چاڭ - توپىلاردىن ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ ئارىلىشىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش بەكمۇ زۆرۈر.

بەزى يوپۇرماق، گۈل ۋە چېچەكلەر باركى، ئۇنىڭ قۇۋۋىتىگە ئاپتاپ زەرەر قىلمايدۇ. بۇ خىلدىكى دورىلارنى ئاپتاپتا قويۇپ قۇرۇتسىمۇ بولىدۇ، يەنە بىر قىسمى ئاجىز ئاپتاپتا ياكى سايىدا قۇرۇتۇلىدۇ.

يوپۇرماق، گۈل - چېچەك تۈرىدىكى دورىلارنى ساقلاشتا، دورىلار ئوبدان قۇرۇغاندىن كېيىن، نەملىك ۋە ھۆللۈكتىن خالىي جايدا پاختا رەختتىن تەييارلانغان تاغار ياكى قاپلاردا ساقلاش كېرەك. ئۆتكۈر كۈن نۇرى چۈشىدىغان جايدا ساقلىماسلىق، رەڭگى، پۇرىقى ئۆزگىرىپ كېتىشتىن ئېھتىيات قىلىش كېرەك.

## 2. ئۇرۇق تۈرىدىكى دورىلارنى يىغىۋېلىش ۋە ساقلاش ئۇسۇللىرى

ئۇرۇق تۈرىدىكى دورىلارنى ئۆسۈملۈكى ئوبدان پىشىپ، دېنى قاتقاندىن كېيىن يىغىۋېلىپ، پۈتۈن چۈپىنى ئورىۋېلىپ سايىدا قۇرۇتۇلىدۇ، نەملىك، ھۆللۈك ئورۇندا قويۇشقا بولمايدۇ. دېنى چوڭ، سېمىز، ياغلىق ۋە ئېغىر بولغىنى ياخشىسى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇرۇق دورىلارنىڭ بىر قىسمى ئاپتاپتا قۇرۇتۇلىدۇ، بىر قىسمى ئاجىز ئاپتاپتا ياكى سايىدا قۇرۇتۇلىدۇ. چۈنكى بەزى ئۇرۇق دورىلارنىڭ دېنى (مېغىزى) ئۆتكۈر كۈن نۇرىدا كۆيۈپ پارلىنىپ، قورۇلۇپ پۇچەك بولۇپ قالىدۇ، شۇڭا ھاۋا ئۆتۈشىدىغان ئاجىز كۈن نۇرىدا قۇرۇتۇلىدۇ.

ئۇرۇق دورىلار ئوبدان قۇرۇغاندىن كېيىن ئىلغاپ، تاسقاپ، ئارىلاشمىلىرىنى ئايرىپ پاكىزلاپ، بوز خالتا ياكى چېپتە تاغارلاردا ساقلىنىدۇ، ھۆللۈك، نەملىك، چاڭ - توزاندىن ساقلاپ، ۋاقتى - ۋاقتىدا ئېشىك - دېرىزىلەرنى ئېچىپ ھاۋا ئالماشتۇرۇپ، زىيانداش ھاشارات، چاشقاندىن ساقلىنىش كېرەك.

## 3. شاخ - قوۋزاق تۈرىدىكى دورىلارنى يىغىۋېلىش ۋە ساقلاش ئۇسۇللىرى

شاخ - قوۋزاق تۈرىدىكى دورىلار ئۆسۈملۈكى ئوبدان يېتىلگەندىن كېيىن، بولۇپمۇ كۈزدە يوپۇرمىقى سارغىيىپ، شاخ ۋە قوۋزىقى تولۇق پىشقاندىن كېيىن يىغىۋېلىنىدۇ. ئوبدان يېتىلگەن نوتىلارنى كېسىپ، نېپىز توغراپ، سالقىن ئاپتاپتا قۇرۇتۇلىدۇ. قوۋزاقلارنى پارچىلاپ توغراپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇلىدۇ.

ئوبدان قۇرۇغان شاخ ۋە قوۋزاق دورىلارنى بىر يەرگە يىغىپ، ئارىلاشما نەرسىلەرنى

ئىلغىۋېتىپ، ئەلگەكتە تاسقاپ، چېپىتا تاغار ياكى قاچىلارغا قاچىلاپ، نەملىك ۋە ھۆللۈكتىن خالىي ئورۇندا ساقلىنىدۇ. ساقلاش جەريانىدا پات ـ پات ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى ئېچىپ ھاۋا ئالماشتۇرۇپ، قۇرت ياكى مىتە چۈشۈشىنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ.

### 4. يىلتىز تۈردىكى دورىلارنى يىغىۋېلىش ۋە ساقلاش ئۇسۇللىرى

يىلتىز تۈردىكى دورىلار مېۋىسى ئۈبدان پىشقاندا ياكى كۈزدە يەر ئاستى قىسمىدىن كولاپ ئېلىپ يىغىۋېلىنىدۇ. بەزى يىلتىز دورىلارنىڭ يىلتىز پوستى دورىلىققا ئىشلىتىلىدىغان بولغاچقا (بەدىيان يىلتىزى پوستى، پوستى بىخ كەبىر، ئانار يىلتىزى پوستى)، يىلتىزنى كولاپ ئېلىپ، ھۆل ۋاقتىدا يىلتىز پوستىنى سويىۋېلىپ، چاڭ ـ توپىلاردىن خالىي جايدا كۆلەڭگىدە قۇرۇتۇلىدۇ.

يىغىۋېلىنغان يىلتىز دورىلارنى پاكىز يۇيۇپ، سەل قۇرۇتۇپ (قۇرۇتۇشتا ئاپتاپتا قۇرۇتۇلمايدۇ، شامالداتسا بولىدۇ)، نېپىز ياپىلاقلاپ (ئۇزۇنلۇقى 1 ~3 سانتىمېتىر ئەتراپىدا)، بورا ياكى خام خەسە ئۈستىدە ئاپتاپتا پات ـ پات ئۆرۈپ تۇرۇپ، ئاستى ـ ئۈستى تەكشى قۇرۇتۇلىدۇ.

ئوبدان قۇرۇغان، يىلتىز دورىلارنى ئىلغاپ پاكىزلاپ، تاسقاپ، چېپىتا تاغارلارغا قاچىلاپ ھاۋالىق جايدا ساقلىنىدۇ. پات ـ پات ھاۋا ئالماشتۇرۇپ، ئۆتكۈر كۈن نۇرىدىن ساقلاپ، قۇرت چۈشۈش ۋە باشقا كېرەكسىز نەرسىلەرنىڭ ئارىلىشىپ قېلىشىدىن ساقلىنىلىدۇ.

### 5. مېۋە تۈردىكى دورىلارنى يىغىۋېلىش ۋە ساقلاش ئۇسۇللىرى

مېۋە تۈردىكى دورىلار مېۋىسى ئوبدان پىشقاندىن كېيىن، تۆكۈلۈپ بولۇشتىن ئىلگىرى دەرەخ ئۈستىدىن يىغىۋېلىنىدۇ. خام، چالا پىشقانىنى يىغىۋېلىپ ئىشلىتىشكە توغرا كەلگەندە، پىشىشتىن ئىلگىرى يىغىۋېلىنىدۇ (غورا، غوراپ ئۈزۈم).

يىغىۋالغاندىن كېيىن، پوستى بىلەن پۈتۈن قۇرۇتىدىغانلىرىنى ئۆز پېتى، پوستىنى ئىشلەتمەيدىغانلىرىنىڭ پوستىنى ئايرىپ، بورا ياكى خام خەسە ئۈستىگە يېيىپ تەكشى قۇرۇتۇلىدۇ. قۇرۇتۇشتا يامغۇر، بوراندىن ۋە چاڭ ـ توزاندىن ساقلىنىلىدۇ.

ئۈزۈم، قوغۇن، تاۋۇزغا ئوخشاش مېۋىلەر ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان ئۆيدە ئېسىپ ساقلىنىدۇ. قارىئۆرۈك، ئەينۇلا ۋە چىلانغا ئوخشاش مېۋىلەر ياخشى قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان ئورۇندا ساقلىنىلىدۇ.

ئالما، نەشپۈت، ئاپېلسىنغا ئوخشاش مېۋىلەرنى دەرەختىن ئۈزۈپ، پاكىز سۈرتۈپ (يۇيۇلمايدۇ)، قەغەزدە ئوراپ، يەشىككە قاچىلاپ، ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان جايدا بەك ئىسسىق، بەك سوغۇق ھاۋادىن ئېھتىيات قىلىپ ساقلىنىلىدۇ.

### 6. رۇب ۋە ئۇسارە دورىلارنى يىغىۋېلىش، ساقلاش ئۇسۇللىرى

رۇب ۋە ئۇسارە دورىلارنى يىغىۋېلىشتا رۇب ئېلىشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان ئۈسۈملۈك دورىلارنىڭ دورىلىق قىسمىنى يىغىۋېلىپ، ھۆل پېتى يۇيۇپ تازىلاپ، قۇرۇتۇپ، قازانغا سېلىپ بەلگىلىك مىقداردا سۇ قۇيۇپ، سۇس ئوتتا قاينىتىپ، دورا تەمىنى سۇغا چىقىرىپ، پىسەپلىرىنى سۈزۈۋېتىپ، سۇ قىسمىنى يەنە قاينىتىپ، قويۇلدۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

رۇب ۋە ئۇسارە دورىلارنى تېگى كەڭ تەخسىگە ئوخشاش بويۇملارغا يېيىلدۇرۇپ، بويۇم ئۈستىنى ئەينەك بىلەن يېپىپ كۈن نۇرىدا قويۇپ، سۇ ياكى نەملىكى تولۇق پارلانغۇچە قۇرۇتۇلىدۇ.

رۇب ۋە ئۇسارە دورىلار قەلەيدىن ياسالغان قاچىلار ياكى شىشە قاچىلاردا ساقلىنىدۇ.

### 7. يىلىم دورىلارنى يىغىۋېلىش ۋە ساقلاش ئۇسۇللىرى

يىلىم دورىلار دەرەخ تېنىنى باش يازدا تىلىپ قويۇپ، 7 ـ، 8 ـ ئايدا يىلىمى ئېقىپ چىقىپ قاتقاندا يىغىۋېلىنىدۇ.

يىلىم دورىلار كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان، ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان، نەملىك، ھۆللۈكتىن خالىي جايدا قۇرۇتۇلىدۇ.

يىلىم دورىلار پاكىز خام خالتىلارغا ئېلىپ ئېسىپ ساقلىنىلىدۇ ياكى ئەينەك، قەلەي قاچىلاردا ساقلىنىلىدۇ.

### 8. ھايۋانات تۈرىدىكى دورىلارنى يىغىۋېلىش ۋە ساقلاش ئۇسۇللىرى

ھايۋانات تۈرىدىكى دورىلار دورىلىق ئەزالىرى ئوبدان يېتىلگەندە تۇتۇپ، ئۆلتۈرۈپ يىغىۋېلىنىدۇ، بەزىلىرى دورىلىق ئەزاسى يېتىلىپ چۈشۈپ كېتىش ئالدىدا كېسىپ ئېلىنىدۇ، بەزىلىرى چۈشۈپ كەتكەندە يىغىۋېلىنىدۇ.

ھايۋانات دورىلارنىڭ بەزىلىرى كۈن نۇرىدا قۇرۇتۇلىدۇ، بەزىلىرى لايىقلاشتۇرۇشنىڭ تەلىپى بويىچە قورۇپ، داغلاپ، دورىغا چىلاپ قۇرۇتۇلىدۇ.

ھايۋانات دورىلار نازۇك، ئۇچۇچان، خۇش پۇراق ئەينەك قاچىلاردا ئىپار، ئەنبەر، قۇندۇز قەھرى، مەرۋايىت قاتارلىق قىممەتلىك دورىلار ئېغىزى مەھكەم ئېتىلىدىغان شىشە قاچىلاردا، كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان ئورۇندا ساقلىنىدۇ.

### 9. مەدەن تۈرىدىكى دورىلارنى يىغىۋېلىش ۋە ساقلاش ئۇسۇللىرى

مەدەن تۈرىدىكى دورىلار مەخسۇس كانلاردىن كۈز پەسلىدە يىغىۋېلىنىپ، يۇيۇپ، قۇرۇتۇپ، ئەينەك قاچىلاردا ساقلىنىدۇ.

# 3. خام دورىلار ئۆنۈمىنىڭ ساقلىنىش مۇددىتى

ئۇيغۇر تېبابىتى خام دورىلىرى كېلىش مەنبەسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئۆنۈمىنىڭ ساقلىنىش مۇددىتىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

### 1. يوپۇرماق، گۈل - چېچەك تۈرىدىكى دورىلار ئۆنۈمىنىڭ ساقلىنىش مۇددىتى

يوپۇرماق ۋە گۈل - چېچەك تۈرىدىكى دورىلارنى ساقلىغاندا ئۆنۈمى ئۈچ ئايدىن بىر يىلغىچە ساقلىنىدۇ. رەڭگى، پۇرىقى، قۇۋۋىتى ۋە تەسىرى ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ.

### 2. مېۋە تۈرىدىكى دورىلار ئۆنۈمىنىڭ ساقلىنىش مۇددىتى

مېۋە تۈرىدىكى دورىلار تەركىبىدىكى ھۆللۈكىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە، تەبىئىتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە قاراپ ئۆنۈمى ئۈچ ئايدىن بىر يىلغىچە ساقلىنىدۇ.

### 3. مېغىز تۈرىدىكى دورىلار ئۆنۈمىنىڭ ساقلىنىش مۇددىتى

مېغىز دورىلار سۈپىتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە، مېيىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ ئۆنۈمى ئالتە ئايدىن بىر يىلغىچە ساقلىنىدۇ.

### 4. ئۇرۇق تۈرىدىكى دورىلار ئۆنۈمىنىڭ ساقلىنىش مۇددىتى

ئۇرۇق دورىلارنىڭ ئۆنۈمى بىر يىلدىن ئىككى يىلغىچە ساقلىنىدۇ، تەركىبىدە ماي ئاز بولغىنى ئۇزۇنراق تۇرىدۇ.

### 5. ياغ تۈرىدىكى دورىلار ئۆنۈمىنىڭ ساقلىنىش مۇددىتى

ئۆسۈملۈك ياغلىرىنىڭ ئۆنۈمى 2 ~3 يىلغىچە ساقلىنىدۇ. ھايۋان ياغلىرىنىڭ ئۆنۈمى ئۈچ ھەپتىدىن ئالتە ئايغىچە ساقلىنىدۇ.

### 6. يوستلۇق ۋە قوۋزاق دورىلار ئۆنۈمىنىڭ ساقلىنىش مۇددىتى

قوۋزاق ۋە پوستلۇق دورىلار سۈپىتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە قاراپ ئۆنۈمى 1 ~3 يىلغىچە ساقلىنىدۇ.

7. غول دورىلار ئۈنۈمىنىڭ ساقلىنىش مۇددىتى

غول دورىلارنىڭ ئۈنۈمى 5 ~10 يىلغىچە ساقلىنىدۇ.

پۈتۈن چۆپى دورا بولىدىغان دورىلارنىڭ ئۈنۈمى ئالتە ئايدىن بىر يىلغىچە ساقلىنىدۇ.

8. يىلتىز دورىلار ئۈنۈمىنىڭ ساقلىنىش مۇددىتى

بۇ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يىلتىزى ۋە يىلتىزسىمان غولىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ خىل دورىلار ساقلاش قائىدىسى بويىچە ساقلانغاندا ئۈنۈمى 1 ~3 يىلغىچە ساقلىنىدۇ.

9. يىلىم دورىلار ئۈنۈمىنىڭ ساقلىنىش مۇددىتى

بۇ، ئۆسۈملۈك يېلىمىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل دورىلارنىڭ ئۈنۈمى بىر يىلدىن بىر يېرىم يىلغىچە ساقلىنىدۇ.

10. ئۇساره ۋە رۇب دورىلار ئۈنۈمىنىڭ ساقلىنىش مۇددىتى

بۇ خىل دورىلارنىڭ ئۈنۈمى 1 ~2 يىلغىچە ساقلىنىدۇ.

11. ھايۋانات تۈرىدىكى دورىلار ئۈنۈمىنىڭ ساقلىنىش مۇددىتى

ھايۋانات تۈرىدىكى دورىلارنى يىغىۋېلىش، قۇرۇتۇش، ساقلاش ئۇسۇلى ناھايىتى ياخشى بولغان شارائىتتا، ئۇلارنىڭ دورىلىققا ئىشلىتىدىغان قىسمىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ ئۈنۈمىنىڭ ساقلىنىش مۇددىتىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، مەسىلەن: ئىپار، ئەنبەر، قۇندۇز قەھرىگە ئوخشاش دورىلارنىڭ ئۈنۈمى 10 ~ 20 يىلغىچە ساقلىنىدۇ. پەنىرمايىگە ئوخشاش دورىلارنىڭ ئۈنۈمى بىر يىلدىن ئىككى يىلغىچە ساقلىنىدۇ. مۆڭگۈز، تۇياق دورىلارنىڭ ئۈنۈمى ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە ساقلىنىدۇ.

12. مەدەن تۈرىدىكى دورىلار ئۈنۈمىنىڭ ساقلىنىش مۇددىتى

مەدەن دورىلار ئۈنۈمىنىڭ ساقلىنىش مۇددىتى بىر نەچچە ئون يىلدىن بىر نەچچە يۈز يىلغىچە بولىدۇ.

## 4. خام دورىلارنىڭ تەبىئىتىنى بەلگىلەش

ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق مۇددەتلىك تۇرمۇش ئەمەلىيىتى داۋامىدا، دورا ئىشلىتىش ئۈستىدە تەكرار سىناقلارنى ئېلىپ بارغان، كۆزىتىش ئارقىلىق خام دورىلارنىڭ بەدەندە پەيدا قىلغان

ھەر خىل ئۆزگىرىشلىرىگە قاراپ خام دورىلارنىڭ تەبىئىتى ۋە خۇسۇسىيىتىنى ئېنىقلاپ چىققان. خام دورىلارنىڭ تەبىئىتىنى بەلگىلەش ئۈچۈن ئۆزلىرى ئىستېمال قىلىپ كۆرۈپ، دەسلەپتە ئىسسىق، سوغۇقتىن ئىبارەت يەككە تەبىئەتكە ئايرىپ، دەسلەپكى نەزىرىيەنى ئوتتۇرىغا قويغان. تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى، دورا ئىشلىتىش ئېھتىياجىنىڭ ئېشىپ بېرىشىغا ئاساسەن بەزى دورىلارنىڭ ئارىلاشما مۇرەككەپ تەسىرلەرنى بېرىدىغانلىقى، شۇ تەسىر ئاساسىدا بەزى مۇرەككەپ كېسەللىكلەرگە بولغان ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرى بولىدىغانلىقىنى بايقاپ، ئۇ دورىلارنى تەكرار ـ تەكرار سىناق قىلىش ئارقىلىق قۇرۇق ئىسسىق، ھۆل ئىسسىق، ھۆل سوغۇق، قۇرۇق سوغۇق قاتارلىق تەبىئەتلەرگە ئايرىغىلى بولىدىغانلىقىنى مۇقىملاشتۇرغان. بەزى دورىلارنىڭ رەڭگى، پۇرىقى، تەمى، شۇنداقلا ئېچىلغان گۈلى قاتارلىقلارغا قاراپ تەبىئىتىنى مۇقىملاشتۇرغان.

1. مەلۇم بىر دورىنى ئىستېمال قىلغاندىن كېيىن بەدەننى قىزىتىپ، قاننى جانلاندۇرۇپ، تومۇر ھەرىكىتىنى تېزلەتكەن بولسا، بۇ ئىسسىق تەبىئەتلىك دورا؛ ئەكسىچە قىزىتما قايتۇرۇپ، تومۇر ھەرىكىتىنى ئاستىلىتىپ، سۇيۇقلۇق مىقدارىنى ئاشۇرسا سوغۇق تەبىئەتلىك دورا.

2. مەلۇم بىر خىل دورىنى ئىستېمال قىلغاندىن كېيىن بەدەننى قىزىتىپ، ئېغىزنى قۇرۇتۇپ، تومۇر ھەرىكىتىنى تېزلىتىپ، قان ئېقىمىنى تېزلەتسە، سۇيۇقلۇق رەڭگىنى سارغۇچ رەڭگە كىرگۈزسە ھەمدە سەپرا خىلتىنىڭ ئالامىتىنى پەيدا قىلسا، قۇرۇق ئىسسىق تەبىئەتلىك دورا.

3. مەلۇم بىر خىل دورىنى ئىستېمال قىلغاندىن كېيىن بەدەننى نورمال قىزىتىپ، ئەسنەش، كېرىلىش پەيدا قىلسا، سۇيۇقلۇق رەڭگىنى قىزغۇچ رەڭگە كىرگۈزسە ھەمدە قان خىلتىنىڭ ئالامىتىنى پەيدا قىلسا، بۇ ھۆل ئىسسىق تەبىئەتلىك دورا.

4. دورىنى ئىستېمال قىلغاندىن كېيىن بەدەننى سوۋۇتۇپ ۋە ئېغىرلاشتۇرۇپ، ھېس ـ تۇيغۇنى سۇسلاشتۇرۇپ ۋە تۇتۇقلاشتۇرۇپ، سۇيۇقلۇق مىقدارىنى كۆپەيتىپ، سۇيۇقلۇق رەڭگىنى ئاق رەڭگە كىرگۈزسە ھەمدە بەلغەم خىلتىنىڭ ئالامىتىنى پەيدا قىلسا، بۇ ھۆل سوغۇق تەبىئەتلىك دورا.

5. دورىنى ئىستېمال قىلغاندىن كېيىن، بەدەننى سوۋۇتسىمۇ، لېكىن ئېغىزنى قۇرۇتۇپ، ئاشقازاننىڭ كىرىش قىسمىدا سانجىلغاندەك سېزىم پەيدا قىلسا ھەمدە سەۋدا خىلتىنىڭ ئالامىتىنى پەيدا قىلسا، بۇ قۇرۇق سوغۇق تەبىئەتلىك دورا.

ئەجدادلىرىمىز دورىلارنى تەبىئەتكە ئايرىشتىن سىرت يەنە ھەر بىر دورىنىڭ تەبىئىتىنىڭ دەرىجىسىنىمۇ بېكىتكەن.

ئۇيغۇر تېبابىتىدە، بىرىنچى دەرىجىلىك ۋە ئىككىنچى دەرىجىلىك تەبىئەتتىكى دورىلار ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدۇ، ئۈچىنچى دەرىجىلىك تەبىئەتتىكى دورىلار ئاز ئىشلىتىلىدۇ ياكى ئېھتىيات

بىلەن ئىشلىتىلىدۇ. ئوتتۇرىچى دەرىجىلىك تەبىئەتتىكى دورىلار زەھەرلىك دەپ قارىلىپ، لايىقلاشتۇرۇش ئۆلچىمىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ناھايىتى ئاز مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ.

## 5. خام دورىلارنىڭ خۇسۇسىيەتكە ئايرىلىشى

دورىلارنىڭ بەدەندە كۆرسەتكەن تەسىرلىرى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، دورىنىڭ خۇسۇسىيىتى دېيىلىدۇ. ئەجدادلىرىمىز خام دورىلارنى ئۆزلىرى ئىستېمال قىلىش ياكى ھايۋانلارغا سىناق قىلىش ئارقىلىق دورىلارنىڭ ئورگانىزمدا پەيدا قىلغان ھەر خىل ئۆزگىرىشلىرىنى يەكۈنلەپ، دورىلارنى بىر قانچە خۇسۇسىيەتكە ئايرىغان.

## 6. خام دورىلارغا ئورۇنباسار دورا ۋە تۈزىتكۈچى دورا ئىشلىتىش توغرىسىدا

1. ئورۇنباسار دورا ئىشلىتىش

ئورۇنباسار دورا ئىشلىتىش ـــ دورا ئىشلىتىش ۋە ياسالمىلارنى تەييارلاش جەريانىدا مەلۇم بىر خىل دورا تېپىلمىغاندا ياكى داۋالاش ئېھتىياجىدىن چىقالمىغاندا تەبىئىتى، خۇسۇسىيىتى شۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان باشقا بىر دورىنى شۇ دورىنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر تېبابىتى دورىگەرلىكىدە ھەرقانداق بىر خام ياكى پىشىق دورىنىڭ ئورۇنباسار دورىسىنى تېپىشقا بولىدۇ. ھەتتا بىر دورىنىڭ بىرقانچە ئورۇنباسار دورىسىنى تېپىشقىمۇ بولىدۇ. لېكىن ئورۇنباسار بولىدىغان دورا چوقۇم تۆۋەندىكى شەرتلەرنىڭ بىرسىنى ھازىرلىغان بولۇشى لازىم.

1. ئورۇنباسار دورا چوقۇم ئەسلىدىكى دورا بىلەن مەنبە جەھەتتىن ئوخشاش بولۇشى، بىر ئائىلە ياكى بىر ئۇرۇقداش، بىر تۈرگە تەۋە بولۇشى كېرەك.

2. ئورۇنباسار دورا بىلەن ئەسلىدىكى دورىنىڭ تەبىئەت خۇسۇسىيىتى ئوخشاش بولۇشى كېرەك.

3. ئورۇنباسار دورا بىلەن ئەسلىي دورىنىڭ ئۈنۈملۈك تەركىبى ئوخشىشىپ كەتكەن دورىلارنى ئۆزئارا ئورۇنباسار قىلىپ تاللاشقا بولىدۇ.

4. ئورۇنباسار قىلىپ تاللايدىغان دورا ئاسان تېپىلىدىغان، باھاسى ئەرزان، ئۈنۈمى ئىشەنچلىك بولۇشى لازىم.

## 2. تۆزەتكۈچى دورا ئىشلىتىش

ئۇيغۇر تېبابىتىدە بىر دورىنىڭ مەلۇم قوشۇمچە تەسىرىگە نىسبەتەن شۇ تەسىرنى تۈزىتەلەيدىغان تۈزەتكۈچى دورا دېيىلىدۇ.

تۈزەتكۈچى دورا ئىشلىتىشتە تۆۋەندىكى پىرىنسىپلارنى ئاساس قىلىش كېرەك:

1. دورىنىڭ مەلۇم زىيانلىق تەسىرىنى يوقىتالايدىغان، تۆۋەنلىتەلەيدىغان ياكى ئالدىنى ئالىدىغان ئۈنۈملۈك ۋە ئىشەنچلىك دورىنى تاللاپ ئىشلىتىش لازىم.

2. تۈزەتكۈچى قىلىنىپ تاللىنىدىغان دورا شۇ دورىنىڭ ياكى رېتسېپنىڭ بارلىق قوشۇمچە تەسىرىنى تۈزىتىش بىلەن بىرگە ئەسلىي دورىنىڭ ياكى رېتسېپنىڭ تەسىرىگە قارشى تەسىردە بولماسلىقى، بەلكى تەسىرىنى كۈچەيتىش تەسىرىگە ئىگە بولۇشى لازىم.

3. تۈزەتكۈچى دورا تاللىغاندا ھەربىر قوشۇمچە تەسىرگە بىردىن تۈزەتكۈچى تاللاش توغرا ئەمەس، پۈتكۈل قوشۇمچە تەسىرنى تۈزىتەلەيدىغان بىرلا دورىنى تاللاش لازىم.

# ئاپتاپپەرەس

**باشقا نامى:** داۋۋارى شەمسى.

**تونۇش:** بۇ، مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى چوڭ، نەۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ؛ باشاقسىمان گۈل رېتىدە سېرىق چېچەكلەيدۇ، چېچەكلىگەن ساپىقىدا ئۇرۇقى بولىدۇ، ساپىقى دائىم قىيپاشقا باقىدۇ. ئاپتاپپەرەس ئۇرۇقى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** ئىششىق ياندۇرىدۇ، مېڭە ۋە جىگەرنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، ئاغرىق توختىتىدۇ، ئاشقازان، جىگەر ۋە باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىدۇ، سۈت كۆپەيتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ ئاپتاپپەرەس ئۇرۇقى 35 ~ 70 گىرام، ئاپتاپپەرەس يىلتىزى 15 ~ 30 گىرام، ئاپتاپپەرەس پورى 4 ~ 12 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** ئاپتاپپەرەسنىڭ گۈلى ھامىلىدار ئاياللارغا بېرىلمەيدۇ؛ ئۇرۇقى تالغا ۋە سوغۇق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ؛ يوپۇرمىقى سوغۇق مىزاج كىشىلەرگە زىيانلىق؛ يىلتىزىمۇ سوغۇق مىزاج كىشىلەرگە زىيانلىق.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئاپتەپپەرەس ئۇرۇقىنىڭ تۈزەتكۈچىسى ھەسەل، ناۋات؛ ئاپتاپپەرەس يىلتىزىنىڭ تۈزەتكۈچىسى ھەسەل، قارىمۇچ.

**بەدىلى:** ئاپتاپپەرەس گۈلىنىڭ بەدىلى زەپەر، زاراڭزا گۈلى؛ ئۇرۇقىنىڭ بەدىلى سەلىخە، زەپەر؛ يوپۇرمىقىنىڭ بەدىلى ئاپتاپپەرەس گۈلى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چىقىدىغان ياسالمىلار:** مەتبۇخ دورىلار.

# ئاپېلسىن پوستى

**باشقا نامى:** پوستى نارەنجى، پوستى تۇرۇنجى.

**تونۇش:** بۇ، سەپرا ئوتلار ئائىلىسىدىكى دائىم ياشىرىپ تۇرىدىغان كىچىك دەرەخ ئاپېلسىن بولۇپ، بۇ دەرەخنىڭ پىشقان مېۋىسى «نارەنجى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. تەمى چۈچۈمەل، خۇش پۇراق، يېرىم شار شەكىللىك كېلىدۇ. بۇ مېۋىنىڭ پوستى «ئاپېلسىن پوستى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ چاڭجياڭ، جېجياڭ، جياڭشى، خۇنەن، سىچۈەن قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** ئاساسلىقى خىلىتسىز قۇرۇق ئىسسىق كەيپىياتنى تەڭشەيدۇ، ھەزىم قىلىشنى ياخشىلايدۇ، ياللۇغ قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا كۆڭۈلنى خۇش قىلىدۇ، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئاشقازان خىزمىتىنى ياخشىلايدۇ، غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىدۇ، غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنى تەڭشەيدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 3 ~ 5 گىرام.

**زەرىرى:** جىگەرنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** قەنت، قارىمۇچ.

**بەدىلى:** لىمون پوستى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەتبۇخ دورىلار.

# ئاتقۇلاق چۆپى

باشقا نامى: بەرگى قۇ، بوستانى ھۇمماز.

تونۇش: بۇ، قامچىئوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئاتقۇلاق ئۇسۇملۈكى بولۇپ، ئېگىزلىكى بىر مېتىر كېلىدۇ، غولى تىك، ئىنچىكە بولىدۇ؛ تۈۋىدىن ئۆسكەن يوپۇرمىقىنىڭ سېپى ئۇزۇن، شەكلى تار، ئۇزۇن سوقىچاق، گىرۋەكلىرىدە دولقۇنسىمان پۈرمىلىرى بولىدۇ، غولىدىن ئۆسكەن يوپۇرماقلىرى ئىنچىكە، ئۇزۇن، سېپى قىسقا، يوپۇرماق غىلاپى كانايسىمان، پەردىلەشكەن بولىدۇ؛ گۈل رېتى چوڭ، گۈللىرى ئۇششاق بولۇپ، ئالتە تال ئاتىلىقى بولىدۇ، رەڭگى سۇس يېشىل، ئۇرۇق مېۋىسى سوقىچاق، توق خۇرما رەڭ، ئۈچ قىرلىق بولىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى دەريا، كۆل ۋە كۆلچەك بويلىرىدا ئۆسىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجە ھۆل سوغۇق.

خۇسۇسىيىتى: توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، قۇرۇق ئىسسىقنى قايتۇرىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ، قان توختىتىدۇ، ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: ئەھۋالغا قاراپ 12 ~ 20 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

زەرەرى: بالا ۋە بۆرەككە زىيانلىق.

تۈزەتكۈچىسى: شېكەر ۋە بەدىيان.

بەدىلى: پاقىيوپۇرمىقى.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: مەتبۇخ، زىمات دورىلار.

# ئاچچىق ئانار

باشقا نامى: رۇممانى ھامىز، ئانار تۇرۇش.

تونۇش: بۇ، ئانار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق ياغاچ غوللۇق چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ بولۇپ، يوپۇرمىقى ئۇزۇنچاق يۇمىلاق، گۈلى قىزىل، مېۋىسى قىزىل، پوستى ئىچىدىن قىزىل مارجاندەك دانچىلىرى چىقىدۇ، تەمى ئاچچىق كېلىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆسىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

خۇسۇسىيىتى: ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، ئىسسىقتىن بولغان جىگەر ھارارىتىنى پەسەيتىدۇ، خەفەقان ۋە كەيىپ قىلىشتىن بولغان مەستلىكنى يوقىتىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: ئەھۋالغا قاراپ سىقىلغان سۈيىدىن 1 ~ 5 ياشقىچە بولغانلارغا 5 ~ 10 گىرام، 5 ~ 10 ياشقىچە بولغانلارغا 10 ~ 15 گىرام، 10 ~ 15 ياشقىچە بولغانلارغا 15 ~ 20 گىرام، 15 ياشتىن يۇقىرى چوڭلارغا ئەھۋالغا قاراپ 25 ~ 30 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

زەرەرى: يۆتەلگە، قورساق ئاغرىقىغا بېرىلمەيدۇ، داۋاملىق يېسە بەدەننىڭ جىگەرنىڭ تارتىش قۇۋۋىتىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: زەنجىۋىل، جويۇز.

بەدىلى: ناخۇش ئانار.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: پوستىدىن ئايرىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ياساللىلار: شەربەت دورىلار.

# ئاچچىق بادام

**باشقا نامى:** بادام تەلخى، لەۋزىلمۇر.

**تونۇش:** بۇ، ئازغان ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان بادامغا ئوخشاش دەرەخ بولۇپ، يوپۇرمىقى نەشتەرسىمان، گۈلى ئاق. كۆپىنچە يايلاقلاردا ئۆسىدۇ: مېۋىسى سوقچاق، سىلىق، قۇرغاق بولۇپ، ئاسان يېرىلىدۇ؛ ئۇچكىسى سىلىق، چوڭقۇر ئويمانلىرى بولۇپ، مېغىزى ئاچچىق بولىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** ئىششىقلارنى ياندۇرىدۇ، چىرايغا جۇلا بېرىدۇ، بەدەن ۋە تېرىنى پارقىرىتىدۇ، قويۇق خىلىتلارنى تازىلايدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ ئۈچ گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** ئاچچىق بادام ئۈچەيگە زىيان قىلىدۇ (زەھەرلىك)؛ يېغى زەھەرسىز.

**تۈزەتكۈچىسى:** شېكەر، ناۋات، تاتلىق بادام.

**بەدىلى:** ئاچچىق بادامنىڭ بەدىلى ئاچچىق ئۆرۈك مېغىزى، شاپتۇل مېغىزى؛ يېغىنىڭ بەدىلى بىنەپشە يېغى، قاپاق يېغى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** پوستىدىن ئايرىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** سۇفۇپ دورىلار، قۇرس دورىلار.

# ئاچچىقتاۋۇز

**باشقا نامى:** شەھمەنزەل.

**تونۇش:** بۇ، كاۋا ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق يامىشىپ پىلەك تارتىپ ئۆسىدىغان، ئاچچىقتاۋۇزغا ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 5 ~ 10 مېتىر كېلىدۇ؛ تۇگۈنەك يىلتىزى توم، غولى كۆپ شاخلىنىدۇ، يۆگىمەچ يىپچىسى يوپۇرماق قولتۇقىدىن ئۆسىدۇ؛ يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، گۈل كاسىسى نەيسىمان، گۈل تاجىسى ئاق، ئۇچى بەشكە يېرىلغان، ھەربىر بۆلەكىنىڭ گىرۋەكلىرى يىپقا ئايلىنىپ كەتكەن بولىدۇ، مېۋىسى تۇخۇمسىمان دۇگىلەك كېلىدۇ، پىشقاندا سېرىق رەڭدە بولۇپ، ئۇرۇقىنىڭ سانى كۆپ، ياپىلاق بولىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ گۇچۇڭ، تۇرپان، ئىلى، ماناس، خوتەن قاتارلىق جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** تۇسالغۇلارنى ئاچىدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ، يۆتەل توختىتىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ، يەل تارقىتىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، زەھەر ياندۇرىدۇ، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم ۋە سەۋدا خىلتلىرىنى سۈرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 1 ~3 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** كۆپ ئىشلىتىلسە ئىسسىق مىزاج كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ، ئۆچەيگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** نىشاستە، كەتىرا، ئەرەب يېلىمى

**بەدىلى:** ئابدىمىلىك ياكى باراۋەر مىقداردا قىچا.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** ئاپتاپتا قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەتبۇخ دورىلار.

# ئاچچىق سۆرۈنجان

باشقا نامى: سۆرۈنجان تەلخى.

تونۇش: بۇ، گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك سۆرۈنجان بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ سوقچاق تەڭگىسمان يىلتىزى «سۆرۈنجان تەلخى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ خىل سۆرۈنجان سامساق چىشىغا ئوخشايدۇ. سىرتقى يۈزى كۈل رەڭگە مايىل سارغۇچ ئاق رەڭلىك ياكى سۇس قوڭۇرغا مايىل سېرىق رەڭلىك. بەزىسىدە ئۇششاق، زىچ، ئۇزۇن سىزىقچىلار كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، ئازراق قاتتىق، ئاسان سۇنىدۇ، سۇندۇرۇلغان يۈزى ئاق ياكى سۇس كۈل رەڭگە مايىل سېرىق رەڭلىك بولىدۇ. شەكلى سامساق چىشىغا ئوخشايدۇ. تەمى ئاچچىق، سەل خۇش پۇراق.

چىققىش ئورنى: ياۋروپا، ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرى، قارا دېڭىز بويلىرى ھەم ئافرىقا ئەللىرىدىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: ئاغرىق توختىتىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ، غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنى سۈرىدۇ، يەللەرنى تارقىتىدۇ. سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 1 ~ 3 مىللىگرام.

زەرەرى: ئاشقازاننى بۇزىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: پىننە، زەنجىۋىل

بەدىلى: شەترەنجى، تاجىگۈل ئۇرۇقى.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: شەربەت، ھەب دورىلار.

# ئاچچىق قۇستە

باشقا نامى: قۇستە تەلخى.

تونۇش: بۇ، مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئېگىزلىكى 3 ~ 10 سانتىمېتىر ئۆسىدىغان، كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ئاچچىق قۇستىنىڭ يىلتىزى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى «ئاچچىق قۇستە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۆرە تۇرىدىغان غولى يوق، يەرگە يېپىلىپ ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقى كەڭ.

چىقىش ئورنى: بۇ ئەسلىدە ھىندىستاننىڭ مەھسۇلاتى ئىدى، ھازىر ئېلىمىزنىڭ شىزاڭ، يۈننەن، گۇاڭشى، سىچۈەن قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن ھەم سۈرىيە، ئەرەبىستان قاتارلىق ئەللەردىنمۇ چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: تېرىنى، پەي - مۇسكۇللارنى، رەئىس ئەزالارنى، نېرۋا - پەيلەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، قاننى جانلاندۇرىدۇ، ئاشقازان، جىگەر، بۆرەك، دوۋساق ۋە باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتىدۇ، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى، ھۆل سوغۇق كەيپىياتنى تەڭشەيدۇ، ئەزالارنى قىزىتىدۇ، يەل تارقىتىدۇ، قورساقتىكى مەددە قۇرتنى ئۆلتۈرىدۇ، قان تازىلايدۇ، چىرىشكە قارشى تۇرىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 1 ~ 2 گىرام.

زەرەرى: دوۋساق ۋە ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: رۇمبەدىيان، گۈلقەنت ئاپتاپى.

بەدىلى: سۆئىلەپ مىسرى.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: ئاپتاپتا قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: مەتبۇخ، زىمات دورىلار.

# ئاددەمگىياھ

باشقا نامى: يەبرۇج سەنەم، مېھرىگىياھ.

**تونۇش:** بۇ، ئاكانتو پاناكس ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ئاددەمگىياھ بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى «رېنسېڭ» ياكى «ئاددەمگىياھ» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئېگىزلىكى 50 ~ 60 سانتىمېتىر كېلىدۇ، يوپۇرمىقى ئەنجۈرنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئىنچىكە كېلىدۇ، مېۋىسى قىزىل، چوڭلۇقى زەيتۇن چوڭلۇقىدا، گۈلى ئاق، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزىنىڭ بېشى كېسىلمىسە، قۇۋۋىتى 60 يىل تۇرىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى بىرى ئەركەك، يەنە بىرى چىشى دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. چىشى ئاددەمگىياھنىڭ رەڭگى قارىغا مايىلراق بولىدۇ، ئەركەك ئاددەمگىياھنى بەزىلەر «موريۇن» دەپ ئاتايدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ رەڭگى ئاق، سىلىق، يوغان، كەڭ، قىزىلچىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، يىلتىزى چىشى ئاددەمگىياھنىڭ ئىككى باراۋىرىدە كېلىدۇ، ئاددەمگىياھنىڭ ياخشىسى سېمىز ھەم چىڭ بولغىنىدۇر.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمال، چاڭبەيشەن ۋە شىنجاڭ رايونلىرىدىن، چاۋشەن، ياپونىيە قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** «تەبىئەت»نى، مېڭە ۋە باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، قان كۆپەيتىدۇ، خىلىت ھاسىل قىلىدۇ، تىنچلاندۇرىدۇ، زېھنىي قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ، تال ۋە ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتىدۇ، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزىدۇ، ئۇيقۇ كەلتۈرىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 3 ~ 10 گىرامغىچە.

زەرەرى: جىگەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** رەۋەن.

**بەدىلى:** بەزرۇلبەنجى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** ئاددەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەتبۇخ، مەجۇن دورىلار.

# ئادراسمان چۆپى

**باشقا نامى:** هۆرمىل، بەرگى ئىسپەندى.

**تونۇش:** بۇ، ئوغرىتىكەن ئائىلىسىدىكى ئادراسمانغا ئورۇقداش كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، پۈتۈن تېنى سېسىق پۇرايدۇ؛ يىلتىزى توم، ئۇزۇن بولۇپ، غولى تۈۋىدىن تۆت تەرەپكە يېيىلىپ شاخلىنىدۇ، تۆۋەن تەرىپى يەر بېغىرلايدۇ، ئۈستى تەرىپى قىيپاش كۆتۈرۈلۈپ ئۆسىدۇ، غولى يۇمىلاق ۋە قىرلىق بولىدۇ؛ يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسۈپ، نۇرغۇنلىغان ئاچىماقلىق يىپسىمان يېرىقچىلارغا بۆلۈنگەن؛ گۈلى ئاق، گۈل تاجىسى بەش تال، گۈل كاسا يوپۇرمىقى بەش تال، غوزا مېۋىسى شارسىمان بولۇپ، پۈتۈن چۆپى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى چۆل - جەزىرىلەردە ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** ئۆپكىنى ياشارتىدۇ، يۆتەلنى توختىتىدۇ، ھۆللۈكنى قۇرۇتىدۇ، زەھەرنى قايتۇرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 1 ~ 2 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ، كۆڭلىنى ئېلىشتۇرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركەنجۇبىل ۋە ھەر خىل مېۋە سۇلىرى

**بەدىلى:** قەردمانە، سۇزاپ

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چىقىدىغان ياسالمىلار:** جەۋھەر ۋە ھورداق دورىلار.

# ئادراسمان ئۇرۇقى

باشقا نامى: بەزرۇل هورمىل، توخۇمى ئىسپەندى.

تونۇش: بۇ، ئوغرىتىكەن ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، پۈتۈن تېنى سېسىق پۇرايدۇ، يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، غوزىسىدا ئۇرۇقى بولىدۇ، ئۇرۇقى ئۇششاق ئۈچ قىرلىق، رەڭگى سۇس جىگەر رەڭ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ قۇرۇتۇلغان ئۇرۇقى «توخۇمى هورمىل» ياكى «ئادراسمان ئۇرۇقى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ هەر قايسى جايلىرىدىكى چۆل - جەزىرىلەردىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: باهنى قۇۋۋەتلەيدۇ، بەدەننى سەمرىتىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ، پەي ۋە نېرۋىنى كۈچەيتىدۇ، قورساقتىكى قۇرتنى ئۆلتۈرىدۇ، سۈيدۈك ۋە هەيز راۋانلاشتۇرىدۇ، بەلغەم ۋە يەل هەيدەيدۇ، قويۇق خىلىتلارنى سۈرىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 2 ~ 4 گىرام.

زەرەرى: كۆڭۈل ئېلىشىشنى پەيدا قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: ئەينۇلا، تەمرىهىندى.

بەدىلى: سۇزاپ ئۇرۇقى.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ياسالمىلار: شەربەت دورىلار.

# ئارپا

**باشقا نامى:** شېئىر، جەۋ.

**تونۇش:** بۇ، باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق، ئارپىغا ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، شەكلى، رەڭگى قاتارلىق جەھەتلەردە خۇددى بۇغدايغا ئوخشاش ئۆسىدۇ ھەم بۇغدايغا ئوخشاش دان تۇتىدۇ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقى كەڭ ھەم يېپسىمان بولۇپ، دېننىڭ شاكىلىدا ئۇزۇن قىلتىرىقى بولىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** قورۇيدۇ، تۇتىدۇ، قان ۋە سەپرانىڭ ھارارىتىنى پەسەيتىدۇ، چىرايىنى پارقىرىتىدۇ، قىزىتما قايتۇرىدۇ، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ.

زەرەرى: قورساقنى ئىشىدۇ، سوغۇقچان كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ؛ ئۇندۇرمىسى قاننىڭ ھارارىتىنى پەسلىتىدۇ، شۇڭا بالا ئېمىتىۋاتقان ياكى ھامىلىدار ئاياللارنىڭ ئىشلىتىشى مەنئى قىلىنىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئارپىنىڭ تۈزەتكۈچىسى رۇمبەدىيان، گۈلقەنت، شېكەر، ناۋات؛ ئۇندۇرمىسىنىڭ تۈزەتكۈچىسى خام زەنجىۋىل.

**بەدىلى:** ئارپىنىڭ بەدىلى گۈرۈچ، ئۇندۇرمىسىنىڭ بەدىلى كۆك ماش.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قورۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەتبۇخ دورىلار.

# ئارپىبەدىيان

باشقا نامى: رازىيانەج، رازىيانە، سونق.

تونۇش: بۇ، كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق، ئارپىبەدىيانغا ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئۆسۈملۈك تېنىدىن كۈچلۈك پۇراق چىقىپ تۇرىدۇ؛ غولى تىك، ئۈستى شاخلىنىدۇ: يوپۇرمىقى ئۈچ ـ تۆت قېتىم قايتىلىنىدۇ، گۈلى مۇرەككەپ كۈنلۈكسىمان گۈل رېتىدە بولۇپ، رەڭگى سېرىق، ئۇرۇقى كىچىك بولۇپ، شەكلى بۇغدايغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇرۇقى «ئارپىبەدىيان» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئاغرىق توختىتىدۇ، يەل ۋە قويۇق خىلىتلارنى تارقىتىدۇ، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ، سۈت پەيدا قىلىدۇ، زەھەر قايتۇرىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ، چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىدۇ، ئىششىق ۋە يەل تارقىتىدۇ، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: ئەھۋالغا قاراپ 4 ~ 12 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

رەرەزى: ئىسسىق مىزاج كىشىلەردە باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: بىنەپشە، ھۆل يۇمغاقسۈت؛ يىلتىز پوستىنىڭ تۈزەتكۈچىسى بىنەپشە، نىلۇپەر.

بەدىلى: كەرەپشە ئۇرۇقى، رۇمبەدىيان، يىلتىز پوستىنىڭ بەدىلى كەرەپشە يىلتىزى پوستى.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چىۋشىدىغان ياسالمىلار: چىلانىما دورىلار.

# ئارپىبەدىيان يىلتىزى پوستى

**باشقا نامى:** پوستى بىخ بەدىيان.

**تونۇش:** بۇ، كۆنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئۆسۈملۈك تېنىدىن كۆچلۈك پۇراق چىقىپ تۇرىدۇ؛ گۈلى مۇرەككەپ كۆنلۈكسىمان گۈل رېتىدە بولۇپ، رەڭگى سېرىق، يىلتىزى ئۇزۇن، رەڭگى ئاق، تەمى بىرئاز قېرىق، پۇرىقى سۇس كېلىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزىنىڭ پوستى «ئارپىبەدىيان يىلتىزى پوستى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى:** ئاشقازان ۋە ئۈچەينى قۇۋۋەتلەيدۇ، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم ۋە سەۋدا خىلتلىرىنى پىشۇرىدۇ، ئىششىق ۋە يەل تارقىتىدۇ، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، تاش پارچىلايدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 5 ~ 7 گىرام.

**زەرەرى:** ئىسسىق مىزاج كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بىنەپشە، نىلۇپەر.

**بەدىلى:** كەرەپشە يىلتىزى.

**لايىقلاشتۇرۇشى:** ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەتبۇخ دورىلار.

# ئارچا مېۋىسى

**باشقا نامى:** ئۇبھەل.

**تونۇش:** بۇ، ئارچا ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق ياغاچ غولللۇق، دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان، ئارچىغا ئۇرۇقداش دەرەخ ياكى چوڭراق چاتقال بولۇپ، مەززىلىك پۇرىقى بار. ئېگىزلىكى 2~ 3 مېتىر كېلىدۇ؛ شاخلىرى ناھايىتى قويۇق، ئۇششاق شاخلىرى ياپىلاق، سىلىق، يېشىل رەڭدە بولىدۇ؛ يوپۇرمىقى چاچمىسىمان بولۇپ، ئۇششاق شاخلىرىغا زىچ جايلىشىپ نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ؛ گۈلى تاق جىنسلىق، ئۆسۈملۈكى قوش جىنسلىق، ئاتىلىق، ئانىلىقى بىر تۈپتە، ئاتىلىق گۈلى سېرىق، ئانىلىق گۈلى سۆسۈن رەڭدە بولىدۇ؛ مېۋىسى شار شەكلىدە ياكى سوقىچاق قىرلىق كېلىدۇ، سىرتقى يۈزىدە ئاق رەڭلىك موم ماددىلىق پاراشوكى بولىدۇ، پىشقاندا يېرىلىدۇ، ئۇرۇقى تۇخۇم شەكلىدە، رەڭگى قوڭۇر كېلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تىكىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** قاننى سۇيۇلتىدۇ، قان توختىتىدۇ، ھۆل ئىسسىقنى ھەيدەيدۇ، نېرۋىنى تىنچلاندۇرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 4 ~ 12 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

زەرەرى: كۆكرەكنى يېرىكلەشتۈرىدۇ، ھامىلىدار ئاياللارغا، ئاشقازان كېسىلى بارلارغا، گال ئاغرىقى بارلارغا بېرىشكە بولمايدۇ، بېرىشكە توغرا كەلسە خولىنجان، ھەسەل بىلەن بىرگە بېرىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا، تەرخەمەك ئۇرۇقى.

**بەدىلى:** سۇزاپ يوپۇرمىقى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** شەربەت دورىلار.

# ئازغان مېۋىسى

باشقا نامى: ئەۋسەج، ئازغان مونچىقى.

تونۇش: بۇ، ئەترگۈل ئائىلىسىدىكى ئانار دەرىخىگە يېقىن بىر خىل چاتقال ئۆسۈملۈك ئازغاننىڭ پىشقان مېۋىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، مېۋىسى يۇملاق، رەڭگى قىزىل، تەمى بىر ئاز قاڭسىق كېلىدۇ، پىشقاندا يىغىۋېلىنىپ ئاپتاپتا قۇرۇتۇلغان مېۋىسى «ئەۋسەج» ياكى «ئازغان مېۋىسى» ھەم «ئازغان مونچىقى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: رايونىمىزنىڭ ھەممە يەرلىرىدىن، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا، موڭغۇلىيە، رۇسىيە قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: مەنىينى تېزگىنلەيدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، سۈيدۈكنىڭ قېتىم سانىنى ئازايتىدۇ، ئىسسىقنى ياندۇرىدۇ، قاننى سوۋۇتىدۇ، ھەيزنى راۋان قىلىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: تۆت گىرامغىچە.

زەرەرى: تالغا قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: كەترا.

بەدىلى: ئاغىچپىۋغۇچ

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: شەربەت دورىلار.

# ئاسارۇن

باشقا نامى: مشكى بالا، تېگىر.

تونۇش: بۇ، سېمىزئوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ئاسارۇننىڭ يىلتىزلىق پۇتۇن چۆپى بولۇپ، يىلتىزى توپا رەڭگە مايىلراق، مايماق، بوغۇملۇق، خۇش پۇراقلىق بولۇپ، «ئاسارۇن» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمال ئۆلكىلىرىدىن ۋە ئىران، ئافغانىستان قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: ماددىلارنى يۇمشىتىدۇ، تارقىتىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ. بۆرەك، تال ۋە باشقا ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ، مېڭە ۋە ئاشقازاننى تازىلايدۇ، مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋان قىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 10 گىرامغىچە.

زەرەرى: ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: كەتىرا، بادام مېغىزى، سەرپىستان.

بەدىلى: ئېگىر، زەنجىۋىل.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: شەربەت، مەجۇن دورىلار.

# ئاغىچپيۇغۇچ ئۇرۇقى

**باشقا نامى:** تۇخۇمى خىيار دەشتى.

**تونۇش:** بۇ، كاۋا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق، ئاغىچپيۇغۇچقا ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، قوغۇن ـ تاۋۇزغا ئوخشاش پېلەك تارتىپ ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقى تالنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، شەكلى ئۇزۇنچاق، تەرخەمەككە ئوخشاپراق كېتىدۇ. ئۈستى يىپلىق لەشكە ئوخشاش، رىشتىلىك، ئىچىدىن تاۋۇز ئۇرۇقىدەك قارا ئۇرۇق چىقىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى «ئاغىچپيۇغۇچ ئۇرۇقى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** چوڭ تەرەت ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ، بوۋاسىرنى قۇرۇتىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئىككى گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** كۆپ ئىشلىتىلسە قانلىق ئىچ سۈرۈش پەيدا قىلىپ، ئادەمنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يەتكۈزۈپ قويۇشى مۇمكىن .

**تۈزەتكۈچىسى:** كالا سۈتى، سېرىقماي.

**بەدىلى:** شەھمەنزەل.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** پوستىدىن ئايرىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** شەربەت دورىلار.

# ئاق بەھمەن

باشقا نامى: بەھمەن سەفىد.

تونۇش: بۇ، قوڭغۇراقگۈللۈكلەر ئائىلىسىگە تەۋە بولغان بەھمەن ئۆسۈملۈكىنىڭ قۇرۇتۇلغان يىلتىزى بولۇپ، يىلتىزى ئاق، قىزىل ئىككى خىل بولىدۇ. ئۇنىڭ ئېقى تومراق كېلىدۇ، قىزىلى بولسا سۇزۇك، ئېغىر، خۇش پۇراق كېلىدۇ، چاينىسا ئازراق شىلىمشىق ۋە ئېغىزنى قورۇش تەسىرى بار، بۇ ئۆسۈملۈك يىلتىزىنىڭ قىزىلى «قىزىل بەھمەن» ياكى «بەھمەن سۇرۇخ»، ئېقى «ئاق بەھمەن» ياكى «بەھمەن سەفىد» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: ئىران ۋە ئەرمەنىستاننىڭ تاغلىرىدىن، ئېقى كۆپرەك خۇراسان قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: بلە، دوۋساق ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، سەمرىتىدۇ، سېرىقلىقنى يوقىتىدۇ، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزىدۇ، مەنىي كۆپەيتىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 4 ~ 5 گرام.

زەرىرى: قان بېسىمىنى ئۆرلىتىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: چىلان، بىنەپشە، بىدىمۇشكى.

بەدىلى: زورەمبات. دۇرنەج ئەقرەبى.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياساللار: مەجۇن دورىلار.

# ئاق پارپا

**باشقا نامى:** جەدۋار چىنى، ئاق جەدۋار.

**تونۇش:** بۇ، ئېيىقتاپانلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئەسلىي ئۆسۈملۈكى جەدۋار دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچ خىل تۈرى بار. ① تۈزلۈق جەدۋار: سىرتقى يۈزى كۆل رەڭ، ئاچچىق بولۇپ، تىلنى قورۇيدۇ، پۇراقسىز؛ ② قارا جەدۋار: سىرتقى يۈزى قارامتۇل، مايلىق، پارقىراق، تەمى سۇس، پۇراقسىز؛ ③ ئاق جەدۋار: ھەممە يېرى ئاقۇچ، تەمسىز كېلىدۇ، پۇرىقى سۇس. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى «جەدۋارچىنى ياكى ئاق پارپا» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ سىچۈەن، سەنشى قاتارلىق جايلىرىدىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** پەي ۋە مۇسكۇلنى چىڭىتىدۇ، «تەبىئەت»نى ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ، رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، جىنسىي قابىلىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ، ھۆللۈكنى يوقىتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** قايناتمىسى 3 ~ 10 مىللىگرام.

**زەرەرى:** زەھەرلىك بولۇپ، پەي - مۇسكۇللارنى تارتىشتۇرۇپ قويىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سۈت، ئارپا سۈيى.

**بەدىلى:** زورەمبات.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** زەھەرسىزلەندۈرۈش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەجۇن، ھەب دورىلار.

# ئاق تۇددرى

باشقا نامى: تۇدرى سەپىد.

تونۇش: بۇ، تېزلاق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق ياكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك تۇدەرىنىڭ ئۇرۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، رەڭگى توپارەك ئاقۇچ كەلگىنىنى «ئاق تۇدەرى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. رەڭگى ئاق، قىزىل، سېرىق رەڭلەردە بولىدۇ، تەمى ئاچچىق، پۇرىقى سۇس كېلىدۇ.

چىقىش ئورنى: ئېلىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىن ھەم ئامېرىكا، ئىران قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، مەنىي ۋە سۈت كۆپەيتىدۇ، سەمرىتىدۇ، ئۇزۇقلۇق تولۇقلايدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 10 ~ 15 گىرام.

زەرەرى: ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: دارچىن، بەدىيان، لاچىندانە.

بەدىلى: ئاق، قىزىل، سېرىقلىرى بىر - بىرىگە بەدەل قىلىنىدۇ، ئەگەر تېپىلمىسا ئاق بەھمەن.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قورۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: سۇفۇپ، مەجۇن دورىلار.

# ئاق سەندەل

**باشقا نامى:** سەندەل سەفىد.

**تونۇش:** بۇ، سەندەل ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان، ئېگىزلىكى 6 ~ 9 مېتىر كېلىدىغان دەرەخ ئاق سەندەلنىڭ ياغىچىدىن ئىبارەت بولۇپ، خۇش پۇراق، تەمى ئاچچىق، بۇ دەرەخنىڭ قۇرۇتۇپ پارچىلانغان ياغىچى «ئاق سەندەل» ياكى «سەندەل سەفىد» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، رەڭگىگە ئاساسەن ئاق سەندەل، قىزىل سەندەل، سېرىق سەندەل دەپ ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ خەينەنداۋ ئارىلىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ. ھىندىستان، ئىتالىيە، ھىندونېزىيە قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، خىلتىسىز قۇرۇق ئىسسىق كەيپىياتىنى ۋە غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنى تەڭشەيدۇ، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزىدۇ، تىنچلاندۇرىدۇ، ھارغىنلىقنى چىقىرىدۇ، چىرىشكە قارشى تۇرىدۇ، قاننى تازىلايدۇ، قان بېسىمىنى چۈشۈرىدۇ، قىزىتما قايتۇرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 5 ~ 7 گىرام.

**زەرەرى:** باھقا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل، ناۋات.

**بەدىلى:** كافۇر، ئۈشنە.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەتبۇخ دورىلار.

# ئاقاقىيا

**باشقا نامى:** ئۆسارەبىبول.

**تونۇش:** بۇ، پۇرچاق ئائىلىسىدىكى چاتقان ئۆسۈملۈك «ئەمغىلان»، يەنە بىر ئاتىلىشى «بىبول» دېگەن بىر خىل چاتقالسىمان تىكەنلىك دەرەخنىڭ مېۋىسى ۋە يوپۇرمىقىنىڭ سىقىپ چىقىرىلغان سۈيىدىن قاتقان يۇمىلاق ياكى دانچە شەكىللىك، قارامتۇل ياكى سۇس سېرىق، يېرىم سۈزۈك ماددا «ئاقاقىيا» نامى بىلەن، بۇ دەرەخنىڭ يېلىمى «سەمغى ئەرەبى» نامى بىلەن دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ھىندىستان، سۇدان، بېنگال قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** قۇرۇتىدۇ، قۇستۇرىدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. بۇرۇن ۋە نەپەس يولىدىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ، ئاشقازان ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 0.5 ~ 3 گىرام.

**زەرەرى:** تۇسالغۇ پەيدا قىلىدۇ، ئەزالارغا قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بادام يېغى، ھەسەل سۈيى.

**بەدىلى:** ئەدەس، سەندەل، رۇسۇت.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** سۇفۇپ دورىلار.

# ئاق قىچا ئۇرۇقى

**باشقا نامى:** تۇخۇمى خەردەل سەفىد، بەزرۇل خەردەل ئەبيەز.

**تونۇش:** بۇ، كىرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق، قىچىغا ئوخشاش ئۆسۈملۈك بولۇپ، غولى شاخلىق، يوتىن ئۆسۈملۈك تېنىدە شالاڭ، يىرىك تۈكلەر بولىدۇ؛ يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، گىرۋەكلىرى يۇرلىشىپ تۇرىدۇ، چوڭقۇر يېرىلغان، تۆۋەندىن ئۆسكەن يوپۇرماقلىرى چوڭ، سېپى ئۇزۇن، يۇقىرىقى قىسمىدىكى يوپۇرماقلىرى كىچىك، سېپى قىسقا بولىدۇ؛ ئومۇمىي گۈل رېتى ئۇچىدا ئۆسىدۇ، گۈلى سېرىق؛ ئۇرۇقى شارسىمان، رەڭگى ئاق، تەمى ئاچچىق. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى «ئاق قىچا ئۇرۇقى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** ئىشتىھانى ئاچىدۇ، سوغۇقنى تارقىتىدۇ، بەلغەم يۇمشىتىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 4 ~ 12 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

زەرەرى: ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كاسىنە، لىمون سۈيى، ئەينۇلا.

بەدىلى: ھەببى رىشاد، ئادراسمان، زاغۇن ئۇرۇقى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** شەربەت دورىلار.

# ئاق لەيلى چۆپى

باشقا نامى: بەرگى خىتمى.

تونۇش: بۇ، تۈگمىگۈل ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق، لەيلىگۈلگە ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى يۇمىلاق، تەمسىز، يوپۇرمىقىنىڭ ئارقا تەرىپى يىرىكرەك، گۈلى ئاق. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقىنىڭ رەڭگى ئاققا مايىل قارامتۇل، شەكلى يۇمىلاق، بىرئاز ياپىلاقراق، ئوتتۇرىسى چوڭقۇر كېلىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى «ئاق لەيلى چۆپى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆسىدۇ.

تەبىئىتى: بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: سۈيدۈكنى راۋان قىلىدۇ، تەرەتنى يۇمشىتىدۇ، تۇغۇتنى تېزلىتىدۇ، بالا ھەمراھىنى چۈشۈرىدۇ، سۇلۇق ئىششىقنى تارقىتىدۇ، جاراھەتلەرنى ئېغىز ئالدۇرىدۇ، يۈزدىكى دانىخورەكلەرنى يوقىتىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، يەل تارقىتىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: ئەھۋالغا قاراپ 15 گرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

زەرىرى: ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: ھەسەل، بەدىيان

بەدىلى: ھەمىشباھار چۆپى.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: چىلانىما دورىلار.

# ئاق لەيلىگۈل

**باشقا نامى:** گۈلخەيرى، لەيلىقازاق.

**تونۇش:** بۇ، تۇگمەنگۈل ئائىلىسىدىكى بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، خەلقىمىز بۇ ئۆسۈملۈكنى «گۈلخەيرى»، «لەيلىقازاق» دەپ ئاتايدۇ، بۇ ھەمىشەباھار ئۆسۈملۈكنىڭ بىر خىلى ھېسابلىنىدۇ، گۈلى ئاق، قىزىل، رەڭگارەڭ بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە دورىغا ھەممىسىدىن ياخشىراقى گۈلى ئاق بولغىنى، گۈلى ئاق بولغىنىنى «ئاق لەيلىگۈل» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى، ئۇرۇقى، يوپۇرمىقى ۋە يىلتىزى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھۆل سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** كۆكرەكلەرگە خۇشلۇق يەتكۈزىدۇ، كانايىنى سىلىقلاشتۇرىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، يۆتەل پەسەيتىدۇ، ياللۇغ قايتۇرىدۇ، ماددىلارنى تارقىتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 5 ~ 10 گىرام.

**زەرەرى:** ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل، ئارپىبەدىيان.

**بەدىلى:** ھەمىشەباھار گۈلى، بىنەپشە گۈلى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** چىلانما، زىمات دورىلار.

# ئاق لەيلى ئۈرۈقى

**باشقا نامى:** تۇخۇمى خىتمى، بەزرۇل خىتمى.

**تونۇش:** بۇ، تۇگمىگۈل ئائىلىسىدىكى ھەمىشباھار ئۆسۈملۈكنىڭ يەنە بىر خىلى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈك 1 ~2 مېتىرغىچە ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقى چوڭ، تۈكلەش، گۈلى ئاق، ئۇرۇقى ياپىلاق بولۇپ، تۇگمىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. خەلقىمىز بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقىنى «لەيلىقازاق ئۇرۇقى» دەپ ئاتايدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى «تۇخۇمى خىتمى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھۆل سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** سۈيدۈكنى راۋان قىلىدۇ، تەرەتنى يۇمشىتىدۇ، تۇغۇتنى تېزلىتىدۇ، بالا ھەمراھىنى چۈشۈرىدۇ، سۇلۇق ئىششىقنى تارقىتىدۇ، جاراھەتلەرنى ئېغىز ئالدۇرىدۇ، يۈزدىكى دانىخورەكلەرنى يوقىتىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، يەل تارقىتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 5 ~ 8 گىرام.

**زەرەرى:** ھەزىمنى ناچارلاشتۇرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئارپىبەدىيان، ھەسەل.

**بەدىلى:** ھەمىشباھار ئۇرۇقى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قورۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** چىلانما، مەتبۇخ دورىلار.

# ئاق مەۋسەل

**باشقا نامى:** مەۋسەل ئەبيەز، مەۋسەل سەفىد.

**تونۇش:** بۇ، گۈلسىماق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ئاق مەۋسەلنىڭ تۈگۈنەك يىلتىزىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۆزى ئۇزۇنچاق، يۇملاق، قاتتىق، ۋەزنى ئېغىر، تەمى تاتلىق، پۇرىقى سۇس، رەڭگى ئاق سېرىق كېلىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ تۈگۈنەك يىلتىزى ئاق، قارا ئىككى خىل بولۇپ، ئېقى «ئاق مەۋسەل»، قارىسى «قارا مەۋسەل» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ ئىسسىق بەلباغ رايونلىرى ۋە ھىندىستان، پاكىستان قاتارلىق ئەللەرنىڭ تاغ باغرىدىكى ئورمانلاردا ئۆسىدۇ.

**تېبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** بەل، يۈرەك ۋە بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ. سۈت، مەنىي كۆپەيتىدۇ، قويۇلدۇرىدۇ، سەمرىتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 9 ~ 12 گىرام.

**زەرىرى:** تال ۋە ئۆچەيگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** پىششىق ئەگىر سۇناي.

**بەدىلى:** ئاق سەندەل.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** سۇفۇپ دورىلار.

# ئاق موم

باشقا نامى: شەمئى، موم سەفىد.

تونۇش: بۇ، ھەسەل ھەرىسىنىڭ ھەسەل يىغىدىغان كۆنىكىدە بولىدىغان دورا بولۇپ، بۇ ئۈچ خىل بولىدۇ. بىرىنچى خىلى، ھەسەل ھەرىسى قۇسۇپ توپلىغىنى، بۇنىڭ رەڭگى قىزىل، سېرىققا مايىل، يۇمشاق، ياغلىشاڭغۇ، خۇشبۇي بۇنىڭدىن، ھەسەل پۇرىقى كېلىپ تۇرىدۇ؛ ئىككىنچى خىلى، ھەسەل ھەرىلىرى ئۇرۇن قىلغان يەرلەردە بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەسەل قوشمىغىنىدۇر، بۇ ئوتتۇرا دەرىجىلىك ھېسابلىنىدۇ؛ ئۈچىنچى خىلى، بىر خىل قارا رەڭلىك نەرسە بولۇپ، ھەسەل ھەرىلىرى ئۆزىنىڭ كۆنەكلىرىگە سۈركەيدۇ، بۇ خىلى ناچار ھېسابلىنىدۇ. دورىغا ئاساسەن بىرىنچى خىلى ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: ئىششىق ياندۇرىدۇ، پەيلەرنى بوشىتىدۇ، ئاغرىق توختىتىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 3~5 گىرام.

زەرەرى: ئىشتىھانى تۇتۇپ، توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: پىننە، بەديان.

بەدىلى: ماش ئۇنى.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياساللار: زىمات، مەلھەم دورىلار.

# ئاقمۇچ

**باشقا نامى:** مۇرچ سەفىد.

**تونۇش:** بۇ، قارىمۇچ ئائىلىسىدىكى ياغاچ غوللۇق پېلەكلىك ئۆسۈملۈك قارىمۇچ مېۋىسىنىڭ پىشقاندىن كېيىن قىزارغان ۋاقتىدا پوستى ئېلىۋېتىلگەن، رەڭگى ئاق قالغان مېۋىسى بولۇپ، شەكلى يۇمىلاق، تەمى ئاچچىق، پۇرىقى ئۆتكۈر كېلىدۇ، ئۇنىڭ مۇشۇ خىل مېۋىسى «ئاقمۇچ» ياكى «مۇرچ سەفىد» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ خەينەنداۋ، گۇاڭدۇڭ، خېنەن ۋە يۈننەن ئۆلكىلىرىدىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەپ، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ، بەلغەم خىلتى ۋە ھۆل سوغۇق كەيپىياتنى تەڭشەيدۇ، بەدەننى قىزىتىپ باھنى، پەيلەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىششىق ياندۇرۇپ زەھەر قايتۇرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 1 ~ 4 گىرام.

**زەرەرى:** ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بىنەپشە، نېلۇپەر.

**بەدىلى:** زەنجىۋىل، پىلپىل.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەجۇن دورىلار.

# ئاقىرقەرها

**باشقا نامى:** ئېقىل قارا.

**تونۇش:** بۇ، مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق، ئاقىر قەرھاغا ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئېگىزلىكى 60 ~ 80 سانتىمېتىر كېلىدۇ؛ يىلتىزى چاچما شەكىللىك بولۇپ، قارامتۇل خورما رەڭدە بولىدۇ، غولى يالغۇز، تىك ئۆسىدۇ؛ يوپۇرماقلىرى يىپ شەكلىدە بولىدۇ، تۆۋەندىكى يوپۇرماقلىرىنىڭ سېپى بار، غولىدىكى يوپۇرماقلىرىنىڭ سېپى يوق، باشسىمان گۈل رېتى چوڭراق بولۇپ، غولىنىڭ ئۇچىدىن يالغۇز ئۆسۈپ چىقىدۇ ۋە بىرقانچە گۈللىرى كۈنلۈكسىمان تىزىلىپ تۇرىدۇ. ئەتراپتىكى گۈللىرى تىل شەكلىدە، رەڭگى ئاق، ئوتتۇرىدىكى گۈللىرى نەي شەكلىدە، رەڭگى سارغۇچ قوڭۇر كېلىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزسىمان غولى «ئاقىرقەرها» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ھىندىستان، پاكىستان، ئامېرىكا قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، مېڭىدىكى ئارتۇق ماددىلارنى تازىلايدۇ، بەلغەم يۇمشىتىدۇ، قىزىتىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ، ئەسەبلەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

**بەدىلى:** پىلپىل، تاتلىق قۇستە.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەجۇن دورىلار.

# ئالتۇن ۋاراق

**باشقا نامى:** ۋەرەقى زەھەب، ۋەرەقى تىللا.

**تونۇش:** بۇ، سېرىق ئالتۇندىن تەكرار قىزدۇرۇپ، ئالاھىدە ئۆزگىچە تېخنىكا ۋە ئۇسۇللار ئارقىلىق سوقۇپ تەييارلانغان قەغەزسىمان نېپىز ھالەتتىكى ياپراقچىدىن ئىبارەت بولۇپ، «ئالتۇن ۋاراق» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. رەڭگى سېرىق، پارقىراق، جۇلالىق كېلىدۇ.

**چىققىش ئورنى:** ھىندىستان ۋە پاكىستاندىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** مېڭە، يۈرەك ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، بەدەننىڭ تەبىئىي ھارارىتىنى ساقلايدۇ، زېھنىنى ئۆتكۈر قىلىدۇ، ماددا ئالمىشىشنى ياخشىلايدۇ، ئۇنتۇغاقلىقنى يوقىتىدۇ، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزىدۇ، كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 5 ~ 10 دانە.

**زەرەرى:** سۆيدۈك يولىغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل، ئىپار، شاھبەللۇت.

**بەدىلى:** ئالتۇن، ياقۇت.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** كۇشتە قىلىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** خېمىر، مۇپەررىھ دورىلار.

# ئالقات

باشقا نامى:گوچىرى.

تونۇش: بۇ، پىدىگەن ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، ياغاچ غوللۇق، ئالقاتقا ئۇرۇقداش، كىچىك چاتقال بولۇپ، ئېگىزلىكى 1 ~ 2 مېتىر كېلىدۇ؛ يىلتىزى تۈۋرۈكسىمان بولۇپ، غولى كۆپ شاخلىنىدۇ، يوپۇرماق قولتۇقىدا قاتتىق تىكەنلىرى بولىدۇ، پوستى ئاقۇچ كۈل رەڭ كېلىدۇ؛ يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ياكى توپلىشىپ ئۆسىدۇ. مېۋىسى شىرنىلىك، سوقىچاق، كۆپ ئۇرۇقلۇق بولۇپ، پىشقاندا قىزىرىدۇ. مېۋىسى «ئالقات» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئېتىز چەتلىرى، يول بويلىرى ۋە ئېرىق بويلىرىدا ئۆسىدۇ.

تەبىئىتى: ھۆل سوغۇق.

خۇسۇسىيىتى: پەي، سۆڭەكلەرنى چىڭىتىدۇ، ئۆپكىنى يۇمشىتىدۇ، يۆتەلنى توختىتىدۇ، جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ، ئۆپكىدىكى ئىسسىقنى تارقىتىدۇ، قاننى سوۋۇتىدۇ ۋە توختىتىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: ئەھۋالغا قاراپ 8 ~ 12 گىرام ئىشلىتىلىدۇ.

زەرەرى: ئاشقازاننى سوۋۇتىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: ئارپىبەدىيان.

بەدىلى: زىرىق.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: شەربەت دورىلار.

# ئالما

**باشقا نامى:** تۇپپلە، سىب.

**تونۇش:** بۇ، ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق يوپۇرماق تاشلايدىغان، نەشپۈتكە ئۇرۇقداش دەرەخ، شۇنداقلا مەشھۇر مېۋە بولۇپ، يۇملاق، رەڭگى قىزىل، ئاق، كۆرۈنۈشى چىرايلىق، خۇش پۇراق، تەمى تاتلىق، سۇلۇق، ئۈستىدە پوستى بار، ئىچىدە قارا ئۇرۇقلىرى بار، چېچەكى ئاق، قىزىل، شاپتۇل چېچەكى رەڭدە بولىدۇ. بۇ ئۈچ خىل بولۇپ، بىرىنچىسى تاتلىق، پوستى نېپىز، چوڭ، سۇلۇق؛ ئىككىنچىسى ئاچچىق ـ چۈچۈك، تەمسىز، يوغانلىقى ئوتتۇرا ھال؛ ئۈچىنچىسى تەمى ئاچچىق، كىچىك بولىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، بولۇپمۇ تاغلىق رايونلاردا كۆپ ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** تاتلىقىنىڭ ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق، تەمسىز ۋە ئاچچىقىنىڭ قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزىدۇ، ئاشقازان، مېڭە ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، سەۋدا خاراكتېرلىك ۋەسۋەسىلىكنى يوقىتىدۇ، قۇرۇق يۆتەلنى توختىتىدۇ، سەپرا خاراكتېرلىك ئىچ سۈرۈشنى ياخشىلايدۇ، قۇسۇش ۋە ئۇسسۇزلۇقنى يوقىتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 60 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** كۆكرەككە زىيان قىلىدۇ، قورساقنى ئىششىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل، گۈلقەنت، دارچىن.

**بەدىلى:** بېھى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** شەربەت دورىلار.

# ئالوي چۆپى

**باشقا نامى:** بەرگى سەبرە.

**تونۇش:** بۇ، سامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، گۆشلۈك، سامساق غوللۇق، سەبرىگە ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئېگىزلىكى 10 ~ 60 سانتىمېتىر كېلىدۇ؛ يوپۇرمىقى خەنجەرسىمان، گىرۋەكلىرىدە چىشسىمان تىكەنلىرى بولىدۇ، رەڭگى يېشىل، يوپۇرماقلىرى غولىغا زىچراق جايلاشىدۇ؛ گۈل ساپىقى يوپۇرماق ئارىلىرىدىن ئۆسىدۇ، گۈللىرى كۆپ، رەڭگى سېرىق بولۇپ، يۇقىرى قىسمىغا توپلىشىپ ئومۇمىي گۈل رېتىنى ھاسىل قىلىدۇ؛ غوزا شەكىللىك مېۋىسى ئۈچ بۇرجەك شەكىلدە بولۇپ، پىشقاندا يېرىلىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ قۇرۇتۇلغان پۈتۈن چۆپى «ئالوي چۆپى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى باغ - ھويلىلاردا، تەشتەكتە ئۆستۈرۈلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** ئىچ سۈرىدۇ، مەددە چۈشۈرىدۇ، يۆتەل توختىتىدۇ، قان تازىلايدۇ. تېرىنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 4 ~ 15 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** ئۈچەيگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

**بەدىلى:** شەھمەنزەل، سوقمونىيا.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** ھەب، زىمات دورىلار.

# ئالۇچا

**باشقا نامى:** ئالۇچە.

**تونۇش:** بۇ، ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان، مالىناغا ئۇرۇقداش مېۋىلىك دەرەخ بولۇپ، گۈلى قىزغۇچ، قىزىل كېلىدۇ؛ مېۋىسى يۇمىلاق بولۇپ، پىشقاندا قىزىرىدۇ. يېيىشكە بولىدۇ. بۇ دەرەخنىڭ قۇرۇتۇلغان مېۋىسى «ئالۇچا» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** قىزىتمىنى پەسەيتىدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، ئۇيقۇ كەلتۈرىدۇ، قۇرۇق ھۆنى باسىدۇ، قۇسۇشنى توختىتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 1 ~5 دانىغىچە ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** ئۆپكە ۋە ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بىخسۇس، پىننە.

**بەدىلى:** ئەينۇلا، قارىئۆرۈك.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** ئاپتاپتا قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مۇراببا، چىلانىما دورىلار.

# ئامۇت

باشقا نامى: ئەمرۇد بوستانى.

تونۇش: بۇ، ئەترگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق ياغاچ غوللۇق چاتقال ئۆسۈملۈك بولۇپ، مېۋىسى قاپاق شەكىللىك، پىشقاندا مېۋە شۆپۈكى سېرىق رەڭگە كىرىدۇ. مېۋىسىنىڭ تەمى سەل قىرتاق تاتلىق بولىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆسىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

خۇسۇسىيىتى: يۈرەك ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزىدۇ. تېرىنى پارقىرىتىدۇ، يۇمشىتىدۇ، مېڭىگە ھۆللۈك يەتكۈزىدۇ، نەزلىنى يوقىتىدۇ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ، يۈرەك ھەرىكىتىنى ياخشىلايدۇ، قان ۋە سەپرا خىلتىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىدۇ، تەرەتنى يۇمشىتىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: ئەھۋالغا قاراپ 1 ~5 دانىغىچە ئىشلىتىلىدۇ.

زەرەرى: ئاشقازىنى ئاجىزلارغا، سوغۇق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: زەنجىۋىل مۇراببासى، بەدىيان.

بەدىلى: بېھى.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: مۇراببا، شەربەت دورىلار.

# ئامىلە

**باشقا نامى:** ئاملەج، ئاملوك.

**تونۇش:** بۇ، يالمانقۇلاق ئائىلىسىدىكى غازاك تاشلايدىغان چاتقال ياكى كىچىك رەك دەرەخ ئاملە بولۇپ، بۇ دەرەخنىڭ پىشقان مېۋىسى يۇملاق، ئۆرۈك چوڭلۇقىدا، تەمى سەل قىرتاق، رەڭگى قارامتۇل، ئىچىدىن ئالتە قىرلىق ئۇچكىسى چىقىدۇ، بۇ دەرەخنىڭ قۇرۇتۇلغان مېۋىسى «ئاملە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى قاتارلىق جايلىرىدىن، ھىندىستان، ئىران، مالايشىيا قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئاشقازاننىڭ تۇتۇش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزىدۇ، چاچ يىلتىزىنى چىڭىتىدۇ، چاچنى قارايتىدۇ، كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 11 گىرام.

**زەرىرى:** تال ۋە ئۇچەيگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** تال ئۈچۈن سۇمبۇل، ھەسەل؛ ئۈچەي ئۈچۈن تاتلىق بادام يېغى.

**بەدىلى:** ئىككى ھەسسە كابۇل ھېلىلىسى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** سۈتكە چىلاپ زەھەرسىزلەندۈرۈپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چىقىشىدىغان ياسالمىلار:** مەتبۇخ، مەجۇن دورىلار.

# ئانار پوستى

باشقا نامى: پوستى رۇممان، پوستى ئانار.

تونۇش: بۇ، ئانار ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان، ئانارغا ئۇرۇقداش چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ بولۇپ، يوپۇرمىقى ئۇزۇن ھەم يۇمىلاق، گۈلى قىزىل رەڭدە؛ مېۋىسى شارسىمان بولۇپ، يۇمىلاق، قىزىل، پوستى ئىچىدىكى قىزىل دانلىرى سۇلۇق، سۈزۈك مارجانغا ئوخشاش پارقىراق. بۇ ئۈچ خىل بولىدۇ. بىرىنچىسى تاتلىق، ئىككىنچىسى ناخۇش (ئاچچىق تاتلىق)، ئۈچىنچىسى ئاچچىق تەمگە ئىگە.

ئۆسۈش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆسىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

خۇسۇسىيىتى: ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتىدۇ، پەينى چىڭىتىدۇ، قۇرت ئۆلتۈرىدۇ، ئىچ سۈرۈش ۋە قاناشنى توختىتىدۇ، مەنىينى قويۇلدۇرىدۇ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، تاماق سىڭدۈرىدۇ، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ، چىش تۈۋىنى چىڭىتىدۇ، سۈيدۈك تېمىپ كېلىشنى ياخشىلايدۇ، قان كۆپەيتىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: ئەھۋالغا قاراپ ئىشلىتىلىدۇ.

زەرەرى: قەۋزىيەت پەيدا قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: ھەسەل، زەنجىۋىل.

بەدىلى: ئانارگۈل، ئانار يىلتىزى.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: ئاپتاپتا قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: مەتبۇخ، زىمات دورىلار.

# ئانارگۈل

باشقا نامى: گۈلنار.

تونۇش: بۇ، ئانار ئائىلىسىدىكى ئانار دەرىخىنىڭ چېچىكىدىن ئىبارەت بولۇپ، يوپۇرمىقى ئۇزۇن ھەم يۇملاق، گۈلى قىزىل، مېۋىسى شارسىمان، تەمى تاتلىق، بۇ دەرەخنىڭ چېچىكى «ئانار چېچىكى» ياكى «گۈلنار» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: رايونىمىزنىڭ ھەممە يەرلىرىدىن چىقىدۇ ۋە ئۆزبېكىستان، پاكىستان قاتارلىق قوشنا ئەللەردىنمۇ چىقىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق سوغۇق.

خۇسۇسىيىتى: ئىچ سۈرۈش ۋە قاناشنى توختىتىدۇ، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 3 ~ 5 گىرام.

زەرەرى: توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: كەتىرا، ھەسەل.

بەدىلى: قىزىلگۈل.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: چىلانما، سۇفۇپ دورىلار.

# ئەپتىمون

**باشقا نامى:** سېرىق يۆگەي، سېرىق ئوت.

**تونۇش:** بۇ، يۆگىمەچ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق، سېرىقيۆگەيگە ئورۇقداش، يۆگىشىپ ئۆسىدىغان تەييارتاپ ئۆسۈملۈك بولۇپ، زىغىر، قىچا قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرگە يۆگىشىپ ئۆسىدۇ. يۇمران، يىپسىمان يۆگىمەچ غول ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى «ئەپتىمون» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئوتلاق ۋە ئېتىزلىقلاردا پۇرچاق، بېدە قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ غوللىرىدا تەييارتاپلىق بىلەن ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** غەيرىي تەبىئىي سەپرا، بەلغەم ۋە سەۋدا خىلىتلىرىنى سۈرىدۇ، تۇسالغۇلارنى ئاچىدۇ ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 3 ~ 6 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەررى:** ئۆپكىگە زىيانلىق، كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

**بەدىلى:** لاجۇۋەرد، شاھتەررە.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياساللار:** مەتبۇخ، ھەب دورىلار.

# ئەپتمۇن ئۇرۇقى

**باشقا نامى:** سېرىق ئوت ئۇرۇقى، تۇخۇمى ئەفتمۇن.

**تونۇش:** بۇ، يۆگىمەچئوت ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك سېرىقيۆگەي (سېرىق ئوت)نىڭ ئۇرۇقىدىن ئىبارەت. بۇ ئۆسۈملۈك زىغىر قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرگە يۆگىشىپ ئۆسىدىغان تەييارتاپ ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇرۇقى ياپىلاق شارسىمان ياكى تۇخۇمسىمان بولۇپ، سىرتقى پوستى قىزىل خورما رەڭلىك ياكى سارغۇچ قوڭۇر رەڭدە كېلىدۇ، تەمى ئازراق ئاچچىق، پۇراقسىز بولىدۇ. ئۇ «ئەپتمۇن ئۇرۇقى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** مەملىكىتىمىزنىڭ كۆپلىگەن جايلىرى جۈملىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىنى پىشۇرىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئارتۇق ماددىلارنى تارقىتىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 2 ~ 6 گىرام.

**زەرەرى:** ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا، ئەرەب يېلىمى.

**بەدىلى:** ئەپتمۇن، ئەمەن.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇق قورۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەتبۇخ دورىلار.

# ئەپيۇن

**باشقا نامى:** لەبەنۇلخەشخاش.

**تونۇش:** بۇ، ئەپيۇنگۈل ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك كۆكنار غوزىسىنىڭ سىرتقى پوستىنى راسا ۋايىغا يەتكەندە توغرىسىغا ناھايىتى نېپىز تىلىپ قويغاندا، تىلىپ قويغان غوزىدىن ئاستا سىزىپ چىققان ئۇسارىسىنىڭ قېتىشمىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، رەڭگى دەسلەپتە چىققاندا سېرىققا مايىل قارا رەڭدىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا قارامتۇل رەڭگى خورما رەڭدە بولۇپ قالىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كۆپلىگەن يەرلىرىدە تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ، ئافغانىستان، ئىران، رۇسىيە، ياپونىيە قاتارلىق ئەللەردىنمۇ چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** مەست قىلىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، ياللۇغ قايتۇرىدۇ، نېرۋىنى تىنچلاندۇرىدۇ، مەنىي تۇتىدۇ، ئۇيقۇ كەلتۈرىدۇ، يۆتەل پەسەيتىدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، سۈيدۈك ۋە قان توختىتىدۇ، چىرىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، قىزىتما قايتۇرىدۇ، غەيرىي تەبئىي خىلتلارنى تەڭشەيدۇ، روھىي ھايۋانىينى قۇۋۋەتلەيدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 31 ~ 50 مىللىگرام.

**زەرەرى:** مىقداردىن كۆپ ئىشلەتسە، ھوشسىزلاندۇرۇپ قويىدۇ، دائىم ئىشلەتسە خۇمار قىلىپ قويۇپ، يامان ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئەگەر قاتتىق قورساق ئاغرىقى پەيدا قىلسا، ئەمەن سۈيى بىلەن ھەمەل قىلىش ياكى قۇستۇرۇش، ئاشقازاننى يۇيۇش، ھىلىق يېگۈزۈش كېرەك.

**بەدىلى:** بەزرۇلبەنجى، قان توختىتىشقا تاباشىر، گىل مەختۇم، كەھرىۋا.

**لايىقلاشتۇرۇشى:** ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەجۇن، ھەب دورىلار.

# ئەدەس

**باشقا نامى:** شوخدانە، مەسور.

**تونۇش:** بۇ، پۇرچاق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق، ئەدەسكە ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، پاكار ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقى تۆت جۈپتىن يەتتە جۈپكىچە بولىدۇ؛ گۈلى ياز پەسلىدە ئېچىلىدۇ، گۈل تاجى كېپىنەك شەكلىدە كېلىدۇ؛ مېۋىسى قاسراقلىق ۋە ياپىلاق كېلىدۇ؛ ئۇرۇقى بىر ـ ئىككى تال بولۇپ، شەكلى قوناقتەك، رەڭگى قىزىل بولىدۇ.

**چىققىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھۆل سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** يۇقىرى قان بېسىمنى چۈشۈرىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، چىرايغا جۇلا بېرىدۇ، ھارارەتنى پەسەيتىدۇ، ياللۇغ قايتۇرىدۇ، يۆتەل پەسەيتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 15 ~ 20 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** ئۇزۇندا سىڭىدۇ. قورساقنى ئېسىدۇ، بوۋاسىرغا ۋە ئاشقازانغا زىيانلىق.

**تۈزەتكۈچىسى:** كۈنجۈت يېغى، سىركىماي، بادام يېغى، ھەسەل قاتارلىقلار.

**بەدىلى:** ماش، باقلىه.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قورۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** شەربەت دورىلار.

# ئەرەب يېلىمى

باشقا نامى: سەمغى ئەرەبى.

تونۇش: بۇ، پۇرچاق ئائىلىسىدىكى چاتقالسىمان ئۆسۈملۈك «ئەمغىلان ياكى بىبول» دېگەن بىر خىل تىكەنلىك دەرەخ (ئەرەب ئاكاتسىيەسى) دەرىخىنىڭ يېلىمىدىن ئىبارەت بولۇپ، يېلىمىنىڭ رەڭگى سېرىققا مايىل ئاق، خۇددى ئۈرۈك يېلىمىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ يېلىم «سەمغى ئەرەبى» ياكى «ئەرەب يېلىمى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: ئافرىقا، سۇدان قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: بەلغەم بوشىتىدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ. زەھەر قايتۇرىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 4~ 8 گىرام.

زەرەرى: قەۋزىيەت پەيدا قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: كەتىرا، ئاق سەندەل.

بەدىلى: بادام يېغى، ھەببۇلئاس.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: سۇفۇپ، لوئوق دورىلار.

# ئەرمۇدۇن ئۇرۇقى

**باشقا نامى:** لىسانۇلئەساپۇر.

**تونۇش:** بۇ، ئەرمۇدۇن ئائىلىسىدىكى چاتقال ئۆسۈملۈك ئەرمۇدۇن دەرىخىنىڭ ئۇرۇقى بولۇپ، شەكلى خۇددى قۇشقاچ تىلىغا ئوخشاش بولغانلىقتىن قۇشقاچ تىلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، تەمى بىرئاز ئاچچىق، پۇرىقى ئۆتكۈر، ئاچچىق پۇراقلىق بولىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ ۋە رايونىمىزنىڭ كۆپلىگەن يەرلىرىدە ئۆستۈرۈلىدۇ، تايلاند، ھىندىستان، ھىندونېزىيە قاتارلىق ئەللەردىنمۇ چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** پەي - مۇسكۇل، تارىمۇشلارنى چىڭىتىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، يەل تارقىتىدۇ، تۇسالغۇلارنى ئالىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** بىلە ئاجىزلىقى ئۈچۈن يەككە ھالەتتە توققۇز گىرامغىچە بېرىلىدۇ، باشقا ياردەمچى دورىلار بىلەن بىرىشتە ئالتە گىرامغىچە ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** باشنى ئاغرىتىدۇ، ھۆ پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى.

**بەدىلى:** كاۋاۋىچىن، جوز.

**لايىقلاشتۇرۇشى:** ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياساملار:** مەجۇن دورىلار.

# ئەفسەنتىن

باشقا نامى: مۇردە، ئاچچىق ئەمەن.

تونۇش: بۇ، مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ئاچچىق ئەمەن بولۇپ، تېنى يېشىل رەڭلىك، تەمى ئاچچىق، پۇرىقى ئۆتكۈر، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى «ئاچچىق ئەمەن» ياكى «ئەفسەنتىن» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، مېڭە، جىگەر ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ، قۇرت ئۆلتۈرىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 2 ~ 5 گىرام.

زەرەرى: ئىسسىق مىزاج كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: ئاچچىق ئانار.

بەدىلى: غاپەس.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: مەتبۇخ، ھەب دورىلار.

# ئەگرسۇناي

**باشقا نامى:** خام ئەگرسۇناي.

**تونۇش:** بۇ، چۇقا ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق، ئەگرسۇنايغا ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئېگىزلىكى 25 ~ 40 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئۆسۈملۈك تېنى ئاقۇچ كۆل رەڭ، كونۇسسىمان بولىدۇ، غولى تىك ئۆسىدۇ؛ تۆۋىدىن ئۆسكەن يوپۇرماقلىرى توپلىشىپ ئۆسىدۇ، گۈلى ئۇچىدىن ئۆسكەن بولۇپ، ئومۇمىي گۈل رېتىنى ھاسىل قىلىدۇ. گۈل تاجىسى ئەگرسۇنايغا ئوخشايدۇ، رەڭگى قىزغۇچ سۆسۈن ياكى ئوچۇق سۆسۈن كېلىدۇ، رەڭلىك سىزىقلىرى بولىدۇ. مېۋىسى تۇخۇم شەكىلدە ياكى تۇخۇمسىمان دۈگىلەك شەكىلدە بولىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ تازىلانغان ھۆل يىلتىزى «خام ئەگرسۇناي»، سىركە بىلەن قورۇپ لايىقلاشتۇرۇلغىنى «پىششىق ئەگرسۇناي» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. يىلتىزى ۋە غولىنى قەلەمچە قىلىپ تىكىش ئارقىلىق كۆپەيتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ماناس، غۇلجا قاتارلىق جايلىرىدا تىكىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** قىزىتما قايتۇرىدۇ، قاننىڭ ئۆتكۈر ھارارىتىنى سوۋۇتىدۇ، ھۆللۈك يەتكۈزىدۇ. تەبىئىي خىلىت ھاسىل قىلىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ ھۆل ئەگرسۇناي 15 ~ 30 گىرام، خام ئەگرسۇناي ۋە پىششىق ئەگرسۇناي 12 ~ 20 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** ھەزىمنى بۇزىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** پىننە

**بەدىلى:** رۇمبەدىيان

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** سىركىدە قورۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** قايناتما دورىلار.

## ئەگىلكئوت

باشقا نامى: سۇرخى.

تونۇش: بۇ، ئەگىلكئوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق، ئەگىلكئوتقا ئورۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئېگىزلىكى 25 ~ 35 سانتىمېتىر كېلىدۇ؛ ئۆسۈملۈك تېنىدە يىرىك ئاق تۈكچىلەر بولىدۇ؛ ئادەتتە بىرقانچە يىلتىز يۆگىشىپ، كونۇس شەكلىنى ھاسىل قىلىدۇ. يىلتىزىنىڭ تاشقى پوستى قارامتۇل جىگەر رەڭ، غولى بىر تال، تىك ئۆسىدۇ ياكى تۆۋىدىن ئىككى شاخقا ئايرىلىدۇ؛ تۆۋىدىكى يوپۇرماقلىرى توپلىشىپ ئۆسىدۇ، رەڭگى سارغۇچ يېشىل قوڭۇر رەڭدە بولىدۇ، غولىدىكى يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. گۈل رېتى چايان قۇيرۇقىدەك چەكلىك كۈنلۈكسىمان بولۇپ، ئۇچىدا ئۆسىدۇ. گۈل تاجىسى ئۇزۇن كانايسىمان، رەڭگى سۆسۈن ياكى سۇس سۆسۈن رەڭدە بولىدۇ. مېۋىسى كىچىك، قاتتىق، شەكلى كەڭ تۇخۇمسىمان، رەڭگى سۇس قوڭۇر كېلىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تاغلىقلارنىڭ كۈنگەي جايلىرىدا ئۆسىدۇ.

تەبىئىتى: ھۆل سوغۇق.

خۇسۇسىيىتى: بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزىدۇ، قاننىڭ ئۆتكۈر ھارارىتىنى سوۋۇتىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ، زەھەر قايتۇرىدۇ، چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: ئەھۋالغا قاراپ 4 ~ 12 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

زەرەرى: ئاشقازان، ئۈچەي ئاجىزلار ۋە چوڭ تەرىتى سۇيۇق كېلىدىغانلار ئىچسە بولمايدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: پىننە، بەدىيان، تاباشىر.

بەدىلى: نىلۇپەر، بىنەپشە.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: شەربەت دورىلار.

# ئەمەن ئۇرۇقى

باشقا نامى: ئاچچىق ئەمەن ئۇرۇقى، تۇخۇمى ئەفسەنتىن.

تونۇش: بۇ، مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق، ئەمەنگە ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، بىر مېتىر ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ؛ غولى تىك، يوپۇرمىقى ئۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، ئالدى يۈزى يېشىل، كەينى ئاقۇچ كۈل رەڭ كېلىدۇ؛ باشسىمان گۈل رېتى قوڭغۇراققا ئوخشاش ساڭگىلاپ تۇرىدۇ، بۇلار تىزىلىپ باشاقسىمان گۈل رېتىنى ھاسىل قىلىدۇ (مېۋە مەزگىلىدە ئومۇمىي گۈل رېتى شەكلىنى ئالىدۇ) گۈلى نەيسىمان، رەڭگى سارغۇچ يېشىل، بىرئاز سۆسۈن سىزىقلىرى بار، مېۋىسى ئورۇق بولۇپ، ئۇششاق، سوقچاق يۇملاق، تەمى قاتتىق ئاچچىق، ئۇ «ئەمەن ئۇرۇقى» نامدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يول بويلىرى ۋە داللىلاردا ئۆسىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: تۇسالغۇلارنى ئاچىدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى سۈرىدۇ، ئۆپكىنى تازىلايدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، ھەيز ماڭدۇرىدۇ، قۇرت ئۆلتۈرىدۇ، تەرلىتىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: ئەھۋالغا قاراپ 8 ~ 12 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

زەرەرى: ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەردە باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: شەربىتى رۇممان.

بەدىلى: بابۇنە رۇمى، ئەفسەنتىن رۇمى.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: مەتبۇخ دورىلار.

# ئەنبەر

باشقا نامى: ئەنبەر ئەشھەب.

تونۇش: بۇ، قارا كىت ئائىلىسىدىكى ھايۋانات «ئىسغىرەم ۋىل» نـاملىق بـىر خىل قـارا كىتنىڭ ئۈچەي ئاجراتمىلىرىنىڭ قۇرۇتۇلغان ماددىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ «ئەنبەر» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. رەڭگى قوڭۇر رەڭلىك بولۇپ، چۈرۈك ھەم يېنىك. چاينـسا شامـدەك چىشقا چاپلىشىدۇ، تەمى ئاچچىقراق، خۇش پۇراق كېلىدۇ .

چىقىش ئورنى: شەرقىي دېڭىز ۋە جەنۇبىي ئوكيانلاردىن چىقىدۇ ھەم ئامېرىكا، ياپونىيە، بېنگال، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

خۇسۇسىيىتى: مېڭە، يۈرەك ۋە باھـنى قۇۋۋەتلـەيدۇ، كۆڭۈلـگە خۇشلـۇق يەتكۈزىـدۇ، تەبىئىي ھارارەتنى ساقلايدۇ، پەي ـ مۇسكۇللارنى چىڭىتىدۇ، زېھننى ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 0.3 ~ 1 گىرام

زەرەرى: جىگەر ۋە ئۈچەيگە زىيان قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: ئەرەب يېلىمى، تاباشىر.

بەدىلى: ئىپار، زەپەر.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: سالايە قىلىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: خېمىر، داۋائى دورىلار.

# ئەنجبار

**باشقا نامى:** ئۆگىنەك.

**تونۇش:** بۇ، قامچىگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق، قامچىئوتقا ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئېگىزلىكى 60 ~ 90 سانتىمېتىر كېلىدۇ؛ يىلتىزسىمان غولى توم بولۇپ، ئېگىلىپ تۇرىدۇ، غولى يەككە، تىك ئۆسىدۇ؛ تۈۋىدىن ئۆسكەن يوپۇرمىقىنىڭ سېپى ئۇزۇن، يوپۇرماق غىلاپى كانايسىمان پەردىسى بىلەن غولىنى ئوراپ تۇرىدۇ؛ باشاقسىمان گۈل رېتى غولىنىڭ ئۇچىدا يەككە ئۆسىدۇ، شەكلى ئىنچىكە تۈۋرۈك شەكلىدە بولۇپ، گۈلى كىچىك، رەڭگى ئاق ياكى ھال رەڭدە كېلىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزسىمان غولى «ئەنجبار» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تاغلىق جايلىرىدىكى ياۋا ئوتلار ئارىسىدا ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** ئىچ سۈرۈش ۋە قۇسۇشنى توختىتىدۇ، قاننى توختىتىدۇ، جاراھەت پۈتتۈرىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ، زەھەر قايتۇرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 4 ~ 12 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** سوغۇق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ، توسۇلۇش پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** زەنجىۋىل، ھەسەل.

**بەدىلى:** ھەببۇلئاس، خۇنسىياۋشان.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** شەربەت دورىلار.

# ئەنجۈر

**باشقا نامى:** ئەنجىر، تىن.

**تونۇش:** بۇ، ئۈجمە ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ بولۇپ، ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىردىن ئاشىدۇ، كۆپ شاخلىنىدۇ، ھۆل يوپۇرماقلىرى سۇندۇرۇلسا، ئاق سۈتى چىقىدۇ؛ يوپۇرماقلىرى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، گۈللىرى تەتۈر تۇخۇمسىمان ياكى شار شەكىللىك گۈل تېگىگە يوشۇرۇنۇپ، يوشۇرۇن باشلىق گۈل رېتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. گۈل رېتى قولتۇقىدىن ئۆسىدۇ، گۈل تېگى تەدرىجىي چوڭىيىپ، تەتۈر تۇخۇم شەكلىدىكى گۆشلۈك يالغان مېۋىگە ئايلىنىدۇ. مېۋىسى خام چېغىدا يېشىل رەڭدە بولۇپ، پىشقاندا سارغۇچ قوڭۇر ياكى سۆسۈن قوڭۇر رەڭگە كىرىدۇ. بۇ مېۋىنىڭ قۇرۇتۇلغىنى «ئەنجۈر، ئەنجۈر قېقى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ جەنۇبىدا ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ، تالنىڭ خىزمىتىنى ياخشىلايدۇ، ئۆچەينى سىلىقلاشتۇرىدۇ، رېماتىزمنى ياخشىلايدۇ، قان توختىتىدۇ، سۈتنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 6 ~ 12 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** جىگەر ۋە ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سۆئىتەر، رۇمبەدىيان.

**بەدىلى:** باراۋەر مىقداردا چىلغوزا.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** ئاپتاپتا قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** شەربەت، مۇرابба دورىلار.

# ئەنزىرۇت

**باشقا نامى:** ئەنجىدەك.

**تونۇش:** بۇ، پۇرچاق ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك ئەنزىرۇت دەرىخىنىڭ يېلىمى بولۇپ، دانچىسىمان ياكى تالقانسىمان، رەڭگى قىزىلغا مايىل سېرىق، تەمى ئاچچىق بولۇپ، «ئەنزىرۇت» ياكى «گۆشخور» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، يەل تارقىتىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ، يارىلارنى قۇرۇتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 0.5 ~ 3 گىرام.

**زەرەرى:** ئۈچەيگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بادام يېغى، كەتىرا، ھەسەل.

**بەدىلى:** باراۋەر مىقداردا سەبرە.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** زىمات، سۇفۇپ، شەربەت دورىلار.

# ئەينۇلا

باشقا نامى: ئالۇبۇخارا، ئۇجاس.

تونۇش: بۇ، ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، ياغاچ غوللۇق يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ بولۇپ، سورتلىرى كۆپ، سوغۇققا چىدامىلىق: يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكىللىك: باھاردا چېچەكلەيدۇ، گۈلتاجى ياپراقچىسى بەش تال، ئاق، قىزىل، ھال رەڭ قاتارلىق رەڭلەردە بولىدۇ، خۇشبۇي پۇرايدۇ؛ مېۋىسى شار شەكلىدە، رەڭگى يېشىل، پىشقاندا سېرىققا ئۆزگىرىدۇ، يېگىلى بولىدۇ، تەمى چۈچۈمەل، قۇرۇتۇلغان مېۋىسى «ئەينۇلا» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ جەنۇبىدا كۆپ ئۆسىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

خۇسۇسىيىتى: قىزىتما قايتۇرىدۇ، قان، سەپرا خىلتلىرىنىڭ ئۆتكۈر ھارارىتىنى پەسەيتىدۇ، ئۇسسۇزلۇقنى باسىدۇ، مەددە قۇرت چۈشۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: ئەھۋالغا قاراپ 4 ~ 12 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

زەرەرى: سوغۇق مىزاج كىشىلەردە يۆتەل پەيدا قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: چىلان، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى.

بەدىلى: باراۋەر مىقداردا تەمرىھىندى.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: ئاپتاپتا قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: شەربەت، مۇرابا دورىلار.

## بابۇنە

**باشقا نامى:** بابۇنەج.

**تونۇش:** بۇ، مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق، بابۇنەگە ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، شاخلىرى كۆپ، ئىنچىكە، يوپۇرمىقى ئۇششاق، گۈلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى گۈللىرى سېرىق، چۆرىسىدىكى گۈللىرى ئاق، خۇشبۇي پۇرايدۇ. سايىدا قۇرۇتۇلغان گۈللىرى «بابۇنە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، تاغ، جاڭگاللاردا ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، يەل ھەيدەيدۇ، ئىششىق تارقىتىدۇ، مېڭە ۋە پەيلەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 2 ~ 10 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** گالغا، كۆكرەككە قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل، بىنەپشە، نىلۇپەر.

**بەدىلى:** ئىكلىلمەلىك، ئاق لەيلىگۈلى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياساللار:** چىلانىما، زىمات دورىلار.

# بادام مېغىزى

**باشقا نامى:** مېغىزى لەۋزى.

**تونۇش:** بۇ، ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان، بادامغا ئۇرۇقداش دەرەخ بولۇپ، قوۋزىقى كۈل رەڭ بولىدۇ؛ يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، توخۇمسىمان تېمىنە يوپۇرماق سېپىنىڭ تۈۋىدە بەزىلىك نۇقتىلار بولىدۇ؛ گۈلى هال رەڭ ياكى ئاقۇچ رەڭدە بىر - ئىككىدىن بولۇپ ئۆسىدۇ، گۈل تاجى ياپرىقى بەش تال؛ مېۋىسى سوقچاق، سىلىق، قۇرۇق بولۇپ، ئاسان يېرىلىدۇ، ئۇچكىسى سىلىق، چوڭقۇر ئويمانلىرى بولىدۇ. مېغىزى سوقچاق بولۇپ، تەمى تاتلىق بولىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ جەنۇبىدا تېكىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**تەبىئىتى:** هۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ، يۆتەل ۋە زىققىنى توختىتىدۇ، مېڭىگە هۆللۈك يەتكۈزۈپ، نېرۋىنى كۈچلەندۈرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 12 ~ 20 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ، تەستە سىڭىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** مەستىكى، پىننە، بەدىيان.

**بەدىلى:** چىلغوزا مېغىزى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** پوستىدىن ئايرىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** لوئوق، سۇفۇپ دورىلار.

# بادرەنجبۇيا

**باشقا نامى:** مۇپەررىھى قۇلۇپ.

**تونۇش:** بۇ، كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق، پىنىگە ئۆرۈقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، تېنى تۈكلۈك، چاسا غوللۇق بولىدۇ، يوپۇرماقلىرى ئۇدۇل ئۆسىدۇ، گۈلى سۇس سۆسۈن كېلىدۇ ۋە غولىنىڭ ئۇچىغا يېقىنراق بولغان يوپۇرماقلىرىنىڭ ئارىسىدا ئۆسۈپ، كۆنلۈكسىمان گۈل رېتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى «بادرەنجبۇيا» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** تىنچلاندۇرىدۇ، يۆتەل توختىتىدۇ، مېڭە، يۈرەك ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 6~10 گىرامغىچە ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** سۆڭەك بوغۇملىرىغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئەرەب يېلىمى.

**بەدىلى:** گاۋزىبان، ئۇستىقۇددۇس.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چېتىشىدىغان ياسالمىلار:** مەتبۇخ، شەربەت دورىلار.

# باقىلە

باشقا نامى: باكىلاھ.

تونۇش: بۇ، پۇرچاق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق، ياۋا ماشقا ئوخشاش ئۆسۈملۈك بولۇپ، گۈلى ئاق ياكى بىنەپشە رەڭدە كېلىدۇ، ئۇرۇقى ئادەتتە سېرىق بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى «باقىلە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆسىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق سوغۇق.

خۇسۇسىيىتى: ھەر خىل ئىششىقلار ۋە ياللۇغلىنىشلىق كېسەللىكلىرىنى داۋالايدۇ. داغ، سەپكۈن، سۈيدۈك تۇسۇلۇش، ھەيز راۋان بولماسلىقتا داۋا بولىدۇ.، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، ئۈچەي قۇرتلىرىنى چۈشۈرىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: ئەھۋالغا قاراپ 10 ~ 30 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

زەرەرى: ھەزىمنى ئېغىرلاشتۇرىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: تۇز، سېرىقماي.

بەدىلى: سېرىق ماش.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: پوستىدىن ئايرىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياساللار: زىمات، سۇفۇپ، مەجۇن دورىلار.

## بالادۇر

**باشقا نامى:** بالادۇر ئەسەلى.

**تونۇش:** بۇ، سىر دەرىخى ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان ئۆسۈملۈك بالادۇر ئۇرۇقدېشىنىڭ مېۋىسى بولۇپ، ياپىلاق، ئۇرۇقىنىڭ ئۇچكىسىدەك چوڭلۇقتا، خورما رەڭدە، تەمى ئاچچىق، پۇرىقى ئۆتكۈر زەھەرلىكتۇر.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ ئىسسىق بەلباغ رايونلىرىدىن ھەمدە پاكىستان، ھىندىستان قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** مۇسكۇل ۋە پەيلەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، يەل تارقىتىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، تېرىگە رەڭ پەيدا قىلىدۇ، بەدەندىكى زىيادە ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 0.1 ~ 0.3 گىرام.

**زەرەرى:** ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە، شۇنداقلا مېڭە پەردە ياللۇغى، مالىخولىيا قاتارلىق كېسىلى بارلارغا ئىشلىتىلمەيدۇ. ئەگەر مىقدارىنى ئاشۇرۇپ ياكى زەھەرسىزلەندۈرمەي ئىستېمال قىلسا، ئادەمنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يەتكۈزىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كۈنجۈت يېغى، قايماق، ياڭاق مېغىزى.

**بەدىلى:** كۈچۈلا.

**لايىقلاشتۇرۇشى:** قىزىتىلغان ئامبۇر بىلەن سىقىپ ئەسەلى (مايسىمان شىرىسى)نى ئېلىش ئارقىلىق زەھەرسىزلەندۈرۈپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەجۇن دورىلار.

# بالەنگو چۆپى

باشقا نامى: بەرگى بالەنگو، بەرگى بالا.

تونۇش: بۇ، كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق، يالپۇزغا ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، شاخلىرى پارقىراق، رەيھان ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدۇ، چېچەكى ئاقۇچ كۆككە مايىل، ئۇرۇقى رەيھاننىڭكىدىن چوڭراق، خۇشبۇي بولىدۇ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى «بالەنگو چۆپى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزىدۇ، مېڭە ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، يەڭگىل دەرىجىدە ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: ئەھۋالغا قاراپ 3~6 گىرامغىچە ئىشلىتىلىدۇ.

زەرىرى: ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: پىننە، بەدىيان، زىرە.

بەدىلى: رەيھان ئۇرۇقى.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قورۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياساللار: چىلانما، شەربەت دورىلار.

# بالەنگو ئۇرۇقى

**باشقا نامى:** تۇخۇمى بالەنگو، بەزرۇلبالا.

**تونۇش:** بۇ، كالپۇكسمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق يالپۇزغا ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرماقلىرى رەيھاننىڭ يوپۇرماقلىرىغا، ئۇرۇقى رەيھاننىڭ ئۇرۇقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى «بالەنگو ئۇرۇقى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپلىگەن يەرلىرىدە تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزىدۇ، مېڭە ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، يەڭگىل دەرىجىدە ئىچ سۈرۈشنى، مەنىي ئېقىپ كېتىشنى توختىتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 4 ~ 5 گىرام.

**زەرەرى:** ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** گۈلبىنەپشە.

**بەدىلى:** تۇخۇمى رەيھان.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** پوستىدىن ئايرىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەتبۇخ، شەربەت دورىلار.

# بەرەڭگى كابۇلى

باشقا نامى: باۋبىرەڭ.

تونۇش: بۇ، تالا ئائىلىسىدىكى ياغاچ غوللۇق كىچىك چاتقال ئۈسۈملۈك بەرەڭگى كابۇلىنىڭ ئۇرۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇرۇقىنىڭ شەكلى سەل سوقىچاقراق، يۇمىلاق، قارىمۇچتىن سەل كىچىكرەك، سىرتى قارا رەڭلىك، ئىچى ئاق، تەمى ئاچچىق، پۇرىقى سۇس كېلىدۇ. مۇشۇ ئۇرۇقى «بەرەڭگى كابۇلى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: ئىلىمىزنىڭ گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى قاتارلىق جايلىرىدىن ھەمدە ھىندىستان، ئافغانىستان قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: ئۆچەي قۇرتلىرىنى ئۆلتۈرىدۇ، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم ۋە سەۋدا خىلتلىرىنى سۈرىدۇ، يەل تارقىتىدۇ، ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ، چىش ئاغرىقىنى توختىتىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 1 ~ 2 گرام.

زەرەرى: ئۆچەيگە قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: مەستىكى، ئەرەب يېلىمى، كەتىرا.

بەدىلى: تەڭ مىقداردىكى ئاق ماش، قەمبىل.

لايىقلاشتۇرۇشى: ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: ئىترىفىل، ھەب دورىلار.

# بەزرۇلبەنجى

**باشقا نامى:** مىڭدىۋانە، ئۇخۇمى بەزرۇلبەنجى.

**تونۇش:** بۇ، پىدىگەن ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق، پىدىگەنگە ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئېگىز ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقى رەيھاننىڭ يوپۇرمىقىدىن يوغانراق، قېلىن، قارا كۆك رەڭدە، تۈكلۈك بولىدۇ. پۇرىقى بەتبۇي، تەمسىز. گۈلى سۈس هاۋا رەڭدە، تېنى تۈكلۈك بولۇپ، ئۇرۇقى ئانارنىڭ چۇشۇپ كېتىدىغان يالغان چېچەكىگە ئوخشاش، غوزىنىڭ ئىچىدە تۇرىدۇ، ئۇرۇقى ئۇششاق، ياپىلاقراق، قىزىل، قارا، ئاق رەڭدە بولىدۇ. قىزىلىنىڭ چېچەكى سېرىق رەڭدە، قارىسىنىڭ سۈس هاۋا رەڭدە، ئېقىنىڭ قارىراق ئاق رەڭدە بولىدۇ. قارا ئۇرۇقلۇقى بىلەن قىزىل ئۇرۇقلۇقى ئانچە ئىشلىتىلمەيدۇ، ئاق ئۇرۇقلۇقى «بەزرۇلبەنجى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنى بۇ يىل تېرىسا، كېلەر يىل هوسۇل بېرىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ هەرقايسى جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** نېرۋىنى تىنچلاندۇرىدۇ، مەست قىلىدۇ، ئۇيقۇ كەلتۈرىدۇ، بىهوش قىلىدۇ، قۇرۇتىدۇ، قان توختىتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 1 ~ 2 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** كۆپ ئىستېمال قىلسا ياكى ئۇزاق مۇددەت ئىشلەتسە، نېرۋا خىزمىتى قالايمىقانلىشىپ، بىمار ساراڭ بولۇپ قالىدۇ. ھەتتا ئۆلۈپ كېتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** قايماق ياكى يېڭى سۈت ئىچۈرۈش، قايتا - قايتا قۇستۇرۇش.

**بەدىلى:** ئەپيۇن، كۆكنار.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** ئادەتتىكىدەك ساپلاپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەجۇن، قۇرس دورىلار.

# بەسباسە

باشقا نامى: جاۋتەرى.

تونۇش: بۇ، زەنجىۋىل ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەرەخنىڭ مېۋىسى جۇزبۇۋىنىڭ سىرتقى پوستى بولۇپ، رەڭگى كاۋا چېچىكى رەڭدە قىزغۇچ سېرىق، مايلىشاڭغۇ، پۇرىقى ئۆتكۈر، تەمى ئاچچىق بولۇپ، «بەسباسە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: ھىندونېزىيە، مالايشىيا، ھىندىستان، بىرازىلىيە، سىرى لانكا قاتارلىق دۆلەتلەردىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: مېڭە، ئاشقازان، جىگەر، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتىدۇ، تۇسالغۇلارنى ئاچىدۇ، قىزىتىدۇ، يەڭگىل دەرىجىدە يەلنى ھەيدەيدۇ، تۇتۇش قۇۋۋىتىنى كۈچەيتىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 6 ~ 9 گىرام.

زەرەرى: باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: گۈلبىنەپشە، بىدىمۇشكى.

بەدىلى: جويۇز.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چىقىدىغان ياسالمىلار: مەجۇن، سۇفۇپ دورىلار.

# بەللە

**باشقا نامى:** بەلىج.

**تونۇش:** بۇ، چاھار بۇرجەك ئائىلىسىدىكى غازاڭ تاشلايدىغان ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈك چوڭ دەرەخ بەللە دەرىخىنىڭ پىشقان مېۋىسى بولۇپ، ئۆرۈك چوڭلۇقىدا، رەڭگى سېرىق، تەمى قۇرغاق چۈچۈمەل بولۇپ، قۇرۇتۇلغان مېۋىسى «بەللە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ شەرقىي جەنۇب ئۆلكىلىرىدىن ھەم ۋيېتنام، تايلاند، ھىندىستان، بىرما، ھىندونېزىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، ئاشقازان، مېڭە ۋە كۆزنى قۇۋۋەتلەيدۇ. غەيرىي تەبىئىي سەپرا ۋە سەۋدا خىلتلىرىنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 5 ~ 9 گىرام.

**زەرەرى:** تەستە ھەزىم بولىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل، شېكەر.

**بەدىلى:** ئاملە مۇقەششەر.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** ئۇكچىسىنى ئېلىۋېتىپ، مايدا قورۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەجۇن دورىلار.

# بوزۇغا

باشقا نامى: ئايلىشى، بوزبوغا.

تونۇش: بۇ، زەنجىۋىل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق كونا يىلتىزلىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بوزۇغىنىڭ يىلتىزسىمان غولى بولۇپ، «ئايلىشى»، «بوزۇغا»، قاتارلىق ناملاردا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: ئېلىمىزنىڭ گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن ھەم بېنگال، ئىران قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، مېڭە، يۈرەك، ئاشقازان ۋە باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، قۇسۇشنى توختىتىدۇ، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋان قىلىدۇ، چىش تۈۋىنى چىڭىتىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 1 ~ 3 گىرام.

زەرەرى: ئەزالارغا قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: بىنەپشە، بادام مېغىزى.

بەدىلى: زورەمبات، زەنجىۋىل.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: سۇفۇپ، مەتبۇخ، زىمات دورىلار.

# بوزىدان

**باشقا نامى:** هىندى ئاقىرقەرھا.

**تونۇش:** بۇ، مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك بوزىداننىڭ يىلتىزسىمان غولىدىن ئىبارەت بولۇپ، شەكلى ئىنچىكرەك كەلگەن بەدىيان يىلتىزىغا ئوخشايدۇ، يىلتىزى قاتتىق، ئۇزۇن، سېرىققا مايىل ئاق، تەمى ئاچچىققا مايىل تاتلىق كېلىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزسىمان غولى «بوزىدان» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئافغانىستان، ئىران قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** پەي ۋە مۇسكۇللارنى قۇۋۋەتلەيدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ ۋە قوزغايدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، سۆڭەك ۋە ئەسەبلەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 3 ~ 5 گىرام.

**زەرەرى:** ئۇرۇق بېزىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل، قىچا.

**بەدىلى:** ئاق بەھمەن.

**لايىقلاشتۇرۇشى:** ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** شەربەت، مەجۇن دورىلار.

# بۆغا قېنى

**باشقا نامى:** دەمۇلئەيىل.

**تونۇش:** بۇ، چىپار بۇغا ۋە قارا تايغان بۇغا قاتارلىقلارنى تۇز سۈيى سېلىنغان قاچىغا بوغۇزلاپ، قېنىنى تۇز سۈيى بىلەن بىرگە سايىدا قويۇپ قۇرۇتۇپ تەييارلانغان قان بولۇپ، تېبابەتتە «بۇغا قېنى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىي شىمالى، ئىچكى موڭغۇل، غەربىي شىمال، غەربىي جەنۇب قاتارلىق جايلىرىدىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** بۆرەك، دوۋساق ۋە باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، قان تولۇقلايدۇ، سۈت ۋە مەنىي كۆپەيتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 3 ~ 4 گىرام.

**زەرەرى:** ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بىنەپشە.

**بەدىلى:** باچكا قېنى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** سايىدا قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** سۇفۇپ، مەجۇن دورىلار.

# بۇغا مۈڭگۈزى

**باشقا نامى:** قاتقان بۇغا مۈڭگۈزى، شاخ گۈزەن.

**تونۇش:** بۇ، چىپار بۇغا، قارا تايغان بۇغىسى ۋە باشقا تۈردىكى ئەركەك بۇغىلارنىڭ يەنى تولۇق يېتىلگەن بۇغىنىڭ مۈڭگۈزىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ھايۋاننىڭ كېسۋېلىنغان ياكى بۇ ھايۋان ئۆزى تاشلىۋەتكەن قاتتىق مۈڭگۈزى «قاتقان بۇغا مۈڭگۈزى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىي شىمال، ئىچكى موڭغۇل، غەربىي شىمال، غەربىي جەنۇب قاتارلىق جايلىرىدىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** قان توختىتىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، قان كۆپەيتىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، جاراھەت پۈتتۈرىدۇ، زەھەر قايتۇرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 15 ياشتىن چوڭلارغا 4 ~ 8 گىرام بېرىلىدۇ، بالىلارغا بېرىلمەيدۇ.

**زەرەرى:** كۆپ ئىشلەتسە كۆزنى ئېچىشتۇرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا، ھەسەل.

**بەدىلى:** تۆگىقۇشى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** كۇشتە قىلىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەجۇن دورىلار.

# بۇقا چۆپىسى

**باشقا نامى:** قەزىبى گاۋ، بۇقا چىۋىقى.

**تونۇش:** بۇ، كالا ئائىلىسىدىكى ھايۋانات كالا ياكى سۇ كالىسى بۇقىلىرىنىڭ قۇرۇتۇلغان زەكىرىدىن ئىبارەت. «بۇقا چۆپىسى»، «قەزىبى گاۋ»، «بۇقا چىۋىقى» قاتارلىق ناملاردا ئاتىلىدۇ. رەڭگى سېرىققا مايىل قوڭۇر ياكى قىزغۇچ قوڭۇر رەڭدە، تېنى بەزلەش، بىر ئاز بەتبۇي پۇرايدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدا بېقىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** باھنى ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، زىيادە ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش خۇسۇسىيىتى بار.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 30 ~ 60 گىرامغىچە.

**زەرەرى:** تەستە ھەزىم بولىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** پىننە.

**بەدىلى:** سەقەتقۇر، رىگىماھى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ۋە قورۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەجۇن دورىلار.

# بۇيا چۆپى

**باشقا نامى:** ئېتىز بۇيىسى.

**تونۇش:** بۇ، پۇرچاق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق، بېدىگە ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئېگىزلىكى 30 ~ 80 سانتىمېتىر كېلىدۇ؛ پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېنىدە قىسقا، يۇمشاق، ئاق تۈكچىلىرى بولىدۇ؛ يىلتىزى تىك، ئىنچىكە، ئۇزۇن، يان يىلتىزلىرى كۆپ بولىدۇ، غولى تىك ئۆسىدۇ، شاخلىنىدۇ؛ يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، ئۇرۇقى سارغۇچ تۇخۇم شەكلىدە، تەمى ئىنتايىن قېرىق. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى «بۇيا چۆپى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يول ياقىلىرى، ئېتىز قىرلىرى، ئوتلاق ۋە ئېرىق بويلىرىدا ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** قىزىتمىنى پەسەيتىدۇ، زەھەر قايتۇرىدۇ، ياللۇغ قايتۇرىدۇ، ئاغرىق توختىتىدۇ، قۇرت ئۆلتۈرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ چۆپى 4 ~ 6 گىرام.

**زەرىرى:** باش قېيىش، كۆڭۈل ئېلىشىش، قورساق كۆپۈشنى پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سۈت، ھەسەل.

**بەدىلى:** ئاچچىق ئۆرۈك مېغىزى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەتبۇخ دورىلار.

# بۆيا ئۇرۇقى

**باشقا نامى:** ئېتىزلىق بۆيىسى ئۇرۇقى.

**تونۇش:** بۇ، پۇرچاق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، ئېتىزلىق ئاچچىق بۆيىسىنىڭ ئۇرۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، «بۆيا ئۇرۇقى» ياكى «ئېتىزلىق بۆيىسى ئۇرۇقى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. غولىنىڭ سىرتقى يۈزى كۆل رەڭگە مايىل يېشىل رەڭلىك ياكى سارغۇچ يېشىل رەڭلىك بولىدۇ. يوپۇرمىقى قاتتىقراق بولىدۇ. پوستى قىسمى سارغۇچ يېشىل، ئوتتۇرىسى سۈس سېرىق رەڭلىك، ئۇرۇقى ئۇششاق، سوقچاق، رەڭگى ئاق، تەمى ئاچچىق كېلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىز جۇملىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە يەرلىرىدىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** يالقۇنى قايتۇرىدۇ، قىزىتمىنى پەسەيتىدۇ، زەھەر قايتۇرىدۇ، ئاغرىق توختىتىدۇ، قۇرت ئۆلتۈرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 3 ~ 10 گىرام.

**زەرەرى:** باش قېيىش، كۆڭۈل ئېلىشىش، قورساق كۆپۈش پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سۈت، ھەسەل.

**بەدىلى:** شاپتۇل مېغىزى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قورۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەتبۇخ دورىلار.

## بۆكەن مۈڭگۈزى

تونۇش: بۇ، بوۋىدې ئائىلىسىدىكى ھايۋان بۆكەننىڭ يېتىلگەن ۋاقتىدا كېسىپ ئېلىنىپ قۇرۇتۇپ تەييارلانغان مۈڭگۈزى بولۇپ، ئۆزى قاتتىق، بوغۇم - بوغۇملۇق مۈڭگۈز «بۆكەن مۈڭگۈزى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: ئېلىمىزنىڭ تاغ - يايلاقلىرىدىن، رۇسىيە قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

خۇسۇسىيىتى: باھنى ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ھارارەت پەسەيتىدۇ، زەھەر قايتۇرىدۇ، تارتىششنى بوشىتىدۇ، نېرۋىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، جىگەر خىزمىتىنى ياخشىلايدۇ، قان بېسىمنى چۈشۈرىدۇ، سۆڭەكلەرنى چىڭىتىدۇ، قان توختىتىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 1.5 ~ 3 گىرام.

زەرەرى: كۆكۈلنى ئېلىشتۇرىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: تەرەنجىبىن، شېكەر.

بەدىلى: بۇغا مۈڭگۈزى، ئۆچكە مۈڭگۈزى.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياساللار: سۇفۇپ، مەجۇن دورىلار.

# بۆلجۈرگەن

باشقا نامى: ساۋمېي.

تونۇش: بۇ، ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، يەر بېغىرلاپ پىلەك تارتىپ ئۆسىدىغان سامان غوللۇق، بۆلجۈرگەنگە ئوروقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى ئۈچ قۇلاقلىق مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكىلدە ياكى سوقىچاق بولىدۇ، ئارقا تەرىپى ئاقۇچ، ئوك يۈزى توق يېشىل رەڭدە، پۈرۈلمىلىرى بولىدۇ؛ گۈل تاجى ياپراقچىلىرى بەش تال، رەڭگى ئاق ياكى سارغۇچ ئاق بولىدۇ. گۈل تېگى چوڭ-يېپ، شارغا ئوخشاپ كېتىدۇ، پىشقاندا قىزىرىدۇ، تەمى چۈچۈمەل تاتلىق، يېيىشكە بولىدۇ، ئۈستىدە ھەرە ئۇۋىسىغا ئوخشاش كىچىك ئوقۇرلىرى بولىدۇ، ھەربىر ئوقۇرلىرىدا بىردىن قىزغۇچ قوڭۇر رەڭلىك ئۇرۇق مېۋىسى بولىدۇ. مۇشۇ مېۋىسى «بۆلجۈرگەن» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تاغ باغرىنىڭ زەيلىك ئوتلىقى ۋە ئورمان ئارىسىدىكى بوشلۇقلاردا ئۆسىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

خۇسۇسىيىتى: قىزىتما پەسەيتىدۇ، سۈيدۈك راۋانلاشتۇرىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ. زەھەر قايتۇرىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: ئەھۋالغا قاراپ 20 ~ 35 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

زەرەرى: تال، ئاشقازىننى ئاجىزلارغا زىيانلىق.

تۈزەتكۈچىسى: ھەسەل.

بەدىلى: قارىئۆرۈك.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: ئاپتاپتا قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: شەربەت، چىلانما دورىلار.

# بېدە كۆكى

**باشقا نامى:** بەرگى رەتبە.

**تونۇش:** بۇ، پۇرچاق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق، بېدىگە ئوخشاش ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، مۇرەككەپ يوپۇرمىقى ئۈچ تال كىچىك يوپۇرماقتىن تۈزۈلىدۇ، كىچىك يوپۇرماقلىرى دۈگىلەك كېلىدۇ؛ گۈلى كېپىنەك شەكلىدە ئېچىلىدۇ، رەڭگى سۆسۈن كېلىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى:** تال ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ، تەرەتنى ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ، ئارتۇق ھۆللۈكنى ھەيدەيدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئوتلاقلار، ئېرىق - ئۆستەڭ بويلىرى، ئېتىز قىرلىرى قاتارلىق نەم يەرلەردە ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھۆل ئىسسىق.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 10 ~ 30 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** قورساقنى ئېسىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئىنىنە.

**بەدىلى:** پالەك.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قورۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياساللىلار:** شەربەت، چىلانما دورىلار.

# بېدە ئۇرۇقى

**باشقا نامى:** بەزرۇلرەتبە.

**تونۇش:** بۇ، پۇرچاق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق ياتما يىلتىزلىق سامان غوللۇق كۆك گۈللۈك بېدە بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يېڭى ۋاقتىكى كۆكى تۇرمۇشتا «بېدە» دېيىلىپ، ئوتياش ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ، تېبابەتتە ئۇنىڭ ئۇرۇقى «بەزرۇلرەتبە» نامى بىلەن دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە يەرلىرىدىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** ئىچىنى توختىتىدۇ، مەنىي ۋە سۈت پەيدا قىلىدۇ، بەدەننى سەمرىتىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 9 ~ 12 گىرام.

**زەرەرى:** قورساقنى ئېسىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** پىننە.

**بەدىلى:** پالەك ئۇرۇقى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قورۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەجۇن دورىلار.

# بېھى

**باشقا نامى:** سەپەرجىل.

**تونۇش:** بۇ، ئازغان ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان، بېھگە ئۇرۇقداش، چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ بولۇپ، ئېگىزلىكى 3 ~ 6 مېتىر كېلىدۇ. يۇمران شاخچىلىرى تۈكلۈك بولىدۇ؛ يوپۇرمىقى نوۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، يوپۇرماق ئارقا يۈزى تۈكلۈك تۈكلەر بىلەن قاپلانغان؛ گۈلى يالغۇز بولۇپ، يۇمران شېخىنىڭ ئۇچىدا ئۆسىدۇ، گۈل تاجى ياپرىقى بەش تال، رەڭگى ئاق ياكى سۇس قىزىل، گۈل ۋە مېۋىسى خۇشبۇي پۇرايدۇ، مېۋىسى نەشپۈتسىمان سېرىق رەڭدە بولۇپ، ئۇرۇقى كۆپ، سىرتىدا يۇمشاق تۈكلۈك تۈكلىرى بولىدۇ. مېۋىسى «بېھى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كۇچا، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلىرىدا كۆپرەك تىكىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزىدۇ، يۈرەك، مېڭە ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ، تالنىڭ خىزمىتىنى ياخشىلايدۇ، ھۆلنى پەسەيتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 30 ~60 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** كۆپ يېسە يۆتەل، ھېق تۇتۇش، تارتىشىش پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل، رۇمبەدىيان.

**بەدىلى:** ئالما، ئامۇت.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ، قۇرۇتۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** شەربەت، مۇرابىبا دورىلار.

# بېھى ئۇرۇقى

**باشقا نامى:** بېھدانە، ھەببى سەپەرجىل.

**تونۇش:** بۇ، ئازغان ئائىلىسىدىكى ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان مەشھۇر مېۋىلىك دەرەخ بېھىنىڭ ئىچىدىكى ئۇرۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇچ بۇرجەك شەكىللىك، رەڭگى قارامتۇل قىزىل، تەمسىز كېلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** ئۆپكە ـ كانايىنى راۋانلاشتۇرىدۇ، غەيرىي تەبىئىي سەپرا ۋە سەۋدا خىلتىنى، قۇرۇق ئىسسىق، قۇرۇق سوغۇق كەيپىياتنى تەڭشەيدۇ؛ ياللۇغ قايتۇرىدۇ، ھۆللۈك پەيدا قىلىدۇ، قىزىتما پەسەيتىدۇ، يۆتەل توختىتىدۇ، تىلنىڭ قۇرغاقلىقىنى پەسەيتىدۇ، ئۈچەينىڭ ئىچىشىشىنى ياخشىلايدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 3 ~ 4 گىرام.

**زەرەرى:** ھەزىمنى بۇزىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بەدىيان.

**بەدىلى:** ئىسپىغۇل.

**لايىقلاشتۇرۇشى:** ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** لوئوق، كاشكاپ دورىلار.

# بىدىمۇشكى

**باشقا نامى:** ئىپار سۆگەت چېچىكى.

**تونۇش:** بۇ، تال - تېرەكلەر ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك ئىپار سۆگىتىنىڭ گۈلى بولۇپ، باش ئەتىياز پەسلىدە سۆگەت چوكان چىقىرىش بىلەن تەڭلا، سۆگەت پوتىلىسىغا ئوخشاش پوتلا چىقىرىدۇ، ئۇ «بىدىمۇشكى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھۆل سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزىدۇ، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ، قىزىتما قايتۇرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 3 ~ 6 گىرام.

**زەرەرى:** سوغۇقچان كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** رۇمبەدىيان، ئەنجۈر مونىكى، ئۇستىقۇددۇس.

**بەدىلى:** قىزىلگۈل.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** ئەرەق دورىلار.

# بىستىپايەج

**باشقا نامى:** چىلپايە.

**تونۇش:** بۇ، چىلپايە ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق يېپىشما سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بەسفائىجنىڭ يىلتىزسىمان غولى بولۇپ، شەكلى سىلىندىرسىمان، ئەگرى - بۈگرى، تېنى چۈرۈك، قارامتۇل قوڭۇر رەڭدە، پۇرىقى سۇس، تەمى بىرئاز ئاچچىق. «بىستىپايەج» ياكى «چىلپايە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ ئىسسىق بەلباغ رايونلىرىدىن ھەم ئامېرىكا، ياۋروپا، ھىندىستان قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** غەيرىي تەبىئىي بەلغەم ۋە سەۋدا خىلتلىرىنى پىشۇرىدۇ، مېڭە، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، يەل تارقىتىدۇ، قان تازىلايدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 4 ~ 7 گرام.

**زەرەرى:** ئالاھىدە غىدىقلاش، قوزغىتىش تەسىرى يوق. ئەمما ئىسسىقچان كىشىلەرنىڭ ئۆپكىسىگە قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا، سەندەل.

**بەدىلى:** ئەفتىمۇن، سانا.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەتبۇخ، مەجۇن دورىلار.

# بىنەپشە

**باشقا نامى:** كوكاش، بىنەپسەج.

**تونۇش:** بۇ، بىنەپشە ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، غولسىز، بىنەپشىگە ئۇرۇقداش كىچىك ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئېگىزلىكى تەخمىنەن بەش سانتىمېتىر كېلىدۇ؛ يوپۇرمىقى تۇۋىدىن ئۆسكەن، شەكلى ئادەتتە سوقىچاق بولۇپ، ئۇزۇن ساپىقى بار؛ تۇۋىدىن ئۆسكەن يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن بىرقانچە كىچىك گۈل چىقىپ تۇرىدۇ، ھەربىر گۈل شېخىنىڭ ئۇچىدا بىر تالدىن گۈل ئۆسكەن بولۇپ، رەڭگى كۆكۈچ سۆسۈن كېلىدۇ. پۈتۈن چۆپى «بىنەپشە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى قۇرغاق تاغ باغرىلىرىدا ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** قىزىتمىنى پەسەيتىدۇ، زەھەر تارقىتىدۇ، يالۇغ قايتۇرىدۇ، سەپرا ۋە قاننىڭ ھارارىتىنى پەسەيتىدۇ، تەرەتنى راۋانلاشتۇرىدۇ، مېڭىگە ھۆللۈك يەتكۈزىدۇ، ئۆيىقۇ كەلتۈرىدۇ، كۆكرەكنى سىلىقلاشتۇرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 3 ~ 6 گرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** ئاشقازاننى سوۋۇتۇپ، ھۆللۈكنى ئاشۇرىۋېتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** لاچىندانە، رۇمبەديان.

**بەدىلى:** نېلۇپەر، قىزىلگۈل.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** ھەب، مەتبۇخ دورىلار.

# پاقىيوپۇرمىقى چۆپى

**باشقا نامى:** بەرگى ھۇمماز، بەرگى بارتەڭ.

**تونۇش:** بۇ، پاقىيوپۇرمىقى ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق، پاقىيوپۇرمىقىغا ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئېگىزلىكى 10 ~ 50 سانتىمېتىر كېلىدۇ؛ يوپۇرمىقى تۆۋىدىن ئۆسكەن بولۇپ، ساپىقى ئۇزۇن، شەكلى تۇخۇمسىمان ياكى سوقىچاق، تولۇق گىرۋەكلىك، يوپۇرماق يۈزى يېشىل، ئارقا تەرىپى سۇس يېشىل رەڭدە بولۇپ، ئادەتتە بەشتىن يەتتىگىچە دۇغسىمان تومۇرى بولىدۇ؛ گۈلى كىچىك، شەكلى باشاقسىمان، غوزا مېۋىسى قاپقاق ئېچىلغاندەك يېرىلىدۇ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يول ياقىلىرى ۋە ئېرىق بويلىرىدا ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** ئىسسىقنى قايتۇرىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، بەلغەمنى يۇمشىتىدۇ، يۆتەلنى توختىتىدۇ، زەھەر قايتۇرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 20 ~ 30 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** ئۆپكىگە ۋە تالغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل.

**بەدىلى:** پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** ساپلاشتۇرۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** قايناتما دورىلار.

# پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى

باشقا نامى: تۇخۇمى بارىتەك.

تونۇش: بۇ، پاقىيوپۇرمىقى ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك پاقىيوپۇرمىقىنىڭ پىشقان ئۇرۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، شەكلى ئىنتايىن كىچىك، خۇددى سېمىزئوت ئۇرۇقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، بىراق رەڭگى قىزىلغا مايىل خورما رەڭ، تەمسىز، پۇراقسىز كېلىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

خۇسۇسىيىتى: يالىلۇغ، قىزىتما قايتۇرىدۇ، سەپرا ۋە قان خىلتىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىدۇ، قورۇيدۇ، تۇتىدۇ، قان توختىتىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 5 ~7 گىرام.

زەرەرى: ئۆپكە ۋە تالغا زىيان قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: ھەسەل.

بەدىلى: پاقىيوپۇرمىقى.

لايىقلاشتۇرۇشى: ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: دەملىمە، شەربەت دورىلار.

# پالەك

باشقا نامى: ئىسپاناخ.

تونۇش: بۇ، سۇ ياڭىقى ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق، پالەككە ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى سەل ئۇچ بۇرجەك؛ يىلتىزى ئازراق قىزىل كېلىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

تەبىئىتى: بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

خۇسۇسىيىتى: ئاغرىق توختىتىدۇ، ئىسسىقلىقتىن بولغان تەپلەرنى پەسەيتىدۇ، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: ئەھۋالغا قاراپ 36 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

زەرەرى: سوغۇقچان كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: بادام يېغى، قايماق، قارىمۇچ.

بەدىلى: سېمىزئوت.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: زىمات، قايناتما دورىلار.

# پەرەنجىمشكى

**باشقا نامى:** بالەنگۈئى خورىد.

**تونۇش:** بۇ، كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك قەلەمپۇر پۇراقلىق رەيھان بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى «پەرەنجىمشكى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ، رەيھان ئۆسۈملۈكنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، رەيھان ئۆسۈملۈكىدىن ئېگىز ۋە تىكەنلىك، يوپۇرمىقى چوڭ ـ چوڭ بولىدۇ. ئۇنىڭ پۇرىقى ئۆتكۈر بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «قەلەمپۇر بوستانى» دەپ ئاتايدۇ، رەڭگى كۆك سېرىقنىڭ ئارىلىقىدا، ئۇرۇقى زىرە شەكلىدە، رەڭگى قارىئۆرۈككە ئوخشاش، قارامتۇل خورما رەڭ، ئۇچ قىرلىق، يۇملاق بولىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ جەنۇبىي ئۆلكىلىرى، ئافرىقا، ھىندىستان، ئەرەبىستان، بىرازىلىيە قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** مېڭە ۋە بۇرۇننىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، يۇمشىتىدۇ، سىلىقلاشتۇرىدۇ، چىرىشكە قارشى تۇرىدۇ. يۈرەك، ئاشقازان ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، يەل تارقىتىدۇ، كېكەرتىدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** بەش گىرامغىچە.

**زەرەرى:** ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بىنەپشە، سىركەنجۇبىل.

**بەدىلى:** بالەنگو.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قورۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** سۇفۇپ، مەجۇن دورىلار.

# پەرپىيون

**باشقا نامى:** پەرپىيون.

**تونۇش:** بۇ، سۈتلۈكئوتلار ئائىلىسىدىكى ئاق رەڭلىك سۈتى بار، ئېگىزلىكى يەتتە مېتىر ئەتراپىدا ئۆسىدىغان، تاقىر چاتقال ياكى دەرەخ ئېۋفوربىيا ئانتىكۇيورۇمنىڭ سۈتى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مۇشۇ قاتقان سۈتى «پەرپىيون» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ دەرەخنىڭ رەڭگى ئاقۇچ كۆل رەڭ بولۇپ، دۆگىرەك يىرىقلىرى بار. بۇ دەرەخنىڭ قىرىغان كۆچىتى يۇملاق تۇۋرۇكسىمان ياكى يۇملاق، ئۇچتىن ئالتىغىچە قىرلىرى بولىدۇ، بۇنىڭ سۈتىنى يىغىۋېلىشتا ئۇنىڭ پۇرىقىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىدىن ئېھتىيات قىلىپ ئۇنى يىغىۋالغۇچى يىراقتا تۇرۇپ نەيزە بىلەن ئۆسۈملۈكنىڭ تېنىنى تىلىپ قويسا، سۈت ئېقىپ قاچىغا يىغىلىدۇ، ئاندىن قۇرۇتۇپ تەييارلىنىدۇ. بۇ بىر خىل قاتقان يېلىم بولۇپ، ئۆزى يەڭگىل، سېرىققا مايىل پور رەڭ، تەمى ناھايىتى ئۆتكۈر، سۇ ۋە زەيتۇن يېغىدا ئېرىيدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزدىكى گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى، يۈننەن، گۈيجۇ، فۇجيەن ۋە ئافرىقا، سۇدان، ھەبەشىستان، فىرانسىيە، ئاۋستىرالىيە قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** چىرايىنى پارقىرىتىدۇ، بۇزۇق ماددىلارنى يۇمشىتىدۇ، كۆيدۈرىدۇ، قىزىتىدۇ، ھەيز راۋانلاشتۇرىدۇ، شىلىمشىق بەلغەمنى سۈرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 2~6 گىرام.

**زەرەرى:** ئۆچەيگە، قان مىزاج كىشىلەرگە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ، بالىياتقۇغا زىيانلىق.

**تۈزەتكۈچىسى:** مۇقەل، رۇبىسۇس، سەمغى ئەرەبى، رەۋغىنى بادام، سۇمبۇل تىب.

بەدىلى: ئىستىسقا ئۇچۇن مازارىيون.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** ھەب، زىمات دورىلار.

# پەمدۇر

**باشقا نامى:** شوخلا.

**تونۇش:** بۇ، پەدىگەن ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق، شوخلىغا ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، غولىدا يۇمشاق تۈكلىرى بولىدۇ؛ گۈلى سېرىق كېلىدۇ؛ شىرنىلىك مېۋە تۇتىدۇ؛ مېۋىسى ياپىلاق ياكى شار شەكلىدە بولىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھۆل سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** ئىشتىھانى ئاچىدۇ، قەۋزىيەتنى بوشىتىدۇ، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** پىننە، بەدىيان.

**بەدىلى:** كاكىنەچ.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** ھەر خىل غىزالىق تاماقلار.

# پەنرمايە

**باشقا نامى:** ئۇغۇز سۈتى.

**تونۇش:** بۇ، كالا ۋە توشقان ئائىلىسىدىكى بىرقانچە خىل ھايۋاننىڭ يېڭى تۇغۇلغان بالىسىنىڭ قېرىنىدىن ئېلىنىدىغان ئۇغۇز سۈتتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇيغۇر تىبابىتى كلاسسىك ئەسەرلىرىدە تولىراق تۆگە تايلىقىنىڭ قېرىنىدىن چىققان ئۇغۇز سۈتىنى ئىشلىتىشنى تەكىتلەيدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ كۆپلىگەن ئۆلكىلىرىدىن، بولۇپمۇ شىنجاڭ، چىڭخەي، شىزاڭ ئۆلكىلىرىدىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** مېڭە، بۆرەك، بەل، پەي ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ؛ سۈت ۋە مەنىي كۆپەيتىدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، بۇرۇندىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ، ئۇزۇقلۇق تولۇقلايدۇ، قاننى قىزىتىدۇ، ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ، زەھەر قايتۇرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** بىر گىرامغىچە.

**زەرەرى:** ئاشقازان ۋە ئۈچەيگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** پىننە، كەتىرا.

**بەدىلى:** تۆگە سۈتى، ھەسەل.

**لايىقلاشتۇرۇشى:** ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەجۇن دورىلار.

# پىرسىياۋشان

**باشقا نامى:** شەئرىل ئەرىز، ھېنسراج.

**تونۇش:** بۇ، پىرسىياۋشان ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك پىرسىياۋشان ۋە ئاق گۈللۈك پىرسىياۋشاننىڭ پۈتۈن چۆپى بولۇپ، «پىرسىياۋشان» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ ئىسسىق بەلباغ رايونلىرىدىن، پاكىستان، ھىندىستان ۋە فىلىپپىن قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** ئىششىق ياندۇرىدۇ، يۇمشىتىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، قىزىتما قايتۇرىدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ، تازىلايدۇ، ھەيز ۋە سۈيدۈك ھەيدەيدۇ. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم، سەۋدا ۋە سەپرا خىلىتلىرىنى پىشۇرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 5 ~ 7 گىرام.

**زەرەرى:** تالغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** مەستىكى، گۈلبىنەپشە.

**بەدىلى:** چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، ئەنجۈر قېقى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياساالمىلار:** مەتبۇخ دورىلار.

# پىدىگەن

**باشقا نامى:** بادىنجان.

**تونۇش:** بۇ، پىدىگەن ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق، پىدىگەنگە ئوخشاش ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى ئېللىپس شەكلىدە، گۈلى سۆسۈن. مېۋىسى شارسىمان ياكى ئۇزۇنچاق بولۇپ، سۆسۈن رەڭدە، بەزىلىرى ئاق ياكى سۇس يېشىل رەڭدىمۇ بولىدۇ، سىرتقى يۈزى پارقىرايدۇ. ئۇنىڭ مېۋىسى «پىدىگەن» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** قان كۆپەيتىدۇ، يەل ھەيدەيدۇ، قىزىتما قايتۇرىدۇ، ئاغرىق توختىتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ يىلتىزى 12 ~ 30 گىرام.

**زەرەرى:** قورساقنى ئېسىدۇ، سوغۇق مىزاج كىشىلەرگە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** گۆش، ياغ.

**بەدىلى:** پەمىدۇر.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** ھەر خىل غىزائى داۋائىلار، زىمات دورىلار.

# پستە

باشقا نامى: پستەق.

تونۇش: بۇ، سىر دەرىخى ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق ياغاچ غوللۇق، پىستىگە ئۇرۇقداش چوڭ دەرەخ بولۇپ، 10 مېتىرچە ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ؛ يۇمران نوتىلاردا تۈكلىشىپ ئۆسكەن، كىچىك ياپراقلىرى بىردىن ئۇچكىچە، شەكلى تۇخۇمسىمان، يوپۇرماق تومۇرلىرى تورسىمان ۋە ئېنىق بولىدۇ؛ گۈلى قارامتۇل يېشىل، ئۇچكىلىك مېۋىسى تۇخۇم شەكلىدە ياكى ئۇزۇنراق سوقچاق، رەڭگى قىزغۇچ سېرىق، مېغىزىنىڭ رەڭگى يېشىل بولىدۇ. مېۋىسى «پستە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى، سۇرىيە قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: يۈرەك، مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، جىگەر توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، مەنىينى كۆپەيتىدۇ، بەدەننى سەمرىتىدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: ئەھۋالغا قاراپ 20 ~ 30 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

زەرەرى: ھەزىمنى بۇزىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: ئارپىبەدىيان، پىننە.

بەدىلى: ياڭاق، بادام.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قۇرۇق قورۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياساللار: مەجۇن دورىلار.

## پىلە غوزىسى

**باشقا نامى:** ئەۋرىشىم.

**تونۇش:** بۇ، پىلە پەرۋانە ئائىلىسىدىكى ھاشارات پىلە پەرۋانىسىنىڭ ئۆزى توقىغان غوزىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، «ئەۋرىشىم» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ جۇملىدىن شىنجاڭنىڭ خوتەن ۋىلايىتىدىن كۆپ چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** خام پىلە غوزىسى بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** مېڭە، يۈرەك ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ، جىنسىي ئالاقىنى كۈچەيتىدۇ. ئاغرىق پەسەيتىدۇ، بەدەننى سەمرىتىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، كۆكرەك خۇشلۇق كەلتۈرىدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ، تېرىنى پارقىرىتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 1 ~ 3 گىرام.

**زەرىرى:** بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئاسارۇن.

**بەدىلى:** يۇيۇلغان، كۆشتە قىلىنغان مەرۋايىت، گاۋزىبان ھىندى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قىرقىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** شەربەت دورىلار.

# پىلە قۇرتى مايىقى

باشقا نامى: پىلە مايىقى.

تونۇش: بۇ، پىلە پەرۋانىسى ئائىلىسىدىكى ھاشارات پىلە پەرۋانىسى ئۆزى توقۇغان پىلە غوزىسىنىڭ ئىچىدىن چىقىدىغان قۇرتتىن ئىبارەت بولۇپ، «پىلە قۇرتى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن جۈملىدىن شىنجاڭنىڭ خوتەن ۋىلايىتىدىن كۆپ چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: جىگەر ۋە ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ، زەھەر قايتۇرىدۇ، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 3 ~ 9 گىرامغىچە.

زەرەرى: ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: بەدىيان.

بەدىلى: پىلە قۇرتى قاتمىسى، چىلغوزا.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: سۇفۇپ، زىمات دورىلار.

# پىلپىل

باشقا نامى: فىلفىل دەراز.

تونۇش: بۇ، قارىمۇچ ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك پىلپىلنىڭ مېۋە باشقى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پىشاي دەپ قالغان باشقى «پىلپىل»، ئۆسۈملۈك يىلتىزى «پىلپىل مۇيە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: ئېلىمىزنىڭ يۈننەن، گۇاڭدۇڭ قاتارلىق جايلىرىدا تېرىلىدۇ. ھىندونېزىيە، ۋيېتنام، فىللىپىن قاتارلىق ئەللەردىنمۇ چىقىدۇ.

تەبئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: ھەزىمنى ياخشىلايدۇ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئارتۇق ھۆللۈكنى ۋە يەلنى تارقىتىدۇ، باھنى قوزغايدۇ، بەدەننى قىزىتىدۇ، جىگەر، تالنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، قەينى توختىتىدۇ، ئېغىزنى خۇشبۇي قىلىدۇ. مەنىينى كۆپەيتىدۇ، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ، ئاغرىق توختىتىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 1 ~ 2 گىرام.

زەرەرى: باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: سەندەل، گۈلاب، سەمغى ئەرەبى.

بەدىلى: ئاقمۇچ، قارىمۇچ.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: مەجۇن دورىلار.

# پىندۇق

**باشقا نامى:** تاش ياڭىقى، ئورمان ياڭىقى.

**تونۇش:** بۇ، زەرناپ ئائىلىسىدىكى چاتقال ئورمان ياڭىقى بولۇپ، بۇ دەرەخنىڭ قۇرۇتۇلۇپ شاكىلىدىن ئاجرىتىلغاندىن كېيىنكى مېۋىسىدىن ئىبارەت. مېۋىسى سۇس سارغۇچ خورما رەڭ، شەكلى قاتتىق، تەمى تاتلىق، ئازراق پۇرىقى بار.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ ئىسسىق بەلباغ رايونلىرىدىن ۋە پاكىستان، ياۋروپا، غەربىي ئاسىيا، رۇسىيە قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

**تېبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** سۈت ۋە مەنىينى كۆپەيتىدۇ، مېڭە ۋە نېرۋىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، بەدەننى سەمرىتىدۇ، پەي - مۇسكۇللارنى چىڭىتىدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ، نەپەسنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 4 ~12 گىرام.

**زەرەرى:** ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** پىننە، قەلەمپۇر.

**بەدىلى:** ياڭاق، چىلغوزا مېغىزى.

**لايىقلاشتۇرۇشى:** مېغىزىنى ئېلىپ، ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: مەجۇن دورىلار.

# پىننە

**باشقا نامى:** فۇدىنە.

**تونۇش:** بۇ، كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق ياكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق، پىنىنگە ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئېگىزلىكى 40 ~ 100 سانتىمېتىر كېلىدۇ، خۇشبۇي، غولى تۆت قىرلىق؛ يوپۇرماقلىرى ئۇدۇل ئۆسكەن، تۇخۇم شەكلىدە، گۈلى كىچىك، سۇس سۆسۈن رەڭلىك، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى «پىننە» نامدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى زەي سۈيىنى چىقىرىۋېتىش ئوڭاي بولغان قۇملۇق يەرلەردە ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** بەدەننى قىزىتىدۇ، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزىدۇ، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ. قاننى سۇيۇلدۇرىدۇ، سوغۇق ماددىلارنى تارقىتىدۇ، كاناي ۋە كۆكرەكتىكى ھۆللۈكنى تازىلايدۇ. باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ ۋە ئاغرىق پەسەيتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 6 ~ 12 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** يەل پەيدا قىلىدۇ، گالنى قىچىشتۇرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەرەپشە، نىلۇپەر، بىنەپشە.

**بەدىلى:** يالپۇز، پىلپىل، زىرە.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** سايىدا قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** چىلانىما، گۈلقەنت دورىلار.

107

# پىياز

**باشقا نامى:** ئاق فىياز.

**تونۇش:** بۇ، گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق، پىيازغا ئوخشاش ئۆسۈملۈك بولۇپ، ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان پىيازنىڭ يىلتىزسىمان غولى كۆندىلىك تۇرمۇشتا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان كۆكتاتلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** ئىشتىھا ئاچىدۇ، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ. باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، چىرىشكە قارشى تۇرىدۇ، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** كېسەلنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ 10 ~ 20 گرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ، مېڭە ۋە بەدەندە يەل پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركە، تۇز، ھەسەل، ئانار سۈيى.

**بەدىلى:** كۈدە.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەجۇن، زىمات دورىلار.

# پىياز ئۇرۇقى

**باشقا نامى:** تۇخۇمى فىياز.

**تونۇش:** بۇ، گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك پىيازنىڭ ئۇرۇقىدىن ئىبارەت. پىياز ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان كۆكتات بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇرۇقى قاپقارا دۈگىلەك، تەمسىز كېلىدۇ، ئۇ «پىياز ئۇرۇقى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئاپتونوم رايونىمىزدىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق

**خۇسۇسىيىتى:** تېرىگە جۇلا بېرىدۇ، قاننى جانلاندۇرىدۇ، تېرىگە رەڭ بېرىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.



**ئىشلىتىش مىقدارى:** 3 ~ 4 گىرام.

**زەرىرى:** ئىسسىق مىزاج كىشىلەردە باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** لىمون سۈيى، سىركە.

**بەدىلى:** كۈدە ئۇرۇقى، سىيادان.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قورۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** سۇفۇپ، مەجۇن دورىلار.

# تاباشىر

**باشقا نامى:** بىنسلۇجىن.

**تونۇش:** بۇ، باشاقلىق ئۆسۈملۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈك كۆك بامبۇك قاتارلىقلارنى بامبۇك پارازىت ھەرىلىرى يەپ كاۋاك قىلغاندا، بامبۇك كاۋاك ئارىلىقلىرىدا ساقلانغان سۇيۇقلۇقلارنىڭ ئېقىپ چۈشۈپ، قېتىپ قالغان مونەكلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، «تاباشىر» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش يۇرتى:** ئېلىمىزنىڭ گۇاڭدۇڭ، يۈننەن، گۇاڭشى قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن ھەم ۋيېتنام، رومانىيە قاتارلىق ئەللەردىنمۇ چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزىدۇ، يۈرەك، جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ. مەنىي تۇتىدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، قىزىتما ۋە ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 1 ~ 3 گرام.

**زەرەرى:** بەل ۋە ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل، چىلان، زەپەر.

**بەدىلى:** سېمىزئوت، سۇماق، گۈل مەختۇم.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قورۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** سۇفۇپ، مەجۇن دورىلار.

# تاجگۈل ئۇرۇقى

تونۇش: بۇ، تاجگۈل ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك تاجگۈلنىڭ گۈل تېزىمىسىدىن ئېلىنىدىغان ئۇرۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى «تاجگۈل ئۇرۇقى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە يەرلىرىدە تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق سوغۇق.

خۇسۇسىيىتى: جىگەرنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ، يەل تارقىتىدۇ، ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ. قىزىتما پەسەيتىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، تولغاقنى توختىتىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 4 ~ 12 گىرام.

زەرەرى: سوغۇقچان كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: ھەسەل، رەيھان ئۇرۇقى.

بەدىلى: سېمىزئوت ئۇرۇقى.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قورۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: سۇفۇپ دورىلار.

# تاشتۇز

**باشقا نامى:** مىلھى، نەمەك.

**تونۇش:** بۇ بىر خىل ئاق جىسىم بولۇپ، سۇغا سالسا ئېرىيدۇ، ھالۋىدىن باشقا ھەممە تائاملارغا سېلىنىدۇ، بۇ خىل تۇز خەلق ئارىسىدا «تاشتۇز» نامى بىلەن مەشھۇر بولۇپ، تاشقا ئوخشاش قاتتىق، ئاق، قىزىل رەڭدە كېلىدۇ، كاندىن ۋە بەزىدە تاغلاردىنمۇ چىقىدۇ. بۇنىڭ كانى تاغ بولۇپ، تاغنىڭ يېرىقلىرى ۋە كامارلىرىدىن سۇيۇق ھالەتتە سىرغىپ چىقىدۇ، ئاندىن سوغۇق ھاۋا بىلەن ئۇچرىشىپ تاشتەك قېتىپ قالىدۇ. بۇنىڭ ئاق، سۈزۈك، ساپ بولغىنى ياخشىسى ھېسابلىنىدۇ .

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭدىن چىقىدۇ، بولۇپمۇ خوتەن ۋىلايىتى نىيە ناھىيەسىنىڭ تاغلىرىدىن ۋە چىڭخەي ئۆلكىلىرىدىن كۆپ چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** ئاساسلىقى يەل ھەيدەيدۇ، «تەبىئەت»نى، ئاشقازان ۋە ئۈچەينى قۇۋۋەتلەيدۇ، زەھەر قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا زېھنىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، شىلىمشىق بەلغەملەرنى تازىلايدۇ، يەل تارقىتىدۇ، قورساق ئىششىقىنى پەسەيتىدۇ، كۆزنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 2 ~3 گىرام.

**زەرەرى:** كۆپ ئىشلەتسە ئىسسىق مىزاج كىشىلەرنىڭ مېڭىسىگە زىيان قىلىدۇ، كۆزنى قاراڭغۇلاشتۇرىدۇ، بەدەننى قىچىشتۇرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەر تۈرلۈك ياغلار، نېلۇپەر.

**بەدىلى:** نەمەك لاھورى، ئاق تۇز.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** كۇشتە قىلىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** زىمات، ھەب دورىلار.

112

# تاغ پىيىزى

**باشقا نامى:** ئەنسىل، چۆل پىيىزى.

**تونۇش:** بۇ، قىرلىق پىيازەك ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ياۋا پىيازنىڭ قورۇتۇلغان پۈتۈن چوپىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ زەھەرلىك چۆپ قاتارىدا تۇرىدۇ، بۇ پىياز خېلى كۆپ كىتابلاردا «ئەنسىل»، «بەسلىلفار» يەنى «چاشقان ئۆلتۈرىدىغان پىياز» ياكى «چۆل پىيىزى» دەپ ئاتالغان.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز ۋە شىزاڭ ئاپتونوم رايونلىرىدىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇپ، يۆتەل توختىتىدۇ. قاننى جانلاندۇرىدۇ ۋە غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتلىرىنى بەدەن سىرتىغا چىقىرىپ تاشلايدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 4 ~ 6 گىرام.

**زەرەرى:** ئىسسىق مىزاج كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كافۇر، ھەسەل.

**بەدىلى:** زۇپا، ياۋا ساماساق.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قورۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** شەربەت، مەتبۇخ دورىلار.

# تاغ دېنى

تونۇش: بۇ، ئەيپۇن گۈلى ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك تاغ دېنىنىڭ شار شەكىللىك تۈگۈنەك غولىدىن ئىبارەت بولۇپ، «تاغ دېنى» نامدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە جايلىرىدىكى پەس تاغ - دەريا ۋادىلىرىدا، چاتقاللىق، ئورمانلىقلاردا بولىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: يەل تارقىتىدۇ، ئاغرىق توختىتىدۇ، قاننى جانلاندۇرىدۇ، توختاپ ئۇيۇپ قالغان قاننى تارقىتىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 4 ~ 12 گىرام.

زەرەرى: ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: كەتىرا.

بەدىلى: جۇۋىنە.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: مەتبۇخ دورىلار.

# تاغ كەرەپشىسى ئۇرۇقى

باشقا نامى: پەتەر ئاسالىيون.

تونۇش: بۇ، كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئۇرۇقى قارا، ئۇزۇنچاق، زىرىگە ئوخشايدۇ، خۇش پۇراق كېلىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تاغلىق جايلىرىدا ئۆسىدۇ.

تەبىئىتى: ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ، يەل تارقىتىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ. ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ، تېرىگە رەڭ بېرىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: ئەھۋالغا قاراپ 6 ~ 9 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

زەرەرى: باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: يۇمغاقسۈت.

بەدىلى: جۇۋنە.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قۇرۇق قورۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: مەتبۇخ دورىلار.

# تاماكا يوپۇرمىقى

**باشقا نامى:** تەمباكۇ.

**تونۇش:** بۇ، پىدىگەن ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقى «تاماكا يوپۇرمىقى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى ئېللىپىسسىمان، يوپۇرماق ساپىقى قىسقا، پەيسىمان بولىدۇ. ئالدى يۈزى سارغۇچ خورما رەڭ، ئارقا يۈزى سۇسراق، پۇرىقى ئۆتكۈر، تەمى ئاچچىق كېلىدۇ.

**چىققىش ئورنى:** شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** تىنچلاندۇرىدۇ، چۈشكۈرتىدۇ، ئاغرىق توختىتىدۇ، قۇرۇتىدۇ، قان توختىتىدۇ، جاراھەت پۈتتۈرىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، مېڭىدىكى ھۆللۈكلەرنى تازىلايدۇ ۋە مېڭە ئەسەبلىرىنى قوزغىتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 0.25 ~0.5 مىللىگرام.

**زەرەرى:** ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە، يۈرەككە، مېڭىگە ۋە ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** يېڭى سېغىلغان سۈت.

**بەدىلى:** بېلىق دورىسى.

**لايىقلاشتۇرۇشى:** ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** بۇخۇر، زىمات دورىلار.

# تاۋۇز شاپىقى

**باشقا نامى:** پوستى تەربوز.

**تونۇش:** بۇ، قاپاق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، پىلەك تاشلاپ ئۆسىدۇ؛ يوپۇرمىقى پەيسىمان يېيىلىدۇ؛ گۈلى سۇس سېرىق؛ مېۋىسى چوڭ، شىرنىلىك بولۇپ، شار ياكى ئېللىپىس شەكلىدە كېلىدۇ، سۇ مىقدارى كۆپ، تەمى تاتلىق بولىدۇ. ئۇنىڭ مېۋە شاپىقى «تاۋۇز شاپىقى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.



**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** سەپرا ۋە قان خىلتىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىدۇ، ئۇسسۇزلۇقنى باسىدۇ، قىزىتمىنى پەسەيتىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، قاننى سۇيۇلدۇرىدۇ، بۆرەك ۋە دوۋساقتىكى تاشنى چۈشۈرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 10 ~ 30 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** چىلغوزا مېغىزى.

**بەدىلى:** تەرخەمەك، پىرسىياۋشان.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قورۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەتبۇخ دورىلار.

# تەرتىز

**باشقا نامى:** تەرتىز.

**تونۇش:** بۇ، كىرپىست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق، بېسىلغاققا ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، غولى تىك، ئېگىزلىكى 50 ~ 80 سانتىمېتىر كېلىدۇ؛ يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. گۈل رېتى ئومۇمىي گۈل رېتى شەكلىدە، گۈل تاجىسى كىرپىست شەكلىدە، رەڭگى سۇس قىزغۇچ سۆسۈن كېلىدۇ؛ مېۋە شەكلى سوقىچاق ياپىلاقراق، ئالدىنقى ئۇچى ئويمانراق بولىدۇ؛ ئۇرۇقى ئىككى تال بولۇپ، شەكلى يۈرەككە ئوخشاپراق كېتىدۇ، بىغىر رەڭ كېلىدۇ. ئۇرۇقى «تەرتىز» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىلى قاتارلىق جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** بەلغەم بوشىتىدۇ، يۆتەل توختىتىدۇ. قەۋزىيەتنى بوشىتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 1 ~ 3 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** ئۈچەيگە زىيانلىق.

**تۈزەتكۈچىسى:** بادام مېغىزى، چىلان.

**بەدىلى:** تەرەنجىبىن.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قورۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** سۇفۇپ دورىلار.

# تەرخەمەك

**باشقا نامى:** تەررە.

**تونۇش:** بۇ، قاپاق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق، تەرخەمەككە ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، پېلەك تاشلاپ ئۆسىدۇ، يوپۇرماقلىرى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، گۈلى سېرىق، مېۋىسى سىلىندىر شەكلىدە، تىكەنلىك بولۇپ، پىشقاندا سارغىيىدۇ. پىشمىغان كۆك مېۋىسى ئادەتتە كۆكتات قاتارىدا ئىستېمال قىلىنىدۇ. «خاڭگا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆستۈرۈلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى ۋە ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ، چىرايىنى گۈزەللەشتۈرىدۇ، تېرىگە جۇلا بېرىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، تاش پارچىلايدۇ ۋە چۈشۈرىدۇ، چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** سوغۇق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ، قورساقنى كۆپتۈرۈپ قويىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئارپىبەدىيان، تۇز، جۇۋىنە، ۋاسالغو.

**بەدىلى:** قوغۇن سويمىسى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** ھەر خىل غىزالار ۋە زىمات دورىلار.

# تەكىيە كاۋا

**باشقا نامى:** كەدۇسەبزى.

**تونۇش:** بۇ، كاۋا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق، كاۋىغا ئوروۇقداش پىلەك تارتىپ ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈك بولۇپ، غولىدا يىپچىلىرى بولۇپ، مېۋىسى شار ياكى سىلىندىر شەكلىدە، سىرتقى يۈزىدە تۆشۈكچىلىرى ياكى ئاق پاراشوكلىرى بولىدۇ. ئادەتتە كۆكتات ئورنىدا ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھۆل سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** قىزىتما پەسەيتىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، قان توختىتىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** ھەزىمنى بۇزىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** رۇمبەدىيان.

**بەدىلى:** كاھۇ.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** ھەر خىل غىزالار ۋە زىمات دورىلار.

# تەنكار

**باشقا نامى:** كۆرسنەگى.

**تونۇش:** بۇ، زاۋۇتلاردا پىششىقلاپ ئىشلەنگەن رەڭسىز ياكى ئاق رەڭلىك، كرىستالسىمان، ئەينەكتەك پارقىراق ماددا بولۇپ، ئۇزۇن ساقلانغانلىرى پارقىراقلىقىنى يوقىتىدۇ، دانكار ئەسلىي تۇز كۆللىرىدىكى قاتقان جۇغلانمىلاردا، قۇرغاق رايونلاردىكى تۇزلۇق توپىلاردا ھاسىل بولىدۇ، ئۇنى پىششىقلاپ ئىشلىگەندىن كېيىن «تەنكار» نامىدا دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئۇنىڭ خام ماتېرىيالى ئېلىمىزنىڭ چىڭخەي، شىزاڭ، جياڭشى، سىچۈەن قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن ھەم شىنجاڭدىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** تۇسالغۇلارنى ئاچىدۇ، تېرىنى قىزارتىدۇ، ماددىلارنى يۇمشىتىدۇ، چىرىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ، ئىشتىھا ياندۇرىدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ، جاراسىملارنى ئۆلتۈرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 100 ~ 300 مىللىگرام.

**زەررى:** رەئىس ئەزالار خىزمىتىنى تۆۋەنلىتىدۇ، قاننى كۆيدۈرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل سۈيى، تۇرۇپ سۈيى، لىمون سۈيى.

**بەدىلى:** بۆرە ئەرمىنى، شورە قەلىمى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** كۆشتە قىلىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** سۇفۇپ، ھەب دورىلار.

# توخۇ تاشلىقى پوستى

**باشقا نامى:** قانىسە.

**تونۇش:** بۇ، قىرغاۋۇل ئائىلىسىدىكى ھايۋانات ئۆي توخۇسىنىڭ قۇرۇتۇلغان تاشلىق خالتىسىنىڭ ئىچكى پەردىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، توخۇنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن تاشلىق خالتىسىنى ئېلىپ يېرىپ، ئىچكى پەردىسىنى ئىسسىق ھالدا سويۇۋېلىپ، يۇيۇپ ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، «قانىسە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە يەرلىرىدىن تېپىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** كونا ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، ئاشقازان ۋە تالنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** بىر گىرام.

**زەرەرى:** ئۈچەيگە قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا، بادام يېغى.

**بەدىلى:** ئۆردەك تاشلىقى پوستى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چىقىرىلىدىغان ياسالمىلار:** سۇفۇپ، مەجۇن دورىلار.

# توشقانزەدىكى

تونۇش: بۇ، شۇمبۇيا ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، تەييارتاپ، سامان غوللۇق، توشقانزەدىكىگە ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئېگىزلىكى 15 ~ 80 سانتىمېتىر، غولى ئەتلىك، سېمىز، شەكلى تۆۋرۈكسىمان، رەڭگى قارامتۇل سېرىق كېلىدۇ؛ تەڭگىسىمان يوپۇرماقلىرى ئەتلىك، رەڭگى سېرىق ياكى قارامتۇل بولۇپ، خۇددى بېلىق تەڭگىسىدەك بىر - بىرىنى يېرىم يېپىپ تىزىلىدۇ، باشاقسىمان گۈل رېتى تۆۋرۈككە ئوخشايدۇ. گۈل تاجىسى قوڭغۇراقسىمان، گۈل تاجى ياپراقلىرى سۆسۈن رەڭلىك، كاناي قىسمى سارغۇچ ئاق رەڭلىك بولىدۇ. غوزا مېۋىسى سوقىچاق بولۇپ، ئىككىگە يېرىلىدۇ، ئۇرۇقى كۆپ بولىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ قۇرۇتۇلغان غولى «توشقانزەدىكى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يۇلغۇن ۋە بۆرە تىكىنىنىڭ يىلتىزلىرىدا تەييارتاپ بولۇپ ئۆسىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: قان ئايلىنىشنى ياخشىلايدۇ، ئومۇمىي بەدەن ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: ئەھۋالغا قاراپ 8 ~ 12 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

زەرەرى: تەستە ھەزىم بولىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: پىننە، زىرە.

بەدىلى: بەھمەن.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياساللار: قايناتما دورىلار.

# تۇتىيا

باشقا نامى: تۇتىيا ئەخزەر.

تونۇش: بۇ، مىس بىلەن گۈگۈرتنىڭ تىزابىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئېرىتىپ تەييارلانغان بىر خىل كۆك، ئاق، سېرىققا مايىل، تۈگمە شەكىللىك مەدەن بولۇپ، ۋەزنى ئېغىر، پۇراقسىز، تەمسىز كېلىدۇ.

چىقىش ئورنى: پاكىستان، ئەرەبىستان قاتارلىق ئەللەردىن كېلىدۇ..

تەبىئىتى: تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ، ئارتۇق گۆشلەرنى يوقىتىدۇ، بۇزۇق، چىقىرىندى ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ، قان تازىلايدۇ، جاراسىملارنى ئۆلتۈرىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 0.1 ~ 0.2 گىرام.

زەرەرى: زەھەرلىك بولۇپ، يالغۇز ئىچىدىن ئىچىشكە بولمايدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: سۈت، بادام يېغى.

بەدىلى: تاش سۈرمە.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: زەھەرسىزلەندۈرۈش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: زىمات دورىلار.

# تۇخۇمەك مېۋىسى

**باشقا نامى:** تۇخۇمەك.

**تونۇش:** بۇ، پۈرچاق ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك تۇخۇمەكنىڭ مېۋىسىدىن ئىبارەت.

**چىقىش ئورنى:** مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** قان توختىتىدۇ، ھارارەت پەسەيتىدۇ، جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 3 ~ 6 گىرامغىچە.

**زەرەرى:** تالغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئارپىبەدىيان.

**بەدىلى:** پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** چىلانما، مەجۇن دورىلار.

# تۇربۇت

**باشقا نامى:** تۇربۇد، نسۇت.

**تونۇش:** بۇ، يۆگەيلەر ئائىلىسىدىكى پىلەك غوللۇق ئۆسۇملۈك تۇربۇتنىڭ يىلتىزى ۋە تېنىنىڭ ياغاچلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئۆسۇملۈكنىڭ تېنى بىلەن يىلتىزى «تۇربۇت» دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ سىرتقى پوستى ئادەتتە قىرىۋېتىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئىچكى ياغاچ قىسمىمۇ ئېلىۋېتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ ئىسسىق بەلباغ رايونلىرىدىن ھەم ھىندىستان، پاكىستان، ياۋروپا قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** بەلغەم، سەۋدا ۋە سەپرا خىلىتلىرىنى سۈرىدۇ، تەرەتنى راۋانلاشتۇرىدۇ، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، تۇسالغۇلارنى ئاچىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 3 ~ 5 گىرام.

**زەرەرى:** ئۈچەيگە زىيان قىلىدۇ، كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بادام، پىستە مېغىزى ۋە يېغى، كەتىرا.

**بەدىلى:** غارىقۇن، جاۋشىر.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** سىرتقى پوستىنى ئېلىۋېتىش، ئىچىدىكى ياغىچىنى ئايرىۋېتىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** ھەب دورىلار.

# تۇرۇپ

**باشقا نامى:** مۇلى.

**تونۇش:** بۇ، كىرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى سامان غوللۇق، تۇرۇپقا ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى ئۇزۇنچاق، تۈكلەش بولىدۇ؛ گۈلى ئاق ياكى سۇس سۆسۈن رەڭدە، ئاق يىلتىزى يوغان بولۇپ، سىلىندىر ياكى شار شەكلىدە كېلىدۇ؛ پوستىنىڭ رەڭگى، سورتلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ پەرقلىنىدۇ. يوغان يىلتىزى ئادەتتە كۆكتات ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** ھەزىمنى ياخشىلايدۇ، يەل تارقىتىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ سۈيىدىن توققۇز گىرام، تۇرۇپنىڭ ئۆزىدىن 60 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** كۆكرەكنى ئېلىشتۇرىدۇ، باش، گال ۋە چىشلارغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** تۇز، ھەسەل، سىركىگە چىلانغان زىرە.

**بەدىلى:** چامغۇر.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** ھەر خىل غىزالار، قەي قىلدۇرغۇچى دورىلار.

# تۇرۇپ ئۇرۇقى

**باشقا نامى:** تۇخۇمى تۇرۇپ

**تونۇش:** بۇ، كىرىبست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان ئۆسۈملۈك ئاق ياكى كۆك تۇرۇپنىڭ قۇرۇتۇلغان پىششىق ئۇرۇقى بولۇپ، پۇرىقى سۇس، تەمى بىرئاز قېرىق كېلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە يەرلىرىدە تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** قەي قىلدۇرىدۇ، يەل تارقىتىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، ھەزىمگە ياردەم بېرىدۇ، تاش پارچىلايدۇ، نەپەسنى راۋانلاشتۇرىدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ، چىرايغا جۇلا بېرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 1 ~ 3 گىرام.

**زەرەرى:** ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سۇماق، بىنەپشە.

**بەدىلى:** شۇمشا ئۇرۇقى، ئاق قىچا.

**لايىقلاشتۇرۇشى:** ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** شەربەت دورىلار.

# تېرىق

**باشقا نامى:** ئەرزەن، دەخەن.

**تونۇش:** بۇ، باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق، ئارپىغا ئوخشاش ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى يىپسىمان يوپۇرماق، باشىقى سۇس سېرىق بولۇپ، ئاقلىغاندىن كېيىن سېرىق دېنى چىقىدۇ. دېنى ئادەتتە چامغۇر ئۇرۇقىدىن چوڭراق بولۇپ، قايىنتىپ پىشۇرغاندىن كېيىن يېپىشقاق ھالەتكە كېلىدۇ. دېنى «تېرىق» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، بەدەننى قۇرۇتىدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** قورساقنى ئىسىدۇ، توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل، پىننە، بەدىيان.

**بەدىلى:** گۈرۈچ.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** پىشۇرۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** ھەر خىل غىزالار، مەتبۇخ دورىلار.

# جاۋشىر

باشقا نامى: جاۋاشىر.

تونۇش: بۇ، كالپۇكسىمان گۈلللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر قانچە يىلدا بىر قېتىم مېۋە بېرىدىغان ئۆسۈملۈك جاۋشىرنىڭ يېلىمىدىن ئىبارەت بولۇپ، «جاۋشىر» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: تۈركىيە، ئىران قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: قىزىتىدۇ، يەل تارقىتىدۇ، ماددىلارنى يۇمشىتىدۇ، نورمالسىز بەلغەم خىلتىنى سۈرىدۇ، تۇسالغۇلارنى ئاچىدۇ، پەيلەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، چىرايىنى پارقىرىتىدۇ، گۆش ئۈندۈرىدۇ. سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 2 ~ 4 گىرام.

زەرەرى: كۆپ يېسە دوۋساق ۋە بۆرەكتە تاش پەيدا قىلىپ قويىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: مۇرمەككى، گۈلبىنەپشە.

بەدىلى: ئەنجۈر، پىننە.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: مەتبۇخ، ھەب دورىلار.

# جەردىن گۆشى

**باشقا نامى:** گورخىر.

**تونۇش:** بۇ، بۇغا ئائىلىسىدىكى ھايۋانات جەرەندىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ مۈڭگۈزى، گۆشى ۋە يېغى دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ يەردە بىز ئۇنىڭ گۆشىنى سۆزلەپ ئۆتىمىز.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ ئىچكى موڭغۇل، گەنسۇ، جىلىن، شىنجاڭ قاتارلىق جايلىرىدىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** بۆرەك، دوۋساق، بەل، مېڭە ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ھەيز توختىتىدۇ، چاچ چىقىرىدۇ، زەھەر ھەيدەيدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 50 ~ 100 گىرام ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرىرى:** تەستە ھەزىم بولىدۇ؛ ئۈچەيدە توسۇلۇش پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كۈنجۈت، بادام، ياڭاق يېغى.

**بەدىلى:** كېيىك گۆشى.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** ھەر خىل غىزالار، ئەرەق دورىلار.

# جۇزبۇۋا

**باشقا نامى:** جۇزبۇۋا، جەئپەل.

**تونۇش:** بۇ، جويۇز ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەرەخ جويۇزنىڭ ئۇرۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، شەكلى يۇملاق، تۇخۇمسىمان شەكىلدە، تېنى قاتتىق، رەڭگى سارغۇچ قىزىل ياكى سارغۇچ ئاق رەڭدە، تەمى قېرىق، پۇرىقى سۇس كېلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئىسسىق بەلباغ رايونلىرىدا ئۆستۈرۈلىدۇ، بۇ ئەسلىدە ھىندىستان، مالايشىيا، سىرى لانكا قاتارلىق ئەللەرنىڭ مەھسۇلاتلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** پەي - مۇسكۇللارنى چىڭىتىدۇ، بۆرەك، ئاشقازان، جىگەر ۋە باھنى، بالىياتقۇ، تۇخۇمدانىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزىدۇ، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ، تەبىئىي ھارارەتنى ساقلايدۇ، تاماق سىڭدۈرىدۇ، سوغۇقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، يەل تارقىتىدۇ، سۈيدۈكنى راۋان قىلىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 3 ~ 10 گىرام.

**زەرەرى:** ئىسسىق مىزاج كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** يۇمغاقسۈت، بىنەپشە.

**بەدىلى:** بەسباسە، سۇمبۇل تىب.

**لايىقلاشتۇرۇشى:** پوستىنى تولۇق ئايرىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەجۇن دورىلار.

# جۇۋنە

**باشقا نامى:** نانخا.

**تونۇش:** بۇ، كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق، جۇۋنەگە ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئېگىزلىكى 5.0 ~ 1 مېتىر كېلىدۇ؛ غولى تىك، كۆپ شاخلىق، يوپۇرماقلىرى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، گۈلى كىچىك، ئاق مېۋىسى ئۇرۇق بولۇپ، شەكلى ئۇزۇنچاق تۇخۇمسىمان، رەڭگى قارامتۇل سېرىق كېلىدۇ، قولدا ئەزگەندىن كېيىن، ئۆتكۈر پۇراق كېلىدۇ. ئۇرۇقى «جۇۋنە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** يەل تارقىتىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ، ئىشتىھا ئاچىدۇ، قورساقتىكى قۇرتنى ئۆلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، تارتىشىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋان قىلىدۇ، سۈت كۆپەيتىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ، تەرلىتىدۇ، زەھەر قايتۇرىدۇ، چىرىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 4 ~ 10 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** ئىسسىق مىزاج كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى، بىنەپشە.

**بەدىلى:** سىيادان، كەرەپشە ئۇرۇقى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەتبۇخ، سۇفۇپ دورىلار.

# جۈئدە

باشقا نامى: چاڭگاك.

تونۇش: بۇ، ئۆسۈملۈك ئادەتتە ئىككى خىل بولىدۇ، بىر خىلى كىچىكرەك، تاغنىڭكى بولۇپ، ئۇنىڭ رەڭگى ئاق كېلىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 20 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، يوپۇرماقلىرى ئىنچىكە، يەرگە چاپلىشىپ تۇرىدۇ، يوپۇرماقلىرىنىڭ ئۈستۈنكى تەرىپىدىكى يۈزى تۈكلۈك، يوپۇرماقلىرىنىڭ ئەتراپى ئۈششاق تىكەنلىك، شاخلىرىنىڭ ئۇچلىرىدا گۈمبەزگە ئوخشاش مونچاقلىرى بولىدۇ. ئۇ مونچاقلارنىڭ ئۈستىدە چاچقا ئوخشاش ئىنچىكە، ئاق رەڭلىك يىلتىزى بار، مونچاقلار ئۇرۇق بىلەن تولغان بولىدۇ، گۈلى ئاق، بىرئاز سېرىققا مايىل، پۇرىقى كۈچلۈك، بىر ئاز خۇشبۇي، تەمى ئاچچىقراق. ئىككىنچى خىلى يۇرتتا ئۆسىدۇ، بۇنى پارسچە «ئەنبەر سەفىد» دەيدۇ. بۇنىڭ قۇۋۋىتى ئاجىزراق بولۇپ، دورىغا تاغنىڭكى ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: سەئۇدى ئەرەبىستان، يەمەن قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: زەھەر قايتۇرىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، يەل تارقىتىدۇ، تەرەتنى راۋانلاشتۇرىدۇ، پۈتۈن بەدەندىكى توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، قاننى تازىلايدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: ئۈچ گىرامغىچە.

زەرەرى: باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: بىدىمۇشكى.

بەدىلى: قەنتەرىيۇن، سەلىخە.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قورۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياساللار: زىمات، مەجۇن دورىلار.

# جۇپتى بەللۇت

**باشقا نامى:** ھەببۇلغار.

**تونۇش:** بۇ، كامفورا ئائىلىسىدىكى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغان ئۆسۈملۈك غار دەرىخى بولۇپ، مېۋىسىنىڭ چوڭلۇقى پىندۇق چوڭلۇقىدا، يۇملاق، توق بادام رەڭلىك، مېۋىسىنىڭ پوستى نازۇك، مېغىزى ئىككى پارچە بولۇپ، رەڭگى سېرىق ياغلاش، خۇشبۇي كېلىدۇ. بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسى «ھەببۇلغار» نامدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئىلگىرى جەنۇبىي ياۋروپا ۋە غەربىي ئاسىيادىن چىقاتتى. ھازىر ئېلىمىزنىڭ دېڭىز بويلىرىدىكى شەھەرلەردە ئۆستۈرۈلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** پەي ۋە مۇسكۇللارنى چىڭىتىدۇ، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، يەل تارقىتىدۇ، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 1 ~ 2 گىرام.

**زەرەرى:** كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرۇپ، قەي قىلدۇرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا، تەمرىھىندى.

**بەدىلى:** ئاچچىق بادام، سازەج ھىندى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** سۇفۇپ، قۇرس دورىلار.

# جىگدە چېچىكى

**باشقا نامى:** زەھرۇلغەمرا، جىگدە گۈلى.

**تونۇش:** بۇ، جىگدە ئائىلىسىدىكى چاتقال ئۆسۈملۈك جىگدىنىڭ گۈلىدىن ئىبارەت بولۇپ، گۈلى ۋارونكا شەكىللىك، سىرتقى يۈزى كۈمۈش رەڭ، ئىچى سېرىق، تەمى تاتلىق، خۇش پۇراق كېلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، كۆكرەكتىكى خۇشلۇق يەتكۈزىدۇ، يۈرەك ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، نېرۋا ۋە پەيلەرنى چىڭىتىدۇ، ئاشقازان ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، باھنى قوزغايدۇ، مەنىي تۇتىدۇ، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 1 ~ 4 گىرام.

**زەرەرى:** بالاغەتكە يەتكەن قىزلارغا پۇراتماسلىق كېرەك. ئىسسىقچان كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بىنەپشە، نىلۇپەر.

**بەدىلى:** جىگدە، يانتاق گۈلى

**لايىقلاشتۇرۇشى:** ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** گۈلقەنت دورىلار.

# جىگدە مېۋىسى

**باشقا نامى:** خۇبدانە.

**تونۇش:** بۇ، جىگدە ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق يوپۇرماق تاشلايدىغان، جىغانغا ئوزۇقداش دەرەخ بولۇپ، يېڭى نوتىلىرى كۈل رەڭ كېلىدۇ. يوپۇرمىقى تۆمۈر رەڭ، سۆگەت يوپۇرمىقى شەكلىدە بولىدۇ؛ گۈلىنىڭ سىرتى كۈل رەڭ، ئىچى سېرىق كېلىدۇ، پۇرايدۇ؛ ئۇچكىلىك مېۋىسى سوقىچاق بولۇپ، رەڭگى قىزىل ياكى سېرىق كېلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** قان تازىلايدۇ، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزىدۇ، بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ، نېرۋىنى تىنچلاندۇرىدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ، مەنىينى تۇتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 50 تال ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** يەل پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل، بەدىيان، زىرە.

**بەدىلى:** پىندۇق، چىلان.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** چىلانما دورىلار.

# جىگدە ئۈرۈقى مېغىزى

**باشقا نامى:** جىگدە مېغىزى.

**تونۇش:** بۇ، جىگدە ئائىلىسىدىكى چاتقال ياكى كىچىكرەك دەرەخ جىگدە ئۆسۈملۈكىنىڭ ئۇرۇقىنىڭ مېغىزىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقىنىڭ ئىچىدىن ئېلىنغان مېغىزى «جىگدە مېغىزى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭنىڭ ھەممە يەرلىرىدىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** كۆكرەكنى يۇمشىتىدۇ، يۆتەلنى توختىتىدۇ، يۈرەك ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، باھنى قوزغايدۇ، مەنىي تۇتىدۇ، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 1 ~ 4 گرام.

**زەرەرى:** بالاغەتكە يەتكەن قىزلارغا پۇراتماسلىق كېرەك. ئىسسىقچان كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بىنەپشە، نېلۇپەر.

**بەدىلى:** جىگدە.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەتبۇخ، گۈلقەنت دورىلار.

138

# جىنتىيانا

**باشقا نامى:** گىنتىيانا، كۆشاد.

**تونۇش:** بۇ، جىنتىيانا ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئېگىزلىكى 20 ~ 40 سانتىمېتىر كېلىدۇ؛ چاچما يىلتىزلىرى كۆپ بولۇپ، توپلىشىپ ئۆسىدۇ، رەڭگى ئاق سېرىق؛ غولى يەككە، تىك، تۆۋرۈكسىمان، رەڭگى سۆسۈن رەڭدە بولىدۇ؛ يوپۇرمىقى ئۇدۇل ئۆسكەن بولۇپ، ساپسىز، تۇخۇم شەكىلدە، رەڭگى كۆكۈچ سۆسۈن؛ مېۋىسى تۇخۇمسىمان، ئۇرۇقى كۆپ بولىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزسىمان غولى «جىنتىيانا» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئالتاي، تارباغاتاي قاتارلىق جايلىرىدا ئېگىز تاغلارنىڭ ئوتلاقلىرى ۋە نەم يەرلەردە ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، تېرىنى پارقىرىتىدۇ، ئىششىق ۋە يەللەرنى تارقىتىدۇ، قان تازىلايدۇ، نېرۋىنى قوزغىتىدۇ، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ، زەھەر قايتۇرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 3 ~ 5 گىرام.

**زەرەرى:** كۆكرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بادام مېغىزى، كەتىرا.

**بەدىلى:** ئاسارۇن، بىخ كەبىر، قۇستە، زىراۋەندە.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** قايىناتما، مەجۇن دورىلار.

# جىنكېۋىزى چۆپى

**باشقا نامى:** بابچى.

**تونۇش:** بۇ، پۈرچاق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق، جىنكېۋىزىگە ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئېگىزلىكى 40 ~ 90 سانتىمېتىر كېلىدۇ؛ يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسكەن، شەكلى كەڭ تۇخۇمسىمان، گىرۋەكلىرى شالاڭ ھەرە چىشلىق بولۇپ، قوشۇمچە يوپۇرماقلىرى جۈپ بولۇپ ئۆسىدۇ، باشاقسىمان گۈل رېتى قولتۇقىدىن ئۆسىدۇ، گۈلى سۇس سۆسۈن ياكى سېرىق كېلىدۇ، قاسراقلىق مېۋىسى سوقىچاق، ئىچىدە بىر دانە ئۇرۇقى بولىدۇ. پۈتۈن چۆپى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، بولۇپمۇ غۇلجىدا كۆپ ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** بۆرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، «تەبىئەت»نى كۈچەيتىدۇ، ماددىلارنى يۇمشىتىدۇ، ئۈچەيدىكى قۇرتلارنى يوقىتىدۇ، يەل ھەيدەيدۇ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، تېرە رەڭ ماددىسىنى جانلاندۇرۇپ، تېرىگە جۇلا بېرىدۇ، نورمالسىز بەلغەم خىلتىنى سۈرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا 4 ~ 12 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** ھەزىمنى بۇزىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** پىننە.

**بەدىلى:** سىيادان.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياساللار:** مەتبۇخ، زىمات دورىلار.

# جىنكېۋىزى ئۇرۇقى

**باشقا نامى:** تۇخۇمى بابچى.

**تونۇش:** بۇ، پۇرچاق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك جىنكېۋىزنىڭ پىشقان مېۋىسىنى سوقۇپ ئايرىۋېلىنغان ئۇرۇقى «جىنكېۋىزى ئۇرۇقى» ياكى «تۇخۇمى بابچى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ سىچۈەن، خېنەن، جياڭشى، ئەنخۇي، شىنجاڭ قاتارلىق جايلىرىدىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** قان تازىلايدۇ، ماددىلارنى يۇمشىتىدۇ، ئۈچەيدىكى قۇرتلارنى يوقىتىدۇ، يەل ھەيدەيدۇ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، تېرىگە جۇلا بېرىدۇ، نورمالسىز بەلغەم خىلتىنى سۈرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 1 ~ 3 گىرام.

**زەررى:** قورساقنى ئېسىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** پىننە، بەدىيان.

**بەدىلى:** سىيادان.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قورۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** زىمات، مەجۇن دورىلار.

# چاچ كۆمۈرى

**باشقا نامى:** بالكى راك.

**تونۇش:** بۇ، ئادەمنىڭ چېچى بولۇپ، ئۇنى ئالدى بىلەن شولتا سۇيىدە يۇيۇپ، ئارقىسىدىن سۈزۈك سۇ بىلەن چايقاپ تازىلاپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، قازانغا چىڭداپ تولدۇرۇپ، ئۇستىگە يەنە بىر قازاننى دۈم كۆمتۈرۈپ، كۆمتۈرۈلگەن قازاننىڭ ئۇستىگە بىر ۋاراق ئاق قەغەزنى چاپلاپ، ئىككى قازاننىڭ چاپلىشىپ تۇرىدىغان يېرىنى لاي بىلەن مەھكەم ئېتىپ، قازان ئاستىدىن ئوت قالاپ، قازان ئۇستىگە چاپلىغان ئاق قەغەز كۆيۈپ سېرىق رەڭگە كىرگۈچە قىزىتىپ، قازان سوۋۇغاندىن كېيىن ئاندىن چاچ ئېلىپ ئىشلىتىلىدۇ .

**چىقىش ئورنى:** ئادەم بار يەرنىڭ ھەممىسىدىن تېپىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** قان توختىتىدۇ، جاراھەت پۈتتۈرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 6 ~ 12 گىرام.

**زەرەرى:** توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** زىرىق، ئالقات.

**بەدىلى:** قەغەز كۈلى.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** زىمات، مەجۇن دورىلار.

# چارپاقا

**باشقا نامى:** چارقومچاق.

**تونۇش:** بۇ، پاقا ئائىلىسىدىكى هايۋانات چار پاقىنىڭ قۇرۇتۇلغان پۈتۈن تېنىدىن ئىبارەت بولۇپ، «چارپاقا» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ كۆپلىگەن يەرلىرىدىن چىقىدۇ ھەمدە چەت ئەللەردىنمۇ چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** جاراھەت پۈتتۈرىدۇ، قان تازىلايدۇ، ياللۇغ قايتۇرىدۇ، ئۆسمىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. زەھەر قايتۇرىدۇ، قان توختىتىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، چاچ چىقىرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** كېسەللىك ئەھۋالىغا قاراپ 1 ~ 3 گىرام.

**زەرەرى:** مىقداردىن ئېشىپ كەتسە ياكى كۆك، سېرىق، قارا رەڭدىكى پاقا ئىستېمال قىلىنىپ قالسا، ئىچكى ئەزا ئىششىش، تېرە رەڭگى بۇزۇلۇش، كۆڭۈل ئېلىشىش، يۈرەك ئاغرىش قاتارلىق ئەھۋاللارنى پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** تۇز، سېرىقچېچەك سۈيى، سىركەنجۇبىل، دارچىن.

**بەدىلى:** قىزىل قولتۇقلۇق پاقا.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** زىمات دورىلار.

# چار يىلان

**باشقا نامى:** ھەيىي، مار، سانىپ.

**تونۇش:** بۇ، كۆزەينەكلىك يىلان ئائىلىسىدىكى ھايۋانات كۇمۇش ھالقىلىق چار يىلاننىڭ قۇرۇتۇلغان تېنىدىن ئىبارەت بولۇپ، يىلان تېنىنىڭ دۈمبە قىسمى قارا ياكى قارامتۇل كۈل رەڭ، بىر تال تومپىيىپ چىققان دۈمبە قىرى بار، دۈمبە قاسىرىقى 15 قاتار بولۇپ، قاسىرىقى ناھايىتى زىچ، ئالتە قىرلىق شەكىلدە كۆرۈنىدۇ. قورساق قاسىرىقى ئاقۇچ سېرىق، پۇرىقى بىلىنەتتەك پۇرايدۇ، تەمى سەل بەتتەم. ئۇ «چار يىلان» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ يۈننەن، گۇيجۇ، گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن كۆپرەك چىقىدۇ.



**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** ئاساسلىقى قان تازىلايدۇ، يالقۇغ قايتۇرىدۇ، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم، سەۋدا خىلتلىرىنى سۈرىدۇ، يەل تارقىتىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ئاغرىق پەسەيتىدۇ، ئىسپازما بوشىتىدۇ، زەھەر قايتۇرىدۇ، تېرىنى قىزارتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 1 ～ 2 گىرام.

**زەرەرى:** مىقداردىن كۆپ ئىستېمال قىلىنسا، مېڭىگە قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ، كۆپ تەرلىتىدۇ. زەھەرلىك.

**تۈزەتكۈچىسى:** سۈت، تۇخۇم ئېقى، مايلىق شورپا.

**بەدىلى:** رايونىمىزدىن چىقىدىغان ئوق يىلان.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش، سارغايتىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** سۇفۇپ، مەجۇن دورىلار.

# چاققاقئوت چۆپى

**باشقا نامى:** ئەنجىرە.

**تونۇش:** بۇ، چاققاقئوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك كەندىر يوپۇرماقلىق چاققاقئوتنىڭ يەر ئۈستى قىسمى بولۇپ، پۈتۈن چۆپى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، بۇ ئوت بەدەننىڭ قانداقلا يېرىگە تېگىپ كەتسە قىچىشتۇرۇپ بىئارام قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئېتىزدا ھەممە ئوتلارنى چارۋىلار يەپ بولغاندىمۇ بۇ ئوت يالغۇز قېپقالىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تاغ - داللىرىدا، يول چېتىدە، يايلاقلاردا، چىمەنلىكلەردە ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** تېرىنى قىزارتىدۇ ۋە قۇۋۋەتلەيدۇ، چۇشكۇرتىدۇ، يەل تارقىتىدۇ، تارتىشىنى بوشاشتۇرىدۇ، قان ئايلىنىشنى راۋانلاشتۇرىدۇ، زەھەر قايتۇرىدۇ، قان توختىتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 4 ~ 12 گىرام.

**زەرەرى:** زەھەرلىك، تېرىنى زەخىملەندۈرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سۈت.

**بەدىلى:** چاققاقئوت ئۇرۇقى، شەترەنجى.

**لايىقلاشتۇرۇشى:** زەھەرسىزلەندۈرۈش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ ئىشلىتىدىغان ياسالمىلار:** شەربەت دورىلار.

# چاققاقئوت ئۇرۇقى

**باشقا نامى:** تۇخۇمى ئەنجىرە.

**تونۇش:** بۇ، چاققاقئوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك كەندىر يوپۇرماقلىق چاققاقئوت ۋە تار يوپۇرماقلىق چاققاقئوتنىڭ ئۇرۇقى بولۇپ، بۇ ئىككى خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى تېبابىتىمىزدە «تۇخۇمى ئەنجىرە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ تاغ ـ داللىرىدا، يول چېتىدە، يايلاقلاردا، چىمەنلىكلەردە ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** قويۇق خىلتلارنى يۇمشىتىدۇ ۋە تارقىتىدۇ، قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، سۈيدۈكنى ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ، سۈتنى كۆپەيتىدۇ، ئۆپكىنى، ئاشقازاننى تازىلايدۇ، بالىياتقۇ، جىگەر ۋە تالنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئالتە گىرام.

**زەرەرى:** ئۈچەيدە توسۇلۇش پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سەمغى ئەرەبى، كەتىرا، چىلان.

**بەدىلى:** قەردىمانە، زاغۇن.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەتبۇخ، شەربەت دورىلار.

# چاكاندا

باشقا نامى: ئەمسوْخ.

تونۇش: بۇ، چاكاندا ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق تىك ئۆسىدىغان، چاكاندىغا ئورۇقداش كىچىك چاتقال بولۇپ، ئېگىزلىكى 30 ~ 80 سانتىمېتىر كېلىدۇ؛ يىلتىزى توم ۋە قاتتىق بولىدۇ، غولى چاتاقلاپ ئۆسكەن بولۇپ، رەڭگى كۆل رەڭ يېشىل، بوغۇم ئارىلىقى ئىنچىكە ۋە قىسقا، قورۇغاندا سۇندۇرسا ئوتتۇرىسىدىن سارغۇچ جىگەررەڭ ئۇنسىمان ماددا چىقىدۇ، ئۇنىڭ ئېغىزنى قورۇيدىغان تەمى بولىدۇ؛ يوپۇرمىقى يىگلەپ تەڭگىسىمان يوپۇرماققا ئايلانغان. گۈلى تاق جىنسلىق بولۇپ، ئائىلىق گۈل رېتى كۆپىنچە بوغۇمدا جۈپ بولۇپ ئۆسىدۇ، شىرنىلىك مېۋىسى قىزىل ۋە ئەتلىك بولىدۇ. ئۇنىڭ پۈتۈن چۆپى «چاكاندا» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پەس تاغ باغىرلىرى ۋە دەريا ۋادىلىرىدا ئۆسىدۇ.

تەبىئىتى: بىرىنچى دەرىجىدە قورۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: يۆتەل توختىتىدۇ، دەم سىقىشنى باسىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، ئەزالارنى كۈچلەندۈرىدۇ، ئاغرىق توختىتىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 2 ~ 12 گرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

زەرەرى: ھۆ پەيدا قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: ناۋات.

بەدىلى: خام زەنجىۋىل.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قورۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: مەتبۇخ دورىلار.

# چامغۇر ئۇرۇقى

**باشقا نامى:** شەلغەم.

**تونۇش:** بۇ، كرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق، تۇرۇپقا ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ تۈگۈنەك يىلتىزى گۆشلۈك بولۇپ، رەڭگى ئاق ياكى قىزىل، شەكلى ياپىلاق، شار شەكلىدە ياكى ئۇزۇنچاق كېلىدۇ؛ تۈگۈنەك يىلتىزى كۆكتات قىلىنىدۇ؛ يوپۇرمىقى تار، ئۇزۇن بولۇپ، چوڭ ـ چوڭ كەمتۈك جايلىرى بولىدۇ؛ گۈلى سېرىق كېلىدۇ، ئۇرۇقى ئۇششاق شارسىمان بولۇپ، رەڭگى قارامتۇل كېلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**تەبئىتى:** ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** ھەزىمنى ياخشىلايدۇ، يەل ھەيدەيدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ، يۆتەل توختىتىدۇ، بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ چامغۇر ئۇرۇقى 5 ~ 15 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** تەستە ھەزىم بولىدۇ، قورساقنى ئېسىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** قارىمۇچ.

**بەدىلى:** سەۋزە، ئۇرۇقى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چىقىدىغان ياسالمىلار:** مەجۇن دورىلار.

# چايان

**باشقا نامى:** ئەقرەب.

**تونۇش:** بۇ، ئامبۇرسىمان سېرىقئېشەك ئائىلىسىدىكى ھايۋانات چايانىنىڭ قۇرۇتۇلغان تېنىدىن ئىبارەت.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن ۋە خېنەن، شەندۇڭ، لياۋنىڭ قاتارلىق جايلىرىدىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** زەھەر قايتۇرىدۇ، پەي - مۇسكۇللارنى چىڭىتىدۇ؛ چاچ قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىسپازما بوشىتىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، يەل تارقىتىدۇ، ئۆسمە گۆشنى يوقىتىدۇ، بۆرەك ۋە دوۋساقتىكى تاشلارنى پارچىلايدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** كۆشتىسىدىن 5.0 ~3 گىرام.

**زەرەرى:** ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** چايان چاققانلارغا ھاك، تۇخۇم بىلەن چېپىلىدۇ، ياڭاق مېغىزى، ئەنجۈر، سامساق بەرگى چېپىلىدۇ، بىدە ئۇرۇقىنى ئېزىپ سىركە بىلەن چېپىلىدۇ، ئىچىدىن بۆرە سويمىسى يىلتىزى، ئەمەن، زىراۋەندە قاتارلىقلار مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىنىدۇ، كالا يېغى، قوي يېغى ئېرىتىپ چېپىلىدۇ، كاسىنە، ئارپا، قاپاق سۇلىرى ۋە قۇرسى كافۇر ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**بەدىلى:** چار يىلان.

**لايىقلاشتۇرۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** سۇفۇپ، مەجۇن دورىلار.

# چەشمىخورۇس

**باشقا نامى:** ئەينىددىك، چەچمى خورۇس.

**تونۇش:** بۇ، پۇرچاق ئائىلىسىدىكى يۆگەشمە پىلەكلىك ئۆسۈملۈك چەشمىخورۇسنىڭ مېۋىسى بولۇپ، پىشقاندا يىغىۋېلىنىپ، قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن «ئەينىددىك» ياكى «چەشمىخورۇس» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. رەڭگى قىزىل، كۆپ قىسمى ئاق رەڭدە بولۇپ، خورازنىڭ كۆزىگە ئوخشايدۇ، تەمى قېرىق بولۇپ، پۇرىقى پۇرچاققا ئوخشايدۇ، تولۇق يېتىلگەنلىرى ياخشى ھېسابلىنىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى قاتارلىق يەرلىرىدىن كۆپ چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، زەھەر قايتۇرىدۇ، قۇرت ئۆلتۈرىدۇ، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى تەڭشەيدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ، تېرىنى قىزارتىدۇ، كۆرۈش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 2 ~ 3 گىرام.

**زەرەرى:** ئىسسىق مىزاج كىشىلەردە باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** تەرەنجىبىن، كۆك يۇمغاقسۈت.

**بەدىلى:** بۇنىڭ قىزىلى بىلەن ئېقى بىر - بىرىگە ئورۇنباسار بولالايدۇ.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياساللار:** مەلھەم دورىلار.

150

# چوك قەنتەريۇن

**باشقا نامى:** قەنتەريۇن كەبىر.

**تونۇش:** بۇ، جىنتىيانا ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق، يالغان جىنتىياناغا ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، تېنى كاھۇنىڭ تېنىگە ئوخشايدۇ. ئېگىزلىكى 60 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، شاخلىرى كۆپ بولۇپ، بىر كۆتەكتىن ئۈنۈپ چىقىدۇ، شاخلىرىنىڭ ئۇچىدا غۇنچىلىرى بولۇپ، كۆكنارنىڭ غۇنچىسىغا ئوخشايدۇ. ئۇرۇقى زاراڭزا ئۇرۇقىغا ئوخشايدۇ. ئۇرۇقىنىڭ تەمى بىر ئاز تىلنى كۆيدۈرىدۇ. يوپۇرمىقى ياڭاقنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. يىلتىزىنىڭ رەڭگى قىزىل. تەمى ئۆتكۈر، تىلنى كۆيدۈرىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈك ئاپتاپ كۆپ چۈشىدىغان زېمىنلار، تاغلار، دۆڭلىكلەردە كۆپ ئۆسىدۇ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى «چوك قەنتەريۇن» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** بۇزۇق ماددىلارنى تارقىتىدۇ، جىگەر ۋە تال توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، چىرايىنى پارقىرىتىدۇ، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ، بەدەننى تازىلايدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ ئىككى گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** ئۆچەيگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سەمغى ئەرەبى، كەتىرا.

**بەدىلى:** ئەمەن، بابۇنە، تۇربۇت.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەلھەم، مەتبۇخ دورىلار.

# چۆپچىن

باشقا نامى: چۇبچىنى.

تونۇش: بۇ، گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى ياماشقۇچى غولسىمان چاتقال ئۆسۈملۈك چۆپچىنىنىڭ يىلتىزسىمان غولى بولۇپ، تەكشىسىز، ئەگرى ـ بۈگرى بولىدۇ، رەڭگى قىزىل، ئاق، قارا رەڭلەردە كېلىدۇ، تەمى قېرىق، پۇراقسىز كېلىدۇ.

چىقىش ئورنى: ئېلىمىزنىڭ چاڭجياڭدىن تارتىپ جەنۇبىي رايونلارغىچە بولغان جايلاردىن چىقىدۇ، ياپونىيەدىنمۇ چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: قان تازىلايدۇ، ياللۇغ قايتۇرىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ، ماددىلارنى يۇمشىتىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، جاراھەت پۈتتۈرىدۇ، ئارتۇق ماددىلارنى تارقىتىدۇ، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ، جاراسىملارنى ئۆلتۈرىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئۇيقۇ كەلتۈرىدۇ، ئاغرىق توختىتىدۇ، تەرلىتىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 5 ~ 7 گىرام.

زەرەرى: باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ، ھەزىمنى بۇزىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: قەلەمپۇر، ئانار سۈيى.

بەدىلى: ئۆشبە مەغرىبى.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: شەربەت، مەجۇن دورىلار.

# چۇچۇكبۇيا بەرگى

**باشقا نامى:** ئەسلىي سۇس.

**تونۇش:** بۇ، پۇرچاق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق. چۇچۇكبۇيىغا ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئېگىزلىكى 30 ~ 100 سانتىمېتىر كېلىدۇ، پۈتۈن تېنى تۈكلۈك بولىدۇ؛ يىلتىزسىمان غولى تۈۋرۈك شەكلىدە يوغان بولۇپ، قوۋزىقى قىزغۇچ قوڭۇر ياكى قارامتۇل قوڭۇر، تەمى تاتلىق بولىدۇ. غولى تىك، تۆۋەن قىسمى ياغاچلاشقان بولۇپ، يۇقىرى قىسمى كۆپ شاخلىنىدۇ؛ يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، گۈلى كېپىنەكسىمان، رەڭگى سۇس سۆسۈن ياكى قىزغۇچ سۆسۈن بولىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى «چۇچۇكبۇيا بەرگى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى قۇملۇق ۋە ئوتلاقلاردا ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** ماددىلارنى يۇمشىتىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، بەلغەم، سەۋدا خىلتلىرىنى تەڭشەيدۇ، نېرۋا ۋە پەيلەرنى كۈچەيتىدۇ، تالنىڭ خىزمىتىنى ياخشىلايدۇ، يۆتەلنى توختىتىدۇ، زەھەر تارقىتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 4 ~ 12 گرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** قىزىلگۈل، كەتىرا.

**بەدىلى:** رۇببىسۇس.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەتبۇخ دورىلار.

# چۇچۇكبۇيا يىلتىزى

باشقا نامى: بىخسۇس.

تونۇش: بۇ، پۇرچاق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك چۇچۇكبۇينىڭ يىلتىزى ۋە يىلتىزسىمان غولىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزسىمان غولى «بىخسۇس» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، خەلق ئارىسىدا «قارابۇيا»، «سېرىق بۇيا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن ۋە ئىچكى موڭغۇل، گەنسۇ، جياڭشى، سەنشى، لياۋنىڭ، جىلىن، خېيلۇڭجياڭ، خېبېي، چىڭخەي، قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ. ئىچكى موڭغۇلىيەدىن چىقىدىغىنى ئالىي دەرىجىلىك ھېسابلىنىدۇ، يەنە ئافغانىستان، پاكىستان، ئىران قاتارلىق ئەللەردىنمۇ چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى پىشۇرىدۇ، ماددىلارنى يۇمشىتىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، ھۆل سوغۇق كېپىياتىنى تەڭشەيدۇ، ئۇسسۇزلۇقنى باسىدۇ، نېرۋا ۋە پەيلەرنى كۈچلەندۈرىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 3 ~ 7 گىرام.

زەرەرى: بۆرەك ۋە تالغا زىيان قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: قىزىلگۈل.

بەدىلى: كەتىرا، رۇببىسۇس.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: پوستىنى ئېلىۋېتىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چىقىدىغان ياسالمىلار: مەتبۇخ دورىلار.

# چۈمۈلە

**باشقا نامى:** نەملى، مورجە.

**تونۇش:** بۇ، چۈمۈلە ئائىلىسىدىكى ھاشارات قارا چۈمۈلىنىڭ قۇرۇتۇلغان پۈتۈن تېنىدىن ئىبارەت. بۇ ھەممىگە تونۇش مەشھۇر ھاشاراتلاردىن بولۇپ، بۇ ھاشاراتنىڭ تىرىك تېنى، قۇرۇتۇلغان تېنى ۋە ياغقا چىلانغان قىسمى، تۇخۇمى قاتارلىقلار دورىغا ئىشلىتىلىدۇ .

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىز، جۇملىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** پەي، مۇسكۇللارنى چىڭىتىدۇ، يەل تارقىتىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، قاننى قىزىتىدۇ، زەھەر قايتۇرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ سىرتىدىن ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** زەھەرلىك، يەپ قالسا قورساقتا سانجىق ھەم بىئاراملىق پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل، زىرە.

**بەدىلى:** چايان.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەلھەم دورىلار.

# چىگىت مېغىزى

باشقا نامى: ھەببى قۇتنى، پىنبەدانە.

تونۇش: بۇ، لەيلىگۈل ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ياكى چاتقال كېۋەزنىڭ ئۇرۇقىدىن ئېلىنىدىغان مېغىزىدىن ئىبارەت بولۇپ، «چىگىت مېغىزى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: مەنىي ۋە سۈت پەيدا قىلىدۇ، بەلە ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ، تېرىنى پارقىرىتىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 3 ~ 7 گىرام.

زەرەرى: ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: پىننە، بەدىيان.

بەدىلى: زاراڭزا ئۇرۇقى، كۈنجۈت.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: پوستىدىن ئايرىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: سۇفۇپ، مەجۇن دورىلار.

# چىلاپا

**باشقا نامى:** چىلافا، جەلىب.

**تونۇش:** بۇ، يۆگەيلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق يۆگىمەچ غوللۇق ئۆسۈملۈك چۆل كاۋىسىنىڭ قۇرۇتۇلغان تۈگۈنەك يىلتىزىدىن ئىبارەت بولۇپ، «چىلاپا» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. كىچىكلىرى ياڭاقتەك، چوڭلىرى تۇخۇمدەك. شار شەكىللىك ياكى تۇخۇمسىمان بولىدۇ، سىرتقى رەڭگى سۆسۈن رەڭگە مايىل كېلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** مېكسىكا ۋە ھىندىستاندا ئۆستۈرۈلىدۇ. يۇقىرىقى بىلەن ئورۇقداش بولغان ئېلىمىزنىڭ گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى، يۈننەن، خەينەنداۋ ئۆلكىلىرىدىن چىقىدىغان «龙瓜七» چىلاپا ئۆسۈملۈكى بار بولۇپ، ئۇنىڭمۇ يۇقىرىقىغا ئاساسەن ئوخشاشتۇر.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى سۈرىدۇ، قۇرت ئۆلتۈرىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، تەرەتنى راۋانلاشتۇرىدۇ، بەدەندىكى ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 3 ~ 10 گىرام.

**زەرەرى:** قۇرۇق ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەردە باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** گۈلبىنەپشە، قىزىلگۈل.

**بەدىلى:** رەۋەن.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** شەربەت، ھەب دورىلار.

# چىلان

باشقا نامى: ئۈنناپ.

تونۇش: بۇ، خوزور ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان، چىلانغا ئۇرۇقداش چاتقال ياكى دەرەخ بولۇپ، يېڭى شاخلىرىدا جۈپ ـ جۈپ تىكەنلىرى بولىدۇ، يوپۇرمىقى سوزۇنچاقراق تۇخۇم شەكلىدە كېلىدۇ، گۈلى سارغۇچ يېشىل بولىدۇ؛ مېۋىسى ئۇچكىلىك مېۋە بولۇپ، شارسىمان ياكى تۇخۇمسىمان كېلىدۇ، رەڭگى قىزىل، تەمى تاتلىق، ئادەتتە قۇرۇق مېۋە ئورنىدا ئىستېمال قىلىنىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە جايلىرىدا كۆپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

خۇسۇسىيىتى: غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنى پىشۇرىدۇ، سۈرىدۇ، بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ، قاننى سۇيۇلدۇرىدۇ، قان تازىلايدۇ. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىنى تەڭشەيدۇ، قىزىتما قايتۇرىدۇ، يۆتەل پەسەيتىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: ئەھۋالغا قاراپ 20 ~ 30 تال ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

زەرەرى: ئاشقازان ۋە باھقا زىيان قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: بەدىيان، ھەسەل، قىزىلگۈل ئەرقى.

بەدىلى: سەرپىستان.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: چىلانما دورىلار.

## چىلغوزا

**باشقا نامى:** ماي قارغاي مېۋىسى، ھەببە سەنۇبەر.

**تونۇش:** بۇ، دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەرەخ سەنۇبەر ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك مايلىق قارىغايلارنىڭ ئۇرۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، رەڭگى قىزغۇچ قوڭۇر، ئىچىدىن ئاق رەڭلىك مېغىزى چىقىدۇ، تەمى تاتلىق، پۇرىقى سۈس كېلىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقىدىن ئېلىنغان مېغىزى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ ئىسسىق بەلباغ ئۆلكىلىرىدىن ھەمدە پاكىستان، ئافغانىستان، ياپونىيە قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، سۈت ۋە مەنىي كۆپەيتىدۇ، بەدەننى ۋە ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، تۇسالغۇلارنى ئاچىدۇ، نەپەسنى راۋانلاشتۇرىدۇ، يۆتەل پەسەيتىدۇ، بەلغەمنى چىقىرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 7 ~ 8 گىرام.

**زەرەرى:** سىڭىشى تەس بولۇپ، ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

**دەتۈزەتكۈچىسى:** رۇمبەدىيان.

**بەدىلى:** بادام مېغىزى، پىستە مېغىزى.

**لايىقلاشتۇرۇشى:** مېغىزىنى پاكىز ئېلىپ ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۇشىدىغان ياسالمىلار:** مەجۇن، لوئۇق دورىلار.

# خوخا

**باشقا نامى:** شۇكائى.

**تونۇش:** بۇ، مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپىدىن ئىبارەت بولۇپ، غولى ئېلىپىس شەكىللىك، سىرتقى يۈزى سۆسۈنگە مايىل قوكۇر رەڭ، يوپۇرمىقى يېشىلغا مايىل قوكۇر رەڭ، گۈلى سۆسۈن رەڭدە، تەمى سەل ئاچچىق، پۇرىقى ئاجىز كېلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىغا تارقالغان، يەنە ئىران تاغلىرىدىنمۇ چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** ئاساسلىق غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى پىشۇرىدۇ، تۇسالغۇلارنى ئاچىدۇ، قان توختىتىدۇ، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتىدۇ، زەھەر قايتۇرىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ، ئۇرۇقى ۋە يىلتىزى قان توختىتىدۇ، جاراسىملارنى ئۆلتۇرىدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 5 ~ 7 گىرام.

**زەرەرى:** ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

**بەدىلى:** بابۇنە.

**لايىقلاشتۇرۇشى:** سايىدا قۇرۇتۇپ، ساپلاشتۇرۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ ئىشلىتىدىغان ياسالمىلار:** مەتبۇخ دورىلار.

# خورما

**باشقا نامى:** تەمرە.

**تونۇش:** بۇ، پالما ئائىلىسىدىكى ھەمىشە كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەرەخ خورمىنىڭ مېۋىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، رەڭگى سارغۇچ ياكى بېغىر رەڭ، تەمى تاتلىق. پوستى نېپىز، ئىچىدە بىر تال ئۇرۇقچىسى بولىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئافرىقا، ھىندىستان ۋە ئەرەب ئەللىرىدە ئۆسىدۇ. ھازىر ئىسسىق بەلباغ ئەللىرىدە تىكىپ ئۆستۈرۈلىدۇ، ئېلىمىزنىڭ جەنۇبىدىكى ئۆلكىلىرىدىمۇ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** ئوزۇقلۇق تولۇقلايدۇ، قان كۆپەيتىدۇ، چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىدۇ، قان بېسىمنى چۈشۈرىدۇ، باھنى ۋە ئومۇمىي بەدەننى، يۈرەكنى، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، مەنىي پەيدا قىلىدۇ، بەدەننى سەمرىتىدۇ، پەيلەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، قان توختىتىدۇ، ئاغرىق توختىتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 10 ~ 40 گىرام.

**زەرەرى:** تەستە ھەزىم بولىدۇ، تال، جىگەردە توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ، قورساقنى ئىششىدۇ، قەۋزىيەت قىلىپ قويىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركەنجۇبىل، ئانار سۈيى، كۈنجۈت يېغى، ئاقلانغان بادام مېغىزى.

**بەدىلى:** پىشقان ئۆرۈكنىڭ گۈلسى، ئەنجۈر، ھۆل زەنجىۋىل.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** ئۇرۇقىنى ئايرىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** لوئوق، مەجۇن دورىلار.

# خولىنجان

**باشقا نامى:** كەلىجەن.

**تونۇش:** بۇ، زەنجىۋىل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك خولىنجاننىڭ يىلتىزسىمان غولىدىن ئىبارەت بولۇپ، تەمى ئاچچىق، خۇش پۇراق كېلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى، يۈننەن، تەيۋەن قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن، ھىندىستان قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** ئاشقازان، بەل، پەيلەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ؛ يەل تارقىتىدۇ، بەدەننى قىزىتىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ، يۇمشىتىدۇ، ئېغىزنى خۇش پۇراق قىلىدۇ، بەدەندىكى زىيادە ھۆللۈكنى قۇرۇتىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 3 ~10 گىرام.

**زەرەرى:** ئىسسىقچان كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كاسىنە ئۇرۇقى، بىنەپشە، نىلۇپەر.

**بەدىلى:** دارچىن، كاۋاۋىچىن.

**لايىقلاشتۇرۇشى:** ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياساللار:** مەجۇن ۋە چاي دورىلىرى.

# خۇنسياۋشان

**باشقا نامى:** خۇنسياۋشان. دەمىل ئىخۋەيىن.

**تونۇشى:** بۇ، پۇرچاق ئائىلىسىدىكى بىر خىل قىزىل سەندەل دەرىخى دەپ ئاتىلىدىغان دەرەخ خۇنسياۋشان ئۆسۈملۈكىنىڭ يېلىمى بولۇپ، رەڭگى قىزىل، جىگەر رەڭگە مايىل كېلىدۇ، بۇنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئۆزى ئېقىپ چىققان ساپ، ياغاچ، توپا، قوۋزاق ئارىلاشمىغان قۇرۇتۇلغىنىدۇر. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مۇشۇ خىلدىكى ئېقىپ چىقىپ، ئۇيۇپ قالغان ماددىسى «خۇنسياۋشان هىندى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** سىرى لانكا، هىندىستان قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** قان توختىتىدۇ، يىرىڭلىق جاراھەتنى پۈتتۈرىدۇ، قىزىتما قايتۇرىدۇ، ئاشقازان، جىگەر ۋە ئۈچەيلەرنىڭ قىزىقلىقىنى نورماللاشتۇرىدۇ، ئاشقازان، ئۈچەيلەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، تولغاق، قان ۋە سەپرا خاراكتېرلىك ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، مەقئەتنىڭ يېرىقىنى ياخشىلايدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 1 ~ 2 گىرام.

**زەرىرى:** بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

**بەدىلى:** شادىنەج مەغسۇل.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** سۇفۇپ دورىلار.

# خېنىگۈل

**باشقا نامى:** گولى ھېنا.

**تونۇش:** بۇ، خېنىگۈل ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق، خېنىگۈلگە ئوخشاش ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئېگىزلىكى 30 ~ 60 سانتىمېتىر كېلىدۇ، غولى گۆشلۈك، سىلىق، بوغۇم قىسمى كۆپىنچە قىزىل رەڭلىك بولىدۇ؛ يوپۇرمىقى ئىنچىكە ھەرە چىشسىمان بولىدۇ؛ گۈلى قولتۇقىدىن ئۆسكەن بولۇپ، قىزىل، سۆسۈن، ئاق، سېرىق رەڭلەردە بولىدۇ؛ غوزا مېۋىسى سوقىچاق بولۇپ، پىشقاندا ئازراق تېگىپ قويسىلا يېرىلىدۇ. ئۇنىڭ گۈلى «خېنىگۈل» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ..

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تېرىلىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** قاننى جانلاندۇرىدۇ، ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ، رېماتىزمغا مەنپەئەت قىلىدۇ، تۇرۇپ قالغان قاننى تارقىتىدۇ، بەلغەمنى بوشىتىدۇ، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 4 ~ 8 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** گال ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بادام مېغىزى، كەتىرا، قاپاق مېغىزى.

**بەدىلى:** خېنە ئۇرۇقى، ئۇسما.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** چىلانما دورىلار.

# خېنگۈل ئۇرۇقى

باشقا نامى: تۇخۇمى ھىنا.

تونۇش: بۇ، خېنگۈل ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك خېنگۈلنىڭ ئۇرۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، «خېنگۈل ئۇرۇقى» نامدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇرۇقى ياپىلاق تۇخۇم شەكىلدە، رەڭگى سارغۇچ قوڭۇر رەڭدە بولىدۇ.

چىقىش ئورنى: ئېلىمىزنىڭ ۋە شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ، كۆپىنچە ئائىلىلەردە قورۇلارنى گۈزەللەشتۈرۈش ئۈچۈن تېرىلىدۇ.

تەبىئىتى: بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ، تۇسالغۇلارنى ئاچىدۇ، يەل ھەيدەيدۇ، قان ئايلىنىشنى ياخشىلايدۇ، سۆڭەك ئاغرىقىنى توختىتىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 1 ~ 3 گىرام.

زەرەرى: ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: كەتىرا، ئىسپىغۇل.

بەدىلى: چاققاقئوت ئۇرۇقى.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قورۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: مەتبۇخ دورىلار.

# خيارشەنبەر

**باشقا نامى:** ئەمىلتاس .

**تونۇش:** بۇ، پۇرچاق ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك كوباسا دەرىخىنىڭ مېۋىسى بولۇپ، بۇ دەرەخنىڭ شاخلىرى ياڭاق دەرىخىنىڭ شاخلىرىغا ئوخشايدۇ، يوپۇرمىقى ياڭاقنىڭكىدىن كىچىكرەك، مېۋىسى ئۇزۇن، 30 ~ 60 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا، ئىنچىكە - توملۇقى باش بارماقچىلىك ياكى ئۇنىڭدىن چوڭراق كېلىدۇ، ئوتتۇرىسىدا قاتتىق پەردىسى بولۇپ، ھەر بىر پەردىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇيۇپ قالغاندەك چاپلىشاڭغۇ يېلىمسىمان شىرىسى بولۇپ، بۇنى «پۇنۇس ئەسلىي» دەپ ئاتايدۇ ھەم ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئازراق ئۇرۇقى بولىدۇ، ئۇيغۇر تېبابىتىدە ئىشلىتىلىدىغىنى ئۇنىڭ «پۇنۇس ئەسلىسى» دەپ ئاتىلىدىغان ئاشۇ قىسمى بولۇپ، ئۇنىڭ ھەممە قىسمى «خيارشەنبەر» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، بۇنىڭ تەمى بىر ئاز تاتلىق ۋە بىر ئاز بەتبۇي، بۇنىڭ ياخشىسى قارا، پارقىراق، پوستى نېپىز، قۇۋۋەتلىك، ئاچچىق پۇرىقى كۆپرەك بولغان، شېرىن پۇرىقى ئاز بولغىنىدۇر، بۇنىڭ پۇنۇس ئەسلىسىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۆزىنى ئوت بىلەن قىزىتىپ سۇندۇرۇپ، پۇنۇس ئەسلىسى ئاجرىتىپ ئېلىنىپ، ئاندىن بادام يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ياغلاپ ئىشلىتىلىدۇ.

**مىجەزى:** مۆتىدىل .

**چىقىش ئورنى:** مەملىكىتىمىز ۋە چەت ئەللەردىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** ئۆپكىنى تازىلايدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ، غەيرىي تەبىئىي خىلىتلارنى تازىلايدۇ، تەرەتنى راۋانلاشتۇرىدۇ، ھەيز ماڭدۇرىدۇ، ھامىلە ۋە بالا ھەمراھىنى چۈشۈرىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 3 ~ 5 گىرام.

**زەرەرى:** قورساقنى ئاغرىتىدۇ، كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** مەستىكى، رۇمبەدىيان، بادام يېغى.

**بەدىلى:** تۇربۇت، سانا.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەتبۇخ، مەجۇن دورىلار.

# دارچىن شېخى

**باشقا نامى:** قوۋزاقدارچىن.

**تونۇش:** بۇ، ئەرمۇدۇن ئائىلىسىدىكى دائىم ياشىرىپ تۇرىدىغان جوڭگو دارچىن دەرىخىنىڭ شېخى بولۇپ، پۇرىقى ئۆتكۈر، تەمى تاتلىققا مايىل ئاچچىق، رەڭگى قارامتۇل قىزىل رەڭدە بولىدۇ.

**چىققان ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ فۇجيەن، گۇاڭشى، گۇاڭدۇڭ، يۈننەن قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن، ھىندىستان ۋە سىرى لانكا قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** ھۆل سوغۇق كەيپىياتنى، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى تەڭشەيدۇ، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، پەي - مۇسكۇللارنى ۋە بەدەننى قىزىتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 2 ~ 10 گىرام.

**زەرىرى:** دوۋساققا قۇرۇقلۇق يەتكۈزۈپ، ھۆللۈكنى كېمەيتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا، ئاسارۇن.

**بەدىلى:** سەلىخە.

**لايىقلاشتۇرۇشى:** ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** چاي دورىلىرى.

# دۇرنەج ئەقرەبى

**باشقا نامى:** دۇرنەج.

**تونۇش:** بۇ، مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك ھىندى دۇرنەجىنىڭ يىلتىزى بولۇپ، شەكلى چايانغا ئوخشايدۇ، پوستى كۈل رەڭ، ئىككى ياكى ئۈچ بوغۇملۇق بولىدۇ، بۇنىڭ ئەڭ ياخشىسى بىرئاز ئاچچىق، خۇشبۇي، قاتتىق، ئىچى ئاق بولغىنىدۇر. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يۇيۇپ تازىلاپ قۇرۇتۇلغان يىلتىزى «دۇرنەج ئەقرەبى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئىران، خۇراسان قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ، ھىندىستاندىمۇ مۇشۇ تۈر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۆسۈملۈك بولۇپ، بۇنىڭ قۇۋۋىتى خۇراساندىن چىقىدىغىنىدىن تۆۋەن.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** يۈرەك، پەي، نېرۋا، ئاشقازان ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ. قىزىتىدۇ، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتىدۇ، يەلنى تارقىتىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، ھامىلىنى ساقلايدۇ، زەھەر قايتۇرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 1 ~ 3 گىرام.

**زەرەرى:** ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** تەمرىھىندى، بىنەپشە.

**بەدىلى:** زورەمبات.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** سۇفۇپ، مەجۇن دورىلار.

# رال

**باشقا نامى:** شەجەرقەيقەھرى، شەجەر.

**تونۇش:** بۇ، سەنۇبەر تۈرىدىكى سال (ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ «سىكدە» دېگەن دەرەخ بولۇپ، بۇ دەرەخ «سال» دەپمۇ ئاتىلىدىكەن) دېگەن دەرەخنىڭ يېلىمى بولۇپ، بۇ دەرەخنىڭ يېلىمى «قەيقەھرى» ياكى «رال» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ يېلىم يۇمشاق، بوش بولۇپ، ئاسان ئېزىلىدۇ، ئوت ھارارىتى بىلەن ئېرىيدۇ، قىزىقراق ئاپتاپتىمۇ ئېرىيدۇ، پۇرىقى سېسىق، نېفىتكە ئوخشايدۇ، رەڭگى سېرىققا مايىل، ئېرىتىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ پارچىلىرى بىر ئاز ياپىلاق ئاق سېرىق، بەزىلىرى توپا رەڭ، تەمسىز، ئازراق شىلىمشىق بولىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ھىندىستاندىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق قۇرۇق

**خۇسۇسىيىتى:** يەل ۋە ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، جاراھەتلەرنى پۈتتۈرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئۈچ گىرام.

**زەرەرى:** ئۆپكىگە قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل، كۆكنار.

**بەدىلى:** ئەنزىرۇت.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياساللىلار:** زىمات دورىلار.

# رەۋەن

**باشقا نامى:** بىخ رىباس.

**تونۇش:** بۇ، قامچىئوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق، رەۋەنگە ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئېگىزلىكى 30 ~ 100 سانتىمېتىر كېلىدۇ؛ يىلتىزى توم ۋە چوڭ، سىرتى قارامتۇل جىگەر رەڭدە، ئىچى سېرىق، تۈۋىدىن چىققان يوپۇرماقلىرى توپلىشىپ ئۆسكەن بولۇپ، سېپى ئۇزۇن بولىدۇ. غولىدىن چىققان يوپۇرماقلىرى نۆۋەتلىشىپ ئۆسكەن بولۇپ، كىچىكرەك، شەكلى دۈگىلەك، گىرۋىكىدە ئۇششاق كەمتۈكلەر بولىدۇ. قوشۇمچە يوپۇرمىقى جىگەر رەڭدە، سىرتى پەردىلەشكەن بولۇپ، غولنى ئوراپ تۇرىدۇ؛ گۈل رەتى كونۇسسىمان بولۇپ ئۇچىدا ئۆسىدۇ، دۈگىلەك شەكىللىك، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزسىمان غولى «رەۋەن» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تاغلىق جايلىرىدىكى تاغ جىلغىلىرى، تاغ باغرىلىرى، ئورمان بويلىرى قاتارلىق سايە، نەم جايلاردا ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنى تازىلايدۇ، تۇسالغۇلارنى ئاچىدۇ. چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرىدۇ، ئۇيۇپ قالغان قانلارنى تارقىتىدۇ، غەلۋىرەكنى ياندۇرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 4 ~ 12 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** تېنى ئاجىزلارغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا، بېھى لوئابى، ئىسپىغۇل.

**بەدىلى:** قىزىلگۈل، سۇمبۇل.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەتبۇخ، شەربەت دورىلار.

# ردىيھان چۆپى

**باشقا نامى:** بەرگى رەيھان، بەرگى شاھ سفەرەم.

**تونۇش:** بۇ، كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق، تىكەن رەيھانغا ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكلىدە، سەل - پەل سۆسۈن كېلىدۇ؛ گۈلى ئاق ياكى قوڭۇر ئارىلاش ئاق كېلىدۇ. غول ۋە يوپۇرماقلىرى خۇشبۇي كېلىدۇ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىققىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، قويۇق يەللەرنى يوقىتىدۇ، قاننىڭ قويۇقلۇقىنى تەڭشەيدۇ، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، يۇمشىتىدۇ، چىرىشكە قارشى تۇرىدۇ، كۆڭۈلگە خۇشلۇق كەلتۈرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 5 ~ 7 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركە، سېمىزئوت.

**بەدىلى:** بادرەنجى بۇيا، بالەنگو.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ جۇشىدىغان ياسالمىلار:** شەربەت دورىلار.

# رەيھان ئۇرۇقى

باشقا نامى: تۇخۇمى رەيھان.

تونۇش: بۇ، كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، تۇخۇم شەكىللىك، يېسىچاق بالەنگو ئۇرۇقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، رەڭگى كۈل رەڭگە مايىل قوڭۇر ياكى قارا بولىدۇ، تەمى سۇس، پۇرىقى خۇش پۇراق كېلىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ھىندىستان، ئەرەبىستان، بىرازىلىيە قاتارلىق ئەللەردىمۇ چىقىدۇ.

تەبىئىتى: بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: مېڭە ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئاغرىق توختىتىدۇ، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزىدۇ، ئىچنى توختىتىدۇ، مەنىي، تۇتىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 1 ~ 2 گىرام.

زەرەرى: ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: ناۋات، بەدىيان، زەنجىۋىل.

بەدىلى: بادرەنجبۇيا، بالەنگو.

لايىقلاشتۇرۇشى: ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: شەربەت، سۇفۇپ دورىلار.

# رۇسۇت

**باشقا نامى:** ھۇزۇز.

**تونۇش:** بۇ، زىرىق ئائىلىسىدىكى بىر خىل مېۋىدىن سىقىپ چىقىرىلغان ئۇسارىدىن ئىبارەت بولۇپ، تەمى ئاچچىق، پۇرىقى سۇس، رەڭگى سېرىققا مايىل قارا، خۇددى رۇبىسۇسقا ئوخشاپ كېتىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسسىق بەلباغ رايونلىرىدىن چىقىدۇ، يەنە ئامېرىكا، ياۋروپا، نېپال قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** ئېغىز بوشلۇقىدىكى ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ، قان تازىلايدۇ، قىزىتما قايتۇرىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ، چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، ئىچ سۇرۇۋشنى توختىتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 1 ~ 2 گىرام.

**زەرەرى:** تالغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** مەستىكى، رۇمبەدىيان.

**بەدىلى:** فۇپەل، سەندەل.

**لايىقلاشتۇرۇشى:** ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** ھەب، زىمات دورىلار.

# رۇمبەدىيان

باشقا نامى: ئەنسۇن.

تونۇش: بۇ، كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق، قارىكۆز بەدىيانغا ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، تېنى چاسا، قىرلىق، ئىنچىكە، يوپۇرمىقىمۇ ئىنچىكە، خۇشبۇي، گۈلى ئاقۇچ مايىل سېرىق رەڭدە بولىدۇ. ئۇرۇقى ئۈچ بۇرجەكرەك، ئارپىبەدىياندىن كىچىكرەك، تەمى ئاچچىق. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى «رۇمبەدىيان» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خوتەن، يەكەن قاتارلىق جايلىرىدا كۆپرەك ئۆسىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: ھۆل سوغۇق كەيپىياتىنى تەڭشەيدۇ. ئاشقازان، ئۈچەينى قۇۋۋەتلەيدۇ، بەلغەم خىلتىنى پىشۇرىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، ئاغرىق توختىتىدۇ، زەھەر قايتۇرىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: ئەھۋالغا قاراپ 5 ~ 8 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

زەرەرى: ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەردە باش ئاغرىقىنى پەيدا قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: سىركەنجۇۋىل.

بەدىلى: ئارپىبەدىيان، سېرىقچېچەك، زىرە.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: مەتبۇخ، شەربەت دورىلار.

# رىگماھى

**باشقا نامى:** قۇم بېلىقى.

**تونۇش:** بۇ، يۈگۈرۈك كەسلەنچۈك ئائىلىسىدىكى ھايۋانات رىگماھىنىڭ تۈز بىلەن تۈزلاپ قۇرۇتۇلغان پۈتۈن تېنى بولۇپ، تەمى بىرئاز تۈزلۈق. بۇ ھايۋاننىڭ دۈمبىسى ئىنتايىن ئۈششاق قارا چېكىتلىك، قورسىقى ئاق، خۇددى يىلاننىڭ قورسىقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئەرەبىستان، تۈركىيە، ئىران قاتارلىق دۆلەتلەردىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** ماددا ئالمىشىشنى جانلاندۇرىدۇ، باھنى ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ، پەينى ۋە «تەبىئەت»نى قۇۋۋەتلەيدۇ، روھلاندۇرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئۈچ گىرام.

**زەرىرى:** 15 ياشتىن تۆۋەن باللارغا بېرىلمەيدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سۈت.

**بەدىلى:** سەقەنقۇر.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** سۇفۇپ، مەجۇن دورىلار.

# زاراڭزا چېچىكى

**باشقا نامى:** زەھىرۇلقەرتوم، گۈلى قەرتۇم، زاراڭزا گۈلى.

**تونۇش:** بۇ، مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك زاراڭزىنىڭ قۇرۇتۇلغان چېچىكى بولۇپ، رەڭگى قىزىل، سېرىق رەڭلەردە بولىدۇ، بەزىلىرى زەپەرگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئالاھىدە پۇراقلىق، تەمى ئاچچىق بولىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئىلىمىز ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ، ماددىلارنى يۇمشىتىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرىدۇ، ئاۋازنى ياخشىلايدۇ، مېڭە، يۈرەك ۋە باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، مەنىي پەيدا قىلىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 5 ~ 7 گىرام.

**زەرەرى:** ئىسسىقچان كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بىنەپشە، ھەسەل.

**بەدىلى:** ھەببەتۇلخۇزرا.

**لايىقلاشتۇرۇشى:** سايىدا قۇرۇتۇش ئارقىلىق ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ ئۇچرىشىدىغان ياسالمىلار:** شەربەت، زىمات دورىلار.

# زاراڭزا ئۇرۇقى

**باشقا نامى:** ھەببۇلقەرتۇم، تۇخۇمى قەرتۇم.

**تونۇش:** بۇ، مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك زاراڭزىنىڭ ئۇرۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، چاينىسا ئازراق ياغ سىزىم بولىدۇ، پۇرىقى يوق، سىرتقى يۈزى ئاق رەڭدە، ئاپتاپپەرەس ئۇرۇقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇرۇقىنىڭ ئىچىدىن سىرتى يېشىلغا مايىل، ئىچىدىن ئاق رەڭدە مېغىزى چىقىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** يەل ھەيدەيدۇ، قان تازىلايدۇ، چوڭ تەرەتنى بوشىتىدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ، غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنى تازىلايدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 10 ~ 15 گىرامغىچە.

**زەرەرى:** ئىسسىقچان كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بىنەپشە، نىلۇپەر.

**بەدىلى:** زىغىر ئۇرۇقى.

**لايىقلاشتۇرۇشى:** ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياساللار:** شەربەت، سۇفۇپ دورىلار.

# زاغۇن ئۇرۇقى

**باشقا نامى:** تۇخۇمى جىرجىر.

**تونۇش:** بۇ، كىرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك زاغۇننىڭ پىشقان ئۇرۇقى بولۇپ، ئۇرۇقى شار شەكىللىك، سۇس قوڭۇر رەڭلىك، پارقىراق، ئۇيۇل بولىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى «زاغۇن ئۇرۇقى»، يېغى «زاغۇن يېغى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە يەرلىرىدە تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** بۆرەك، دوۋساق ۋە باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، سۈت ۋە مەنىي كۆپەيتىدۇ. ھەزىمنى ياخشىلايدۇ، يەل تارقىتىدۇ، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ، يەرلىك ئورۇننى قىزارتىدۇ، تېرىگە جۇلا بېرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 5 ~ 7 گىرام.

**زەرەرى:** ئىسسىق مىزاج كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كاسىنە، سېمىزئوت.

**بەدىلى:** ھەببى رىشاد.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قورۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەجۇن دورىلار.

# زەپەر

**باشقا نامى:** زەپىران.

**تونۇش:** بۇ، چىغىرتماق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك زەپەرنىڭ ئائىلىق بويىنىنىڭ يۇقىرى قىسمى ۋە ئائىلىق تۇمشۇقىدىن ئىبارەت چېچەكى بولۇپ، قىپقىزىل، قىزىلغا مايىل سېرىق رەڭلەردە بولىدۇ، تەمى بىرئاز ئاچچىق، پۇراقلىق بولۇپ، قايناق سۇغا سالسا ساپسېرىق تەمى چىقىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئىران، ھىندىستان، ئىتالىيە، مىسىر، ياپونىيە، فىرانسىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ. ئىلگىرى زەپەر شىزاڭغا نېپال ۋە ھىندىستان ئارقىلىق كىرىپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەردە سېتىلاتتى، ھازىر ئېلىمىزنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدا سىناق تەرىقىسىدە تېرىلىۋاتىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۆتتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** «تەبىئەت» نى، يۈرەكنى ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، كۆكۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزىدۇ، ھېس ـ تۇيغۇنى كۈچەيتىدۇ، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان ئۇفۇنەتنى يوقىتىدۇ، خىلتلارنى بۇزۇلۇشتىن ساقلايدۇ، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتىدۇ، سۈيدۈكنىڭ كۆپ كېلىشىنى تىزگىنلەيدۇ، تۇتۇش قابىلىيىتىنى ئاشۇرىدۇ، بەل، جىگەر ۋە باشقا ئىچكى ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ، نەپەسلىنىشنى ياخشىلايدۇ، بۆرەك ۋە دوۋساقنى تازىلايدۇ، مۇرەككەپ دورىلارنىڭ قۇۋۋىتىنى يۈرەككە ۋە باشقا ئەزالارغا يەتكۈزىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 1 ~2 گىرام.

**زەرەرى:** قان بېسىمنى ئۆرلىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركەنجۇبىل، زىرىق.

**بەدىلى:** قۇستە، قەلەمپۇر.

**لايىقلاشتۇرۇشى:** سايىدا قۇرۇتۇش ئارقىلىق ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەجۇن، مۇپەررىھ قاتارلىق دورىلار.

# زەرچىۋە

**باشقا نامى:** زەرچۇبە.

**تونۇش:** بۇ، زەنجىۋىل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك زەرچىۋەنىڭ يىلتىز سىمان غولىدىن ئىبارەت بولۇپ، شەكلى زورەمباتقا ئوخشاپ كېتىدۇ، رەڭگى سىرتى قارامتۇل سېرىق، ئىچكى قىسمى ساپسېرىق، تەمى ئاچچىق بولىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ سىچۈەن، يۈننەن، فۇجيەن، خۇبېي، گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى، تەيۋەن قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** ئاساسلىقى قان تازىلايدۇ، يەل ھەيدەيدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ، ماددىلارنى تارقىتىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، يارىلارنى قۇرۇتىدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ، جىگەر، ئاشقازان ۋە پەباھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋان قىلىدۇ، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ، تارتىشىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتىدۇ، رەڭگىروينى چىرايلىق قىلىدۇ، پارقىرىتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 1 ~ 3 گىرام.

**زەرەرى:** يۈرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئوتروۋج، لىمون.

**بەدىلى:** ئوردان، جىنكېۋىزى.

**لايىقلاشتۇرۇشى:** ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەتبۇخ، زىمات دورىلار.

# زدرنەپ

**باشقا نامى:** سەرۇتۇركستانى.

**تونۇش:** بۇ، زەرنەپ ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەرەخ شىمالىي زەرنەپ دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقىدىن ئىبارەت بولۇپ، چوتكىسىمان شەكىلدە، رەڭگى يېشىل، تەمى ئاچچىق، خۇش پۇراق بولۇپ، ئارچا دەرىخىنىڭ يوپۇرماق شاخلىرىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئۈچ ئۆلكىدىن چىقىدۇ، يەنە بېنگال، جەنۇبىي ھىندىستان قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** جىگەر، تال، ئاشقازان، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ؛ كۆڭۈلنى خۇش قىلىدۇ، پەي - مۇسكۇللارنى كۈچلەندۈرىدۇ، يەل تارقىتىدۇ، قۇرۇتىدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ، يۆتەل پەسەيتىدۇ، زىيادە ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ، ئاغرىق توختىتىدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ، قان توختىتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 1 ~ 3 گىرام.

**زەرەرى:** ئىسسىق مىزاج كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** يۇمغاقسۇت.

**بەدىلى:** لاچىندانە، دارچىن، كاۋاۋىچىن.

**لايىقلاشتۇرۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەجۇن دورىلار.

# زەرنىخ

**باشقا نامى:** زەرنەخ تەبقى، ھەرتال.

**تونۇش:** بۇ، سۇلفىدلىق بىرىكمە بولغان مېتال ماددا زەرنىختىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ كۆكگۈرت پوقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، بۇ بىر خىل كان ماددىسىغا ھىدروگېن سۇلفىد تەسىر قىلىشتىن ھاسىل بولىدۇ. بۇنىڭ تويىسى كۆپ بولغاچقا، ئىغىر ۋە ھۆللۈكى ئارتۇق، كۆكگۈرت پوقى ماددىسى ئاز، شۇڭا بۇ ئوتتا يانمايدۇ، بۇ بەش خىل بولىدۇ. سېرىق، قىزىل، كۆك، ئاق، قارا. بۇنىڭ ھەممىسىدىن ياخشىراقى ياپىلاق سېرىق رەڭدە كەلگىنى بولۇپ، بۇ خىلدىكىسى ئالتۇنغا ئوخشاش پارقىراق بولىدۇ، بۇ «ۋاراقى زەرنىخ» ياكى «سېرىق زەرنىخ» دەپ ئاتىلىدۇ. زەرنىخنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، تېبابەتتە ئىشلىتىلىدىغىنى ئاساسەن «سېرىق زەرنىخ»، ئۇنىڭدىن قالسا «قىزىل زەرنىخ» تۈر.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭنىڭ تاغلىرىدىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، قىزىلىنىڭ تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، قالغان خىلىنىڭ قۇۋۋىتى بۇلاردىنمۇ يۇقىرى.

**خۇسۇسىيىتى:** ئارتۇق گۆشلەرنى يەپ يوقىتىدۇ، تاز، قوتۇر، گۆشخور چاقىلارنى يوقىتىدۇ، قورساقتىكى تۈرلۈك قۇرتلارنى ئۆلتۈرىدۇ، تۈكلەرنى چۈشۈرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 1.5 گىرامغىچە.

**زەرەرى:** زەھەرلىك بولۇپ گۆشلەرنى كۆيدۈرىدۇ ۋە ئۆزگەرتىۋېتىدۇ، قارا داغ پەيدا قىلىدۇ، باھنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سېرىقماي بىلەن سېرىق ھېلىلە.

**بەدىلى:** سېرىقنىڭ ئورنىغا قىزىل زەرنىخ، ھەر ئىككىسىنىڭ ئورۇنباسارى گۆكگۈرت.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** كۆشتە قىلىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەلھەم دورىلار.

# زەمچە

**باشقا نامى:** زاج ئەبيەز.

**تونۇش:** زەمچە ئەسلىي سۇلفىد كىسلاتا تۇرىدىكى رودا تېشى بولغان كان ماددىسى بولۇپ، ئۇ كۆپلىگەن خۇسۇسىيەتتە زاككا ئوخشايدۇ. بىرئاز ئاچچىق، ئەمما ئۇنىڭ ئاچچىقلىقى زاكنىڭكىدىن تۆۋەن، بۇنىڭ خىللىرى كۆپ، ئەمما ئىشلىتىلىدىغىنى تۆت خىل بولىدۇ. بىرىنچى خىلى: ئاق، سۇزۇك، بىرئاز سېرىقلىققا مايىل، بۇنى «شەب يەمەنى» دەپ ئاتايدۇ، بۇ ھەممىسىدىن ياخشىراقى ھېسابلىنىدۇ. ئىككىنچى خىلى: ئاق، سۇزۇك بولۇپ، بۇنىڭدا ئەسلا سېرىقلىق بولمايدۇ، بۇنى «زاج بىللۇرى» دەپ ئاتايدۇ، بۇ خىلنىڭ پارچىلىرىنىڭ بەزىسى تۆت چاسا، بەزىلىرى تومراق، يېرىلاڭغۇ كېلىدۇ. ئۈچىنچى خىلى: يۇمىلاققا مايىل بولىدۇ، بۇنى «زاج مۇدەھرەج» دەپ ئاتايدۇ. تۆتىنچى خىلى: يۇمشاق، سىلىق، تېز سۇنىدىغان، بەتبۇي بولىدۇ، بۇنى «زاجى زەپەر» دەپ ئاتايدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تاغلىرىدىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ، زەخملەرنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ، ئارتۇق گۆشلەرنى يوقىتىدۇ، يىرىڭلىق جاراھەتلەرنىڭ قان ۋە يىرىڭلىرىنى يوقىتىدۇ، جاراھەتلەرنى پۈتتۈرىدۇ، مېتاللاردىكى داتنى ئالىدۇ، سۇنى ۋە شارابنى ساپ قىلىدۇ، بەتبۇيلۇقنى يوقىتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 5.0 ~ 1 گىرام.

**زەرەرى:** زەھەرلىك بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئۈچ گىرام ئىچسە زەھەرلەيدۇ، قاتتىق يۆتەل پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** يېڭى سۈت، سېرىقماي، ھەسەل.

**بەدىلى:** نۆشۈدۇر.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** كۆشتە قىلىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەلھەم دورىلار.

# زەنجىۋىل

**باشقا نامى:** ئىدرەك.

**تونۇش:** بۇ، زەنجىۋىل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك زەنجىۋىلنىڭ يىلتىز سىمان غولى بولۇپ، «زەنجىۋىل» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** بۇ ئېلىمىزنىڭ نۇرغۇنلىغان جايلىرىدىن ھەم گىرېتسىيە ۋە ھىندىستان قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** نېرۋىلارنى قوزغىتىدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ، يەل يوقىتىدۇ، جىگەرنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى يوقىتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 1 ~ 2 گىرام.

**زەرەرى:** گالدا يېرىكلىك پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بادام يېغى، ھەسەل.

**بەدىلى:** پىلپىل، قارىمۇچ.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ ئۇچرىشىدىغان ياسالمىلار:** سۇفۇپ، مەجۇن دورىلار.

# زەھرەمۆھرە

**باشقا نامى:** فادزەھرە مەدەنى.

**تونۇش:** زەھرەمۆھرە ئاز ئۇچرايدىغان بىر خىل مىنېرال بولۇپ، ئۇنىڭ رەڭگى ھەر خىل بولىدۇ، ئۇيغۇر تېبابىتى كىلاسسىك ئەسەرلىرىدە زەھرەمۆھرىنى چىقىش ئورنىغا ئاساسەن بىر قانچىگە بۆلگەن. جۇڭگونىڭ تاغلىرىدىن چىقىدىغىنى ئەڭ ياخشىسى ھېسابلىنىدۇ، ئۇ باشقا دۆلەتلەردىن چىقىدىغىنىغا قارىغاندا ساپ، سۈپەتلىك كېلىدۇ. «زەھرەمۆھرە» دېگەن زەھەر قايتۇرغۇچى دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ نام ئۇنىڭ ئەڭ ئاساسلىق رولى بولغان «زەھەر قايتۇرۇش»تىن كەلگەن. زەھرەمۆھرىنىڭ تېنى چۈرۈك، بوش بولۇپ، يېشىل رەڭدىكىسى كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. تەمسىز، پۇراقسىز كېلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ پامىر تاغلىرىدىن، بولۇپمۇ ھىندىستاننىڭ ئوتتۇرا قىسملىرىدىن ۋە خۇراسان قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** زەھەر قايتۇرىدۇ. يۈرەك، مېڭە، جىگەر قاتارلىق رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ. باھنى قوزغايدۇ، ھەر خىل يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، مەنىي تۇتىدۇ، بۆرەك ۋە تالنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، قان توختىتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** سىرتتىن ئەھۋالغا قاراپ ئىشلىتىلىدۇ، ئىچكى تەرەپتىن 0.05~1 گىرام.

**زەرەرى:** قان تومۇرلاردا توسۇلۇش پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سۇمبۇل، ھەسەل سۈيى.

**بەدىلى:** زۇمرەت.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** كۇشتە قىلىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەجۇن دورىلار.

# زورەمبات

**باشقا نامى:** كەچور.

**تونۇش:** بۇ، زەنجۋىل ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك زەرچىۋە، زورەمبات ياكى بوزۇغىنىڭ تۈگۈنەك يىلتىزىدىن ئىلغاپ ئېلىنىدىغان، ئۆزى ئۇزۇنچاق، چۈرۈك قىسمىدىن ئىبارەت بولۇپ، «زورەمبات» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ سىچۈەن ئۆلكىسىدىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، كۆكرەك خۇشلۇق يەتكۈزىدۇ، يۈرەك، مېڭە، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىشتىهانى ئاچىدۇ، يەل يوقىتىدۇ، بەدەننى سەمرىتىدۇ، چىرىشكە قارشى تۇرىدۇ، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋان قىلىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 2 ~ 4 گرام.

**زەرەرى:** ئىسسىقچان كىشىلەردە باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بىنەپشە.

**بەدىلى:** بوزىدان، دۇرنەج ئەقرەبى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەجۇن دورىلار.

# زۇپا

**باشقا نامى:** زۇپائى خۇشكى.

**تونۇش:** بۇ، كالپۇكسمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غولـلۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، غولىنىڭ تۈۋى ياغاچلاشقان، پۈتۈن تېنىدىن خۇش پۇراق چىقىپ تۇرىدۇ، غولى تۈۋىدىن شاخلىنىپ يانتۇ ئۆسىدۇ، ئېگىزلىكى 20 ~ 40 سانتىمېتىر كېلىدۇ؛ راۋاج تاپمىغان شېخى ئادەتتە يوپۇرماق قولتۇقىدىن ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى سىلىق، ئاددىي يوپۇرماق بولۇپ، ئۇدۇل ئۆسىدۇ، شەكلى تار يىپسىمان كېلىدۇ. يوپۇرماق ئۇچىدا يىڭنىسىمان تىكىنى بولىدۇ، ئالدى تەرىپىنىڭ رەڭگى يېشىل، كەينى تەرىپىنىڭ رەڭگى سۇس يېشىل، گۈللىرى زىچ، سانى كۆپ بولۇپ، ئۇچىدا ئۆسىدۇ، گۈل كاسىسى كانايسىمان بولۇپ، بەشكە يېرىلغان گۈل تاجىسى قوش كالپۇكسمان، يۇقىرى كالپۇكى ئىككىگە يېرىلغان، تۆۋەنكى كالپۇكى ئۈچكە يېرىلغان، رەڭگى هاۋا رەڭ كۆك كېلىدۇ، ئاتىلىقى تۆت تال بولۇپ، ئىككىسى گۈل تاجىسىدىن چىقىپ تۇرىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تاغلىق جايلىرىدىكى تاشلىق تاغ جىلغىلىرىدا ئۆسىدۇ، ھىندىستاندىنمۇ چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** بەلغەم بوشىتىدۇ، ئىششىقلارنى ياندۇرىدۇ، تەرلىتىدۇ، يەل ھەيدەيدۇ، تېرىگە جۇلا بېرىدۇ، يۆتەل توختىتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** جىگەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئاچچىق ئانار، سەرپىستان.

**بەدىلى:** پەر سىياۋشان، مەرزەنجۇش، سۆئتەر.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەتبۇخ، شەربەت دورىلار.

# زۇمرەت

**باشقا نامى:** زۇمرەد.

**تونۇش:** زۇمرەت يېشىل رەڭلىك، سۈزۈك، پارقىراق، ناھايىتى كۆركەم، پۇراقسىز، تەمسىز كەلگەن، ئاز ئۇچرايدىغان قىممەت باھالىق نەپىس مىنېرال بولۇپ، قاتتىق، يەنە كېلىپ يۇقىرى ئېلاستىكلىققا ھەم ئىسسىقلىق ئۆتكۈزۈشچانلىققا ئىگە، دۇنيادا رەڭگى تەكشى، ئارىلاشمىلىرى ئاز، سۈزۈك كەلگەن زۇمرەتلەر ئاز ئۇچرايدۇ. شۇڭا بۇ ناھايىتى ئەتىۋارلىق بولۇپ، ئۇيغۇر تېبابىتىدە يېشىل رەڭلىك، سۈزۈك، پارقىراق، جۇلالىق، ساپ بولغىنى ياخشى ھېسابلىنىدۇ ۋە شۇ خىلى ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئالتاي ۋە كۆكتوقاي قاتارلىق جايلىرىدىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** يۈرەك، مېڭە، جىگەر ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، كۆڭۈلنى خۇش قىلىدۇ، كۆزنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ، قان توختىتىدۇ، جاراھەت پۈتتۈرىدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، زەھەر قايتۇرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** سىرتتىن ئەھۋالغا قاراپ ئىشلىتىلىدۇ، ئىچكى تەرەپتىن 0.8 ~ 1 گىرام.

**زەرىرى:** ئۇزۇن ۋاقىت ئىستېمال قىلسا، دوۋساققا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل، تەرخەمەك ئۇرۇقى.

**بەدىلى:** مەرۋايىت، ياقۇت.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** كۇشتە قىلىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** سۇفۇپ، خېمىر دورىلار.

# زىرە

باشقا نامى: كۆمۈنى، زىرە كېرمانى.

تونۇش: بۇ، كۈنلۈكسمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق، زىرىگە ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئۆسۈملۈك تېنىدىن كۆچلۈك پۇراق چىقىپ تۇرىدۇ؛ غولى تىك، ئۈستى شاخلىنىدۇ؛ يوپۇرمىقى ئۈچ ـ تۆت قېتىم قايتىلىنىپ، پەيسىمان يېرىلىدۇ؛ گۈلى مۇرەككەپ كۈنلۈكسىمان گۈل رېتىدە بولۇپ، رەڭگى سېرىق. ئۇرۇقى سوقىچاق، تەمى ئاچچىق، خۇش پۇراق كېلىدۇ. ئۇرۇقى «زىرە» نامدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆستۈرۈلىدۇ.

تەبىئىتى: ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: ئاشقازاننى قىزىتىدۇ، جىگەر ۋە ئۈچەينى كۈچلەندۈرىدۇ، يەل تارقىتىدۇ، بۇزۇق ماددىلارنى يوقىتىدۇ، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتىدۇ، قاتۇرىدۇ، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: ئەھۋالغا قاراپ 4 ~ 6 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

زەرەرى: ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: كەتىرا، بادام مېغىزى.

بەدىلى: ئاقمۇچ، كالىيزىرە.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: چايلىق، مەجۇن دورىلار.

# زىرىق

**باشقا نامى:** زىخ، زەرەشكې.

**تونۇش:** بۇ، زىرىق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق يوپۇرماق تاشلايدىغان، زىرىققا ئۇرۇقداش چاتقال بولۇپ، ئېگىزلىكى 1.5 ~ 2 مېتىر كېلىدۇ، كۆپ شاخلىنىدۇ؛ يىلتىزى توم ۋە ئۇزۇن، رەڭگى سېرىق، تەمى ئىنتايىن قېرىق؛ يوپۇرماقلىرى قىسقا، شاخلىرىغا توپلىشىپ ئۆسىدۇ، شەكلى تەتۈر تۇخۇم شەكىللىك بولۇپ، تولۇق گىرۋەكلىك، كىچىك ۋە قىسقا كېلىدۇ، شاخ تۈۋىنىڭ تاشقى تەرىپىدە ئۈچ ئاچىلىق تىكىنى كۆپ، ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇن، ئىككى تەرىپىدىكىلىرى قىسقا بولىدۇ؛ ئومۇمىي گۈل رېتى بولۇپ، گۈلى كىچىك، سېرىق؛ مېۋىسى شىرنىلىك، شار شەكلىدە بولۇپ «زىرىق» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پەس تاغلار، ئورمان بەلبېغىدىكى دەريا ۋادىلىرى ۋە تاغ باغرىدىكى چاتقاللىقلاردا ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** سەپرانى پەسەيتىدۇ، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرىدۇ، ئاشقازان ۋە جىگەرنىڭ ھارارىتىنى پەسەيتىدۇ، قىزىتما قايتۇرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 15 ~ 25 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** سوغۇق مىزاج كىشىلەردە باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** قەلەمپۇر، دارچىن.

**بەدىلى:** قىزىلگۈل، ئاق سەندەل.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** شەربەت دورىلار.

# زىغىر چۆپى

باشقا نامى: تۇخۇمى كاتان، ئىلسى.

تونۇش: بۇ، زىغىر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق، زىغىرغا ئوخشاش ئۆسۈملۈك بولۇپ، غولى ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن، يوپۇرمىقى يىپ شەكلىدە بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. گۈلى ئاچ كۆك، غوزىلىق مېۋە تۇتىدۇ، مېۋىسى شارسىمان بولىدۇ. پۈتۈن چۆپى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆستۈرۈلىدۇ.

تەبىئىتى: پۈتكۈل چۆپى قۇرۇق سوغۇق.

خۇسۇسىيىتى: ھارارەت پەسەيتىدۇ، جاراھەتلەرنى ئېغىز ئالدۇرىدۇ، تۇسالغۇلارنى ئاچىدۇ، ھۆللۈكنى قۇرۇتىدۇ، گۆش ئۈندۈرىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: ئەھۋالغا قاراپ 1 ~ 5 ياشقىچە بولغانلارغا 1 ~ 4 گىرام، 5 ~ 10 ياشقىچە بولغانلارغا 5 ~ 8 گىرام، 10 ~ 15 ياشقىچە بولغانلارغا 12 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

زەرەرى: كۆزگە زىيان قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: بەدىيان، يۇمغاقسۈت.

بەدىلى: شۇمشا ئۇرۇقى.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قورۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چىقىشىدىغان ياسالمىلار: مەلھەم ۋە ھورداق دورىلار.

# زىغىر ئۇرۇقى

**باشقا نامى:** توخۇمى كەتان.

**تونۇش:** بۇ، زىغىر ئائىلىسىدىكى ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك زىغىرنىڭ پىشىپ قۇرۇتۇلغان ئۇرۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، شەكلى ياپىلاق، توخۇم شەكىللىك، رەڭگى قىزىلغا مايىل قوڭۇر رەڭ، پۇراقسىز كېلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** ئۆپكە ۋە كانايىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، بەلغەم بوشىتىپ، يۆتەل پەسەيتىدۇ؛ نەپەسنى راۋانلاشتۇرىدۇ، بۇزۇق ماددىلارنى تازىلايدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، ئىچنى بوشىتىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ، ياللۇغ قايتۇرىدۇ، يىرىڭلىق چاقىنى قۇرۇتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 10 ~ 20 گىرام.

**زەرەرى:** كۆپ يېسە پەيلەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بەدىيان، رۇمبەدىيان.

**بەدىلى:** شۇمشا ئۇرۇقى.

**لايىقلاشتۇرۇشى:** ساپلاشتۇرۇپ، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرىدۇ.

**كۆپ ئۇچرىشىدىغان ياسالمىلار:** لوئوق دورىلار.

# سازاڭ

**باشقا نامى:** سازاڭقورت، قىزىل قۇرت.

**تونۇش:** بۇ، سازاڭلار ئائىلىسىدىكى ھايۋانات سازاڭقۇرتنىڭ پۈتۈن تېنى بولۇپ، دۈمبە قىسمى كۆل رەڭگە مايىل سۆسۈن رەڭلىك، ئارقا قىسمى سەل سۇس، تۈكلىرى يىرىك، ھالقىسى سەل ئاقۇچ، ئىچكى ئەزالىرىنى ئېلىۋېتىپ قۇرۇتۇلىدۇ، ئۆزى يەڭگىل، چۈرۈك بولۇپ، ئاسان سۇنىدۇ، ئازراق پۇرىقى بار. بۇ قۇرتنىڭ قۇرۇتۇلغان پۈتۈن تېنى «سازاڭقۇرت» ياكى «قىزىل قۇرت» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىز ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە جايلىرىدىن ھەم چەت ئەللەردىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** قان تازىلايدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ، قىزىتما چۈشۈرىدۇ، جاراھەت پۈتتۈرىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، قان بېسىمنى چۈشۈرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 3 ~ 10 گىرام.

**زەرەرى:** ئاشقازان ھۆللۈكىنى ئاشۇرىۋېتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** پىننە، بەدىيان.

**بەدىلى:** چار يىلان.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** سۇفۇپ، مەلھەم دورىلار.

# سالاجىت

**باشقا نامى:** مۇمىيا.

**تونۇش:** بۇ، بېنزۇنىن ئائىلىسىدىكى ئېگىزلىكى 10 ~ 20 مېتىر ئەتراپىدا، يوپۇرماقلىرى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدىغان غوللۇق دەرەختىن ئېقىپ چىقىپ، مومغا ئوخشاش قاتىدىغان بىر خىل ماددىدىن ئىبارەت بولۇپ، «سالاجىت» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** لائوس، ۋيېتنام، تايلاند، سوماترا قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** زەھەر قايتۇرىدۇ، خىلتلارنىڭ بۇزۇلۇشىنى توسىدۇ، نەپەس يوللىرىنى راۋانلاشتۇرىدۇ، يۆتەل پەسەيتىدۇ، روھنى كۆتۈرىدۇ، يەل ھەيدەيدۇ، مەنىي ۋە سۈيدۈكنى تۇتىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، سۈيدۈك يوللىرىدىكى تاشنى ئېزىپ چىقىرىدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ ۋە بارلىق ئەزالار روھىغا قۇۋۋەت بېرىدۇ، كۆكۈلنى كۆتۈرىدۇ، ئاياللارنىڭ خۇن كېسەللىكلىرىنى داۋالايدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 4 ~ 8 گىرام.

**زەرەرى:** ئىسسىقچان كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئەينۇلا، قارىئۆرۈك.

**بەدىلى:** كۇندۇر.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** كۇشتە قىلىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياساللار:** ھەب، مەجۇن دورىلار.

# سامساق

**باشقا نامى:** سوم.

**تونۇش:** بۇ، گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق، گۈلسامساقدا ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، گۈلى ئاقفا مايىل سۆسۈن، يوپۇرمىقى بىلەن گۈل ئوقى يۇمران ۋاقتىدا كۆكتات قىلىنىدۇ؛ يەر ئاستى غولى ئاچچىق بولۇپ، قوزغاتقۇچى پۇراققا ئىگە.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** تەرلىتىدۇ، قاننى تازىلايدۇ، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ، چىرىشكە قارشى تۇرىدۇ، تەشنالىقنى بوشىتىدۇ، يارىلارنى تازىلايدۇ ۋە پۈتتۈرىدۇ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، يەل تارقىتىدۇ، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 12 ~ 20 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** كۆپ يېسە باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ، قاننى كۆيدۈرىدۇ، كۆزنى ئاغرىتىدۇ، بوۋاسىرغا ۋە خانازىرغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** يۇقىرىقىدەك ئەھۋال كۆرۈلسە، ئۇنى توسۇش ئۈچۈن سۇ ياكى تۇز بىلەن قاينىتىپ، ئۈستىگە قاپاق يېغى ياكى بادام يېغى، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى، سىركەنجۇبىل، ئانار سۈيى قوشۇپ بېرىلىدۇ.

**بەدىلى:** تاغ پىيىزى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياساللار:** مەجۇن دورىلار.

# سانا

باشقا نامى: سانائى مەككى.

تونۇش: بۇ، پۇرچاق ئائىلىسىدىكى كىچىك چاتقال ئۆسۈملۈك، پوپۇرماقلىق سانا ياكى ئۇچلۇق يوپۇرماقلىق سانا ئۆسۈملۈكىنىڭ يوپۇرمىقى بولۇپ، «سانا» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: بۇنىڭ بىرىنچى خىلى ئەرەبىستان، ئافرىقىنىڭ شەرقى، ھىندىستان قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ. ئىككىنچى خىلى ئېلىمىزنىڭ گۇاڭجۇ، خەينەنداۋ، يۈننەن قاتارلىق جايلىرىدا تېكىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: سەپرا ۋە كۆيگەن بەلغەمنى سۈرىدۇ، مېڭىنى تازىلايدۇ، بەدەننىڭ ھەممە يەرلىرىدىكى چىقىرىندى ماددىلارنى تازىلايدۇ. تېرىنى پارقىرىتىدۇ، رەئىس ئەزالارنى كۈچلەندۈرىدۇ، تەرەتنى راۋانلاشتۇرىدۇ، قۇرت ئۆلتۈرىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 3 ~ 10 گىرام.

زەرەرى: قورساقنى غولدۇرلىتىدۇ، كۆڭۈلنى ئېلەشتۈرىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: بادام يېغى، قىزىلگۈل، تۇز.

بەدىلى: تۇربۇت، سېرىق ھېلىلە.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياساللار: مەتبۇخ دورىلار.

# سەبرە

**باشقا نامى:** ئالوي شىرىسى.

**تونۇش:** بۇ، گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ئىككى خىل سەبرە (ئادەتتە بۇ ئۆسۈملۈك «ئالوي گۈلى» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر) يوپۇرمىقىنىڭ سىقىپ چىقىرىپ قاتۇرۇلغان شىرىنسى بولۇپ، «سەبرە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، سەبرىنىڭ يۇيۇلغىنى يۇيۇلمىغىنىدىن كۈچلۈك، شۇڭا ئۇنى ئىشلىتىشتە ئىمكان بار يۇيۇپ ئىشلىتىش لازىم.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ جەنۇب تەرىپىدە ئاز مىقداردا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ. بۇ ئەسلى شىمالىي ئافرىقىنىڭ مەھسۇلاتى، ھازىر جەنۇبىي ئامېرىكا، غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرى، ئافرىقىنىڭ جەنۇبىي تەرەپلىرىدە كەڭ كۆلەمدە تېرىپ ئۆستۈرۈلمەكتە.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** يەل ھەيدەيدۇ، ماددىلارنى يۇمشىتىدۇ، ئىچىنى سۈرىدۇ، ئاشقازان، جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، قۇرت ئۆلتۈرىدۇ، ھەيز ماڭدۇرىدۇ، سۈيدۈك كەلتۈرىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ، جاراھەتلەرنى تازىلايدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 1 ~ 5 گىرام.

**زەرەرى:** ئادەتتە بوۋاسىرغا زىيان قىلىدۇ، ئاشقازان، ئۈچەي ۋە جىگەرنى زەئىپلەشتۈرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئۈچەي كېسىلى ئۈچۈن كەتىرا، ئاشقازان ۋە جىگەر كېسىلى ئۈچۈن قىزىلگۈل، مەقئەت كېسىلى ئۈچۈن مۇقەل، گۈل يېغى، بىنەپشە يېغى ياكى ئۆچكە يېغى قوشۇپ بېرىش، ئەمما زىيانلىق كېسەللىكلەرگە ئىمكان بار ئىشلەتمەسلىك كېرەك.

**بەدىلى:** شەھمەنزەل، سوقمونىيا.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ ئۇچىشىدىغان ياساملار:** سۇفۇپ، ھەب دورىلار.

# سەدەپ

باشقا نامى: گوشت ماھى.

تونۇش: بۇ، مەرۋايىت قۇلۇلىسى ئائىلىسىدىكى ھايۋانات مەرۋايىت، مارتىن ئۈنچە قۇلۇلىسى ۋە سەدەپ قۇلۇلىسى قاتارلىق بىر قانچە خىل سەدەپ قۇلۇلىسىنىڭ پوستلاق قاپلىق مەرۋايىت قەۋىتىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئادەتتە «سەدەپ» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: ئېلىمىزنىڭ دېڭىز بويلىرى رايونلىرىدىن، ئەرەب دېڭىز بويلىرىدىن ۋە سەيلۇندىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

خۇسۇسىيىتى: پەي ۋە نېرىپنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، بەلغەمنى سۈرىدۇ، سۆيدۈك ھەيدەيدۇ، زەھەر قايتۇرىدۇ، قان توختىتىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈشتىسىدىن 1 ~ 3 گىرام.

زەرەرى: ئۈستىدىكى قارا پوستىنى قىرىۋەتمەي ئىشلەتسە، تالغا زىيان قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: ھەسەل، ئوغرىتىكەن.

بەدىلى: مەرۋايىت.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: كۈشتە قىلىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: خېمىر دورىلار.

# سەرپستان

**باشقا نامى:** سىپستان، لەسۇرە.

**تونۇش:** بۇ، بوتا كۆز ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك سەرپستان دەرىخىنىڭ مېۋىسى بولۇپ، «سەرپستان» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭ مېۋىسى يۇرەك شەكىللىك، ئۇزۇنلۇقى بىر بارماقتىن يېرىم بارماققىچە، سارغۇچ جىگەر رەڭدە كېلىدۇ، پىشقاندا قارا رەڭگە يېقىنلىشىدۇ، قۇرۇتۇلغان رەڭگى قارا بولىدۇ، ئىچىدە ئۇرۇقى بولۇپ، ئۇرۇقى ئېتىگە چاپلىشىپ تۇرىدۇ، بۇنىڭ ئېتى شىرنىلىك، تاتلىق ۋە پارقىراق بولۇپ، بۇنىڭ ئوبدان پىشقان ۋە يېڭى بولغىنى ياخشىسى ھېسابلىنىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ ئىسسىق بەلباغ رايونلىرىدىن ۋە ھىندىستان، سىرى لانكا، بەھرەيىن قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** غەيرىي تەبىئىي سەۋدا ۋە سەپرا خىلىتلىرىنى تەڭشەيدۇ، پىشۇرىدۇ. كاناي ۋە كۆكرەكنى سىلىقلاشتۇرىدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ، سەپرا ۋە قاننىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 10 گىرام.

**زەرەرى:** ئاشقازان ھۆللۈكىنى ئاشۇرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بەدىيان.

**بەدىلى:** ئاق لەيلى ئۇرۇقى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەتبۇخ دورىلار.

# سەرتان بەھرى

**باشقا نامى:** دېڭىز چايىنى.

**تونۇش:** بۇ، شورلۇق دېڭىزلاردا ياشايدىغان، بېشى چايانغا ئوخشايدىغان بىر خىل سۇ جانىۋىرىنىڭ پۈتۈن تېنى بولۇپ، ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى، داۋاملىق دەريادا تۇرسا ئۆزى يۇمشاق تۇرىدۇ، دەريادىن چىقىرىلغاندىن كېيىن ھاۋا بىلەن ئۇچرىشىش بىلەنلا تاشتەك قاتىدۇ، ئاق، يۇمشاق كېلىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىرى، بەك ئاق، قاتتىق كېلىدۇ، شەكلى ئاياللار قۇلىقىغا سالىدىغان زىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ھىندى دېڭىزىدىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** قابىز، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ، ھۆللۈكنى قۇرۇتىدۇ، قان توختىتىدۇ، جاراھەت پۈتتۈرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** سىرتقى تەرەپتىن مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ، ئەمما ئىچكى تەرەپتىن كۆپ ئىشلىتىلمەيدۇ، ئەگەر ئىشلىتىلسە ئادەمنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يېتىدۇ.

**زەرەرى:** زەھەرلىك. ئاشقازان ۋە ئۈچەيگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سۈت، ھەسەل سۈيى.

**بەدىلى:** گىل ئەرمىنى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** كۇشتە قىلىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** زىمات، قۇرس دورىلار.

# سەرتان نەھرى

**باشقا نامى:** سۇ چايىنى.

**تونۇش:** بۇ، ئېرىق - ئۆستەڭلەردە ياشايدىغان بىر خىل سۇ جانىۋارى بولۇپ، بېشى چايانغا ئوخشايدۇ، شۇڭلاشقا ئۇچۇن بۇ جانىۋار «سۇ چايىنى» دېيىلىدۇ. بۇنىڭ ئەڭ ياخشىسى چىشىسى بولۇپ، بۇنىڭ بەلگىسى شۇكى، ئۇنىڭ بەدىنىگە يىڭنىنى سانجىپ كۆرسە، ئەگەر ئاق سۇ چىقسا، چىشى ھېسابلىنىدۇ، ئەگەر سۇ چىقمىسا، ئەركىكى ھېسابلىنىدۇ، بۇنىڭ چوڭ ئۆستەڭ ۋە سۈيى تاتلىق دەريالاردا بولغىنى ياخشىسى ھېسابلىنىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ دەريالىرىدىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** جاراھەت پۈتتۈرىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، غىزا بولىدۇ، بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزىدۇ، سەمرىتىدۇ، كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ، مەستلىكنى كېسىدۇ، زەھەر قايتۇرىدۇ، قىزىتما قايتۇرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** كېسەلنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ 1 ~ 12 گىرام.

**زەرەرى:** بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** گىل مەختۇم.

**بەدىلى:** سەدەپ قۇلۇلىسى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ جۇشىدىغان ياساملار:** سۇفۇپ، زىمات دورىلار.

# سەرخس

باشقا نامى قەرقس.

تونۇش: بۇ، سەرخس ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق، سەرخسكە ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئېگىزلىكى 60 ~ 100 سانتىمېتىر كېلىدۇ؛ يوپۇرمىقى توپلىشىپ ئۆسىدۇ، ئۈستىدە قوڭۇر پەردىلەشكەن تەڭگىچىلەر بولىدۇ، يوپۇرماق كىچىك ياپراقچىلىرىدا ئۇششاق ھەرە چىشلىرى بار، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزسىمان قىزىلغا مايىل يىلتىز غولى «سەرخس» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تاغلىق جايلىرىدىكى كۆن چۈشمەيدىغان نەم تاغ باغرى، دەريا ۋادىسى ۋە ئورمانلىقلاردا ئۆسىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: مەددە قۇرت ئۆلتۈرىدۇ، ھارارەتنى پەسەيتىدۇ، زەھەر قايتۇرىدۇ، قان توختىتىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: ئەھۋالغا قاراپ 6 ~ 12 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

زەرەرى: ئۆپكىگە قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: شۋاق، كەتىرا.

بەدىلى: قەمبىل.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: مەتبۇخ دورىلار.

# سەقەنقۇر

**باشقا نامى:** خەيما.

**تونۇش:** بۇ، سەقەنقۇر ئائىلىسىدىكى ھايۋانات سەقەنقۇرنىڭ پۈتۈن تېنى بولۇپ، يېرىم ئايسىمان بولىدۇ. پۈتۈن تېنىدە توغرىسىغا كەتكەن 11 دانە بوغۇمى بولىدۇ. بېشى ئاتنىڭ بېشىغا ئوخشايدۇ، رەڭگى كۈل رەڭ، تېرىك ۋاقتىدا سارغۇچ، تەمى تۇزلۇق، غەيرىي پۇراقلىق كېلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ دېڭىز بويلىرىدىكى رايونلاردىن، شۇنىڭدەك مىسىر، ھىندىستان قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** بەل، بۆرەك، مۇسكۇل ۋە پەيلەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئاغرىق پەسەيتىدۇ، جىنسىي ئالاقىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، جىنسىي ئىنتىلىشنى كۈچەيتىدۇ، بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 3~5 گىرام.

**زەرەرى:** كۆرۈش قۇۋۋىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل.

**بەدىلى:** بۇقا چۈيىسى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** ھەب، مەجۇن دورىلار.

# سەكبىنەج

**باشقا نامى:** سەك، كەندەل.

**تونۇش:** بۇ، كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى سەكبىنەج دەرىخىنىڭ ياغلىق يىلىمىدىن ئىلىنغان يىلىمسىمان دورىدىن ئىبارەت بولۇپ، رەڭگى سېرىق، پەرپىيونغا ئوخشاپ كېتىدۇ، تەمى ئاچچىق، پۇرىقى يېقىمسىز كېلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئىران، ھىندىستان تاغلىرىدىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** ئاساسلىقى توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى تازىلايدۇ، قىزىتىدۇ، يۇمشىتىدۇ، پارقىرىتىدۇ، يەل ۋە ئىششىقنى تارقىتىدۇ، ئاغرىق توختىتىدۇ، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى تازىلايدۇ، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 1 ~ 2 گىرام.

**زەرەرى:** ئىچكى ئەزادىكى ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارغا زىيانلىق.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا، بادام يېغى.

**بەدىلى:** قارىغاي يېلىمى.

**لايىقلاشتۇرۇشى:** ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** ھەب، زىمات دورىلار.

# سەنگى جاراھەت

**باشقا نامى:** جاراھەت تېشى.

**تونۇش:** بۇ، چۆل ـ باياۋانلاردىن چىقىدىغان ئاقۇچ پور رەڭ ياكى يېشىلغا مايىل كەلگەن كاللەك، ياپىلاق شەكىللىك تاش بولۇپ، ئۇنى تۇتسا سوپۇندەك مايلىشاڭغۇ سېزىم بېرىدۇ، ئۇۋىلىسا ئاسانلا تالقانغا ئايلىنىدۇ، سۇدا ياخشى ئېرىمەيدۇ، بۇ تاش «سەنگى جاراھەت» ياكى «جاراھەت تېشى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ .

**چىقىش ئورنى:** ئەرەبىستاننىڭ باياۋانلىرىدىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** جاراھەت پۈتتۈرىدۇ، قان توختىتىدۇ، ئىچنى قاتۇرىدۇ، قۇرۇتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 1 ~ 2 گىرام.

**زەرەرى:** زەھەرلىك، دوۋساققا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بەدىيان، ئۇغرىتىكەن، ئىتئۈزۈمى.

**بەدىلى:** خۇنسىياۋشان، شادىنەج.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** زەھەرلىك بولۇپ، كۆيدۈرۈش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەلھەم دورىلار.

# سەنكىيا

**باشقا نامى:** مۇردار سەنگى.

**تونۇش:** بۇ، ئوكسىدلار تۈرىدىكى كان ماددىسى ئارسېنولىد رۇدىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، ھازىر يەنە ئارسېنوپىرىت ۋە زەرنىخ قاتارلىقلار تەركىبىدە ئارسېنولىد تۇتقان رۇدىلاردىنمۇ تەييارلىنىدۇ. بۇنىڭ ناھايىتى ئاز قىسمىلىرى تەبىئىي ئارسېنولىد رۇدىلىرىدىن تاللاپ ئېلىنىدۇ، كۆپ قىسمى ھەر خىل يېگى تېخنىكا ئارقىلىق ئىش قوشۇپ تەييارلىنىدۇ. سەنكىيا ئاق ۋە قىزىل دەپ ئىككى خىل بولىدۇ، ئۇيغۇر تېبابىتىدە ئاق سەنكىيا كۆپ ئىشلىتىلىدۇ .

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ جياڭشى، خۇنەن، گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن ۋە چەت ئەللەردىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** غەيرىي تەبىئىي خىلىتلارنى تازىلايدۇ، تۇتقاقلىق كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ۋە يەللەرنى تارقىتىدۇ، زەخمىنى پۈتتۈرىدۇ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 60 ~ 80 مىللىگرام.

**زەررى:** زەھەرلىك، بىر يېرىم گىرام ئىچسە، ئادەمنى ئۆلتۈرىدۇ، ئىچكى ئەزالارنى كۆيدۈرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىماب يېگەن كىشىلەرگە قىلىنىدىغان چارىلەر بىلەن چارە قىلىنىدۇ ھەم كاتھىندى، سېرىقماي، نىشاستىلەرگە ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

**بەدىلى:** ئېقىغا قىزىلى بەدەل بولالايدۇ.

**لايىقلاشتۇرلىشى:** زەھەرلىك بولۇپ، كۆشتە قىلىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياساللار:** مەلھەم دورىلار.

# سەۋزە

**باشقا نامى:** گەزەر.

**تونۇش:** بۇ، كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق، سەۋزىگە ئوخشاش ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق. گۈلى ئاق، مېۋىسى ئۇزۇن ھەم يۇمىلاق. يىلتىزى ئۇزۇن ھەم كونۇس شەكلىدە بولۇپ، گۆشلۈك، قىزغۇچ ياكى سېرىق رەڭدە كېلىدۇ. تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، ئادەتتە كۆكتات ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆستۈرۈلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** كۆكرەكلگە خۇشلۇق يەتكۈزىدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، مەنىي كۆپەيتىدۇ، ئىچىنى يۇمشىتىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 100 ~ 200 گىرام.

**زەرەرى:** ئەستە ھەزىم بولىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** گۆش.

**بەدىلى:** چامغۇر.

**كۆپ چىقىدىغان ياسالمىلار:** مۇراببا دورىلار.

# سەۋزە ئۇرۇقى

باشقا نامى: تۇخۇمى گەزەر.

تونۇش: بۇ، كۈنلۈكسىمان گۈللەكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك سەۋزە بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى «گەزەر» ياكى «زەردەك»، ئۇرۇقى «تۇخۇمى گەزەر» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: ئېلىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدا جۇملىدىن شىنجاڭنىڭ ھەممە يەرلىرىدە تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: باھنى ۋە بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ، تاش پارچىلايدۇ ۋە چۈشۈرىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: ئۈچ گىرام.

زەرەرى: ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: پىننە.

بەدىلى: رۇمبەدىيان، تاغ سەۋزىسىنىڭ ئۇرۇقى.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قورۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: مەجۇن دورىلار.

# سەئدى كوفى

**باشقا نامى:** سەئدى ھندى.

**تونۇش:** بۇ، قىياقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ئۈزۈن قىياقنىڭ يىلتىزسىمان تۈگۈنەك غولى بولۇپ، تۈكلۈك، خۇش پۇراق، تەمى بىر ئاز ئاچچىق بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزسىمان تۈگۈنەك غولى «سەئدى كوفى» ياكى «سەئدى ھندى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** مىسىر، ئەرەبىستان، ھىندىستان، جۇڭگو قاتارلىق دۆلەتلەردىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** جىگەر، ئاشقازان، نېرۋا ۋە پەيىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، يەل ياندۇرىدۇ، ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 1 ~ 5 گىرامغىچە.

**زەرەرى:** ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** رۇمبەدىيان، ھەسەل.

**بەدىلى:** سۇمبۇل.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەجۇن دورىلار.

# سوغىگۈل

تونۇلۇش: بۇ، گۈلساماق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق، سوغىگۈلگە ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئېگىزلىكى 20 ~ 50 سانتىمېتىر كېلىدۇ؛ يەر ئاستىدا تەڭگىسىمان غولى بولىدۇ، شەكلى يۇمىلاق، تۇخۇمسىمان؛ يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، بەزىلىرىنىڭ يۇقىرى قىسمىدىكى يوپۇرماقلىرى ئۇدۇل ئۆسىدۇ، سېپى بولمايدۇ، تۆۋەنكى قىسمىنىڭ يوپۇرماقلىرى كەڭ سوقىچاق بولىدۇ، يۇقىرىقى قىسمىنىڭ يوپۇرماقلىرى تار، يىپسىمان بولىدۇ، يوپۇرماق ئۇچى يۆگەشمەيدۇ؛ گۈلى ئۇچىدا ئۆسىدۇ، رەڭگى سېرىق ياكى ئاق يېشىل بولىدۇ؛ مېۋىسى غوزا مېۋە، ئۇزۇنچاق دۈگىلەك، ئالتە قاناتلىق بولىدۇ. ئۇنىڭ پۈتۈن چۆپى «سوغىگۈل» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى تاغ باغرى ۋە قۇملۇق، توپىلىقلاردا ئۆسىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

خۇسۇسىيىتى: ھارارەت پەسەيتىدۇ، ئۆپكىنى تازىلايدۇ، يۆتەل توختىتىدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: ئەھۋالغا قاراپ 6 ~ 12 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

زەرەرى: ھەزىمنى بۇزىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: زەنجىۋىل.

بەدىلى: بىنەپشە.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قورۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: تالقان دورىلار.

# سوقمونىيا

**باشقا نامى:** مەھمۇدى.

**تونۇش:** بۇ، يۆگەيلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق پىلەكلىك سامان غوللۇق، تاغلاردا ۋە تاشلىقلاردا ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈك يىلىمىسىمان يۆگەيىنىڭ قورۇتۇلغان سۈتىدىن ئىبارەت بولۇپ، «سوقمونىيا» ياكى «مەھمۇدى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ شەكلى ھەشقىپىچەككە ئوخشايدۇ، ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىردىن ئارتۇقراق، يەر بېغىرلاپ پىلەك سوزۇپ ئۆسۈپ چىقىدۇ، شاخلىرىنىڭ ئۈستىدە چاپلىشاڭغۇ ھۆللۈك بولىدۇ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى ۋە تېنىنى تىلىپ قويسا، سۈتى ئېقىپ چىقىپ قېتىپ سوقمونىيا بولىدۇ، ئۇنىڭ رەڭگى سېرىق، ئاسان ئۇۋۇلىدۇ، سۇغا سالسا سۈتتەك ئاق بولىدۇ، تىلنى ئېچىشتۇرىدۇ، بۇنداق بولمىغىنى ساختا ھېسابلىنىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** تۈركىيە، شام، سۈرىيە، پەلەستىن، ئىراق قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** تېرىنى پارقىرىتىدۇ، ئىششىق ۋە يەل تارقىتىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، غەيرىي تەبىئىي سەۋدا، بەلغەم ۋە سەپرا خىلتلىرىنى تازىلايدۇ، ئەزالارنىڭ پائالىيىتىنى كۈچەيتىدۇ، قورساقتىكى ئۆلۈك ھامىلىنى چۈشۈرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 0.1 ~ 0.7 گىرام.

**زەرەرى:** قورساقتا ئاغرىق پەيدا قىلىدۇ، كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرىدۇ، ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە، يۈرىكى ئاجىز كىشىلەرگە ۋە بالىلارغا بېرىلمەيدۇ ھەم ئۆزىنى يەككە ھالەتتە سۈرگە ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** قىزىلگۈل سۈيى، رۇمبەدىيان، تۇخۇم سېرىقى.

**بەدىلى:** سەبرە.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ ئۇچرىشىدىغان ياسالمىلار:** سۇفۇپ، ھەب دورىلار.

# سۇپارى

باشقا نامى: فۇپەل.

تونۇش: بۇ، پالما ئائىلىسىدىكى دائىم ياشىرىپ تۇرىدىغان، ئېگىزلىكى 8 ~ 15 مېتىرغىچە ئۆسىدىغان پالما دەرىخى بولۇپ، بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسى «فۇپەل» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنىڭ تەمى قېرىق، ئاچچىقراق، رەڭگى قىزغۇچ بېغىررەڭ، پۇرىقى سۇس، شەكلى شارسىمان، تېنى قاتتىق، چوڭلۇقى جويۇزنىڭ چوڭلۇقىدەك، بەزىسى يۇملاق، بەزىسى ياپىلاق بولىدۇ.

چىقىش ئورنى: ئېلىمىزنىڭ يۈننەن، گۇاڭدۇڭ، فۇجيەن، تەيۋەن قاتارلىق جايلىرىدىن ھەمدە ھىندىستان، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ۋە جەنۇبىي دېڭىز تاقىم ئاراللىرى قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

خۇسۇسىيىتى: مەددە قۇرت چۈشۈرىدۇ، قۇرۇتىدۇ، جاراھەت پۈتتۈرىدۇ، قۇرت ئۆلتۈرىدۇ، مەنىي تۇتىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، يەل تارقىتىدۇ، چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ، چىش تۈۋىدىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ، يۈرەك ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، تەر توختىتىدۇ، ئېغىزنى خۇشبۇي قىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: تۆت گىرامغىچە ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ بېرىلىدۇ.

زەرەرى: ئۆچەي توسۇلۇشلارغا زىيان قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: كەتىرا، بادام مېغىزى.

بەدىلى: ئاقسەندەل، بەرەڭگى كابۇلى.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: سۇفۇپ، ھەب دورىلار.

# سۈزاپ چۆپى

**باشقا نامى:** بەرگى تىتىلى.

**تونۇش:** بۇ، سۈزاپ ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق، سەپرا ئوتقا ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، غولى تىك، يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسۈپ، پەيسىمان يېرىلىدۇ، يېرىلغان ياپراقچىلىرى سوقچاق كېلىدۇ. گۈلى سېرىق، غوزىلىق مېۋە تۇتىدۇ. پۈتۈن تېنى خۇشبۇي پۇرايدۇ. پۈتۈن چۆپى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خوتەن، يېڭىسار، قەشقەر قاتارلىق جايلىرىدا كۆپرەك تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئەقلىنى زىيادە قىلىدۇ، يەل تارقىتىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، قۇرۇتىدۇ، زەھەر قايتۇرىدۇ، تېرىنى غىدىقلايدۇ، قىزارتىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** كۆزگە زىيانلىق.

**تۈزەتكۈچىسى:** رۇمبەدىيان، سىركەنجۇبىل.

**بەدىلى:** سۆئتەر، پىننە.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ جۇشىدىغان ياسالمىلار:** مەتبۇخ دورىلار.

# سۇزاپ ئۇرۇقى

**باشقا نامى:** تۇخۇمى تىتلى.

**تونۇش:** بۇ، سۇزاپ ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك سۇزاپ بولۇپ، ئۇنىڭ پۈتۈن چۆپى «سۇزاپ»، ئۇنىڭ ئۇرۇقى «تۇخۇمى سۇزاپ» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئېگىزلىكى بىر مېترغا يېتىدۇ، ناھايىتى پۇراقلىق كېلىدۇ. پۈتۈن كۆچىتى تۈكسىز، يوپۇرمىقى ئۇششاق ۋە يۇمىلاق، كۆنلۈكسىمان گۈل تىزمىسى ئەڭ ئۇچىدا ياكى قولتۇقىدا ئۆسىدۇ، گۈلىنىڭ رەڭگى سېرىق، ئۇرۇقى 5 ~ 4 دانە بولۇپ پىشقاندا يېرىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ جەنۇبىي قىسىم رايونلىرى، شىنجاڭنىڭ تاغلىرى ۋە باغلىرى، ھىندىستان، پاكىستان قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ، پەي، نېرۋىلارنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ، تېرىنى قىزارتىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 3 ~ 5 گىرام.

**زەرەرى:** ئىسسىقچان كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركە، زىخ.

**بەدىلى:** پىننە.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قورۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەجۇن دورىلار.

# سۆكپىياز

**باشقا نامى:** فىيازدەراز.

**تونۇش:** بۇ، گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق، پىيازغا ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئېگىزلىكى 20 ~ 50 سانتىمېتىر كېلىدۇ؛ يوپۇرمىقى يۇمىلاق كاناي شەكلىدە بولۇپ، ئوتتۇرىسى كاۋاك كېلىدۇ. غولى يۇمىلاق ھەم تۈۋرۈك شەكلىدە بولۇپ، گۈلى كىچىك ئېچىلىدۇ، ئۇرۇقى قارا. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئاق غولى «سۆكپىياز» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** ماددا ئالمىشىشنى ياخشىلاپ، بۇزۇق چىقىرىندى ماددىلارنى تارقىتىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ، قان بېسىمىنى چۈشۈرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 1 ~ 3 تال ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** سۆكپىيازنى ھەسەل ۋە ئەگرىسۇناي بىلەن قوشۇپ ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى كۆكۈلنى ئېلەشتۈرۈپ قەي قىلدۇرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئارپىبەدىيان

**بەدىلى:** سامساق.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** قايىنىتىلما دورىلار.

# سۇماق

**باشقا نامى:** ھىندىستان زىرىقى.

**تونۇش:** بۇ، سىر دەرىخى ئائىلىسىدىكى ئېگىزلىكى 6 ~8 مېتىر كېلىدىغان كىچىك دەرەخ ياكى چاتقال دەرەخنىڭ پىشاي دەپ قالغان قۇرۇق مېۋىسى بولۇپ، شەكلى ياپىلاقتا مايىل يۇمىلاق، رەڭگى خورما رەڭ ياكى قىزىل، مايلىشاڭغۇ، تەمى چۈچۈمەلگە مايىل ئاچچىق كېلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** پاكىستان، ئىران، تۈركىيە قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** غەيرىي تەبىئىي قان ۋە سەپرا خىلتىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىدۇ، ھارارەت پەسەيتىدۇ، ئاشقازانغا قۇۋۋەت بېرىدۇ، قان توختىتىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ، قان بېسىمىنى چۈشۈرىدۇ، قۇسۇشنى توختىتىدۇ، سۈيدۈكنى ئازايتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 3 ~ 5 گىرام.

**زەرەرى:** ئىسسىقتىن بولغان جىگەر ئاجىزلىقى ۋە ئاشقازان سوۋۇپ كەتكەنلەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** مەستىكى، بەدىيان، رۇمبەدىيان.

**بەدىلى:** زىرىق، سىركە، ئاقاقىيا.

**لايىقلاشتۇرۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** شەربەت، قۇرس دورىلار.

# سۇمبۇل

**باشقا نامى:** سۇمبۇل چىنى.

**تونۇش:** بۇ، سۇمبۇل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق، سۇمبۇلغا ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئېگىزلىكى 25 ~ 35 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ؛ چاچما يىلتىزى كۆپ، غولى تىك، غولىدا ئۇزۇن سىزىقچىلىرى بار؛ بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ غولى ۋە يىلتىزى «سۇمبۇل» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، ئۇنىڭ رەڭگى قارا، سېرىققا مايىل، خۇشبۇي، ئۆتكۈر پۇراقلىق.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تاغ باغرى، ئورمان ئەتراپى، ئوتلاق ۋە دەريا ۋادىلىرىدا ئۆسىدۇ. پاكىستان، ھىندىستان قاتارلىق ئەللەردىنمۇ چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** يەل تارقىتىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، بۇزۇق ماددىلارنى تازىلايدۇ، چىرايىنى سۇزۇكلەشتۈرىدۇ، پەي، نېرۋىلارنى كۈچەيتىدۇ، ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ. يۈرەك ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئاغرىق توختىتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 3 ~ 5 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا، ئىسپىغۇل.

**بەدىلى:** سۇمبۇل ھىندى ياكى ئاسارۇن.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** شەربەت، مۇپەررىھ دورىلار.

# سۇندۇرۇس

**باشقا نامى:** ئەسرەنجى.

**تونۇش:** بۇ، ئارچا ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەرەخ ياكى چاتقال قارا ئارچا دەرىخى بولۇپ، بۇ دەرەخنىڭ يېلىمى «سۇندۇرۇس» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ قىزغۇچ پارقىراق يېلىم بولۇپ، خۇددى كەھرىۋاغا ئوخشايدۇ، تەمى ئاچچىق، ئۇنى كۆيدۈرسە ھىدىنىڭ پۇرىقىدەك سېسىق پۇراق كېلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ شەرقىي جۇڭگو، جياڭسۇ قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن چىقىدۇ، ئىككىنچى خىلى ھىندىستاندىن كۆپ چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** ھەر خىل سۇيۇقلۇق ۋە بەلغەمنى يوقىتىدۇ، ئىچكى - تاشقى ئەزالاردىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ، ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئۈچ گىرامغىچە.

**زەرەرى:** بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سەمغى ئەرەبى.

**بەدىلى:** كەھرىۋا.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەلھەم ۋە سۇفۇپ دورىلار.

# سۆرۈنجان

**باشقا نامى:** سۆرۈنجان ھىلۇ.

**تونۇش:** بۇ، گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق، نەغەزگۈلگە ئۈرۈقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، يەر ئاستىدا تۇخۇمسىمان تەڭگىچە غولى بولىدۇ. كۈزدە گۈلى ئېچىلىپ، كېيىنكى يىلى يوپۇرماق چىقىرىدۇ. سۆرۈنجان ئادەتتە ھەر خىل بولىدۇ.

بىرىنچى خىلى: ئىچى ۋە تېشى ئاق، تەمى تاتلىق بولۇپ «تاتلىق سۆرۈنجان» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئىككىنچى خىلى: ئىچى ۋە تېشى سارغۇچ، رەڭگى تۇتۇق، بىرئاز قىزىلغا مايىل. ئۈچىنچى خىلى: ئىچى ۋە تېشى قارامتۇل، تېشى بەكرەك تۇتۇق، تەمى ئاچچىق بولىدۇ. ئەڭ ياخشىسى بىرىنچى خىلىدۇر، ئىككىنچى خىلىنىڭ بىرئاز زەھىرى بار، شۇڭا ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى خىلى سىرتىدىن ئىشلىتىلىدۇ. ئىچىدىن ئىشلەتسە، زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تاغلىق جايلىرىدا ئۆسىدۇ، ھازىر ئۇيغۇر تېبابىتىدە مىسىردىن كەلگىنى كۆپرەك ئىشلىتىلىۋاتىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** ئاغرىق توختىتىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ، بۇزۇق ماددىلارنى سۈرىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، پەيلەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 1 ~ 2 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** ھەزىمنى بۇزىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا، پىننە، بەدىيان.

**بەدىلى:** شەترەنجى، مۇقەل.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** زەھەرسىزلەندۈرۈش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** زىمات دورىلار.

# سۆئلەپ مسرى

**باشقا نامى:** خۇسسيەتۇسۆئلەپ.

**تونۇش:** بۇ، تۆلكە مايىقى ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك سۆئلەپ بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يەر ئاستىدىكى يىلتىزسىمان تۈگۈنەك غولى «سۆئلەپ» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ يىلتىزنىڭ رەڭگى ئاق، سۇزۇك، سۆرۈنجاندىن كىچىكرەك، تەمى تاتلىق ھەم چاپلاشقاق، ئازراق ئۆتكۈر پۇراقلىق بولۇپ، پۇرىقى مەنىيىنىڭ پۇرىقىغا ئوخشايدۇ. بۇ بىرنەچچە خىل بولىدۇ. بىر قىسمىنىڭ دانىسى كەپتەر تۇخۇمىدەك بىر ـ بىرىگە يېقىن، ھەربىرىدە ئۇزۇن، ئۇششاق يىپى بار، شۇ يىپتىن ئۆسىدۇ ھەمدە يىپنىڭ ئاخىرىدا كىچىك دانىسى بولىدۇ، يەنە بىر خىلى ئالدىنقىسىغا قارىغاندا چوڭراق، يەرگە يېپىلغان، يۇمشاق بولۇپ، بۇنىڭدا ئۈچ دانە مونەكچە بار، ئۈچىنچى خىلىنىڭ تېنى قىزىل، ئىچى ئاق، چاپلىشاڭغۇ، تاتلىق، بۇنىڭ ئۈنىدىغان جايى تاغلاردا، ھۆل يەرلەردە، تولىراق رۇمدا، مىسىردا بولىدۇ، ئەمما رۇمنىڭكى ياخشىراق ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزسىمان تۈگۈنەك غولى «خۇسسيەتۇسسۆئلەپ»، «سۆئلەپ مسرى» ياكى «تۆلكە مايىقى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ياۋروپا، ياپونىيە، ھىندىستان، نېپال، رۇسىيە، مىسىر، ئىتالىيە قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** بۆرەك، دوۋساق، بەل ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ. سۈت ۋە مەنىي پەيدا قىلىدۇ، بەدەننى سەمرىتىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، ساپ قان پەيدا قىلىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 3 ~ 5 گىرام.

**زەرەرى:** ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بەديان، پىننە، نەمەك ھىندى.

**بەدىلى:** بوزىدان، شاقاقۇل.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قورۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** سۇفۇپ، مەجۇن دورىلار.

# سۇرمە

**باشقا نامى:** سۇرمە ئەسلي.

**تونۇش:** بۇ بىر خىل پارقىراق، ياپىلاق مەدەن جىنسىتىكى تاش بولۇپ، ۋەزنى ئېغىر، پارچىلىغاندا ھەر خىل شەكىلدىكى دانچىلارغا بۆلۈنۈپ، ئوخشاش بولمىغان پارقىراق نۇرلۇق شەكىلنى ھاسىل قىلىدۇ. تومۇرلىرى ۋە دۇغلىرى يوق، يات ماددىلار ئارىلاشمىغان، ئېزىلگەندە قارىغا مايىل، ئەزاغا سۈركىگەندە قارا رەڭ چىقمايدىغان بولسا، ساپ سۇرمە ھېسابلىنىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئىران، مىسىر ۋە باشقا ئەللەردىن ھەم ئېلىمىزنىڭ تاغلىرىدىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** كۆزنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ ۋە روشەنلەشتۈرىدۇ، ئارتۇق ھۆللۈكىنى قۇرۇتىدۇ، چىرىشكە قارشى تۇرىدۇ، تېرىنى پارقىرىتىدۇ، يىرىڭ تازىلايدۇ، ھەرقايسى ئەزادىن كېلىدىغان قانلارنى توختىتىدۇ، جاراھەتلەرنى تازىلايدۇ، ئارتۇق گۆشنى يوقىتىدۇ، يارا جاراھىتىنى پۈتتۈرىدۇ، قاش، كىرپىكنى ئۆستۈرىدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** كېسەللىك ئەھۋالىغا قاراپ سىرتقى تەرەپتىن 1~10 گىرامغىچە.

**زەرەرى:** ئۆپكىگە ۋە بوغۇملارغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا، مەستىكى، ھەسەل.

**بەدىلى:** كۆيدۈرۈلگەن قارا قوغۇشۇن.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** كۇشتە قىلىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياساقلار:** سۇنۇن دورىلار.

# سېرىق ھېلىلە

**باشقا نامى:** ھېلىلە زەرد.

**تونۇش:** بۇ، چاھار بۇرجەك ئائىلىسىدىكى ياغاچ غوللۇق، 20 ~ 30 مېتىر ئېگىزلىكتە ئۆسىدىغان، يوپۇرماق تاشلايدىغان ھېلىلە ئۆسۈملۈكىنىڭ تازا يېتىلىپ پىشقاندا يىغىلىپ قۇرۇتۇلغان مېۋىسى بولۇپ، بۇ «ھېلىلە زەرد» ياكى «سېرىق ھېلىلە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ يۈننەن، گۇاڭشى ۋە ھىندىستان، پاكىستان، ئافغانىستان، مالايشىيا، ۋېيتنام، كامبودژا قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** مېڭە، كۆز ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنى سۈرىدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 5 ~ 7 گىرام.

**زەرەرى:** ئۈچەيگە قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بادام يېغى، مەستىكى.

**بەدىلى:** قارا ھېلىلە، سېرىق ئوت ئۇرۇقى، ئەفسەنتىن.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەتبۇخ، ئىترىفىل دورىلار.

# سېمىزئوت چۆپى

**باشقا نامى:** خىرپە.

**تونۇش:** بۇ، سېمىزئوت ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق، سېمىزئوتقا ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، پۈتۈن تېنى گۆشلۈك، ئۇزۇۋالغاندىن كېيىن قۇرۇتماق بەكمۇ تەس؛ غولى يۇملاق، يانتۇ ياتقان، شاخلىق، ئۈستى تەرىپى قارامتۇل قىزىل، ئارقا تەرىپى سۇس يېشىل؛ يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ياكى ئۇدۇل ئۆسىدۇ، گۆشلۈك، سېمىز كېلىدۇ، ئۇچى سەل ئۇيمان، تولۇق گىرۋەكلىك بولۇپ، شەكلى ئاتنىڭ چىشىغا ئوخشايدۇ؛ گۈلى سېرىق، مېۋىسى غوزا مېۋە، شەكلى كونۇسقا ئوخشايدۇ، قاپقاق ئېچىلغاندەك يېرىلىدۇ؛ ئۇرۇقى كۆپ، ئۇششاق، قوڭۇر رەڭدە بولىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئېتىزلىق، يول بويلىرى ۋە كۆكتاتلىقلاردا ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** ھارارەتنى پەسەيتىدۇ، زەھەر تارقىتىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، ئاغرىق توختىتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 8 ~ 16 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** بۇنى كۆپ يېسە چىش ئاغرىقىنى پەيدا قىلىدۇ، باھنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، كۆزگە قاراڭغۇلۇق پەيدا قىلىدۇ، سوغۇقتىن بولغان تال ۋە ئاشقازان كېسىلىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** يالپۇز، پىننە، مەستىكى.

**بەدىلى:** كاھۇ ئۇرۇقى، كاۋا ئۇرۇقى، ئىسپىغۇل.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەلھەم دورىلار.

## سېمىزئوت ئۇرۇقى

باشقا نامى: تۇخۇمى خىرپە.

تونۇش: بۇ، سېمىزئوت ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك سېمىزئوتتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يېيىپ قۇرۇتۇلغان پىشقان ئۇرۇقى «خىرپە»، ئۇرۇقى «تۇخۇمى خىرپە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى سىلىق، تۈكسىز، ياتما ياكى سىڭايان، تۈۋىدىن شاخلاپ تۆت ئەتراپقا يېيىلىدۇ. ئۇرۇقى كۆپ، رەڭگى قارامتۇل قوڭۇر رەڭلىك بولىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئۈچىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

خۇسۇسىيىتى: چىرايىنى پارقىرىتىدۇ، قان تازىلايدۇ، ئۇسسۇزلۇق پەسەيتىدۇ، قان توختىتىدۇ، ھەيز توختىتىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 3 ~ 5 گىرام.

زەرەرى: ئاشقازانغا، سوغۇق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: بەدىيان، ھەسەل، پىننە.

بەدىلى: ئىسپىغۇل، سېمىزئوت، كاھۇ ئۇرۇقى.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قورۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ياسالمىلار: مەتبۇخ، سۇفۇپ دورىلار.

## سىماب

**باشقا نامى:** زەيبىق، پارە.

**تونۇش:** بۇ، تاغلاردىن قىزىتىپ ئېلىنىدىغان مەدەن جىنسلىق دورا بولۇپ، ۋەزنى ئېغىر ئاقۇچ، كۈمۈش رەڭ، ئازراق پارقىرايدىغان ھەرىكەتچان سۇيۇق مېتالدىن ئىبارەت.

**چىقىش ئورنى:** گۈيجۇ، گۇاڭدۇڭ، يۈننەن، خۇبېي، سىچۈەن ئۆلكىلىرىدىن ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە ھۆل، ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** قان تازىلايدۇ، جاراسىم ئۆلتۈرىدۇ، چاچنى قۇۋۋەتلەيدۇ، كېسەللىككە قارشى تۇرۇش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ، يەل تارقىتىدۇ، پەيلەرنى چىڭىتىدۇ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** زەھەرلىك، سىرتتىن ئەھۋالغا قاراپ ئىشلىتىلىدۇ، ئىچكى تەرەپتىن 0.01 ~ 0.05 گىرامغىچە باشقا دورىلار بىلەن قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** زەھەرلىك، بۆرەككە، ئېغىز بوشلۇقىدىكى شىللىق پەردىلەرگە، چىشقا ۋە پەيلەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سۈت، شورپا، ياغ، ھەر خىل مۇراببا ۋە شەربەتلەر.

**بەدىلى:** كۈشتە قىلىنغان قوغۇشۇن.

**لايىقلاشتۇرۇشى:** ئالاھىدە ئۇسۇللار ئارقىلىق كۈشتە قىلىپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** ھەب، مەلھەم دورىلار.

# سيادان

**باشقا نامى:** شۇنىز، كۆلۈنجى.

**تونۇش:** بۇ، ئېيىقتاپان ئائىلىسىدىكى بىر ـ ئىككى يىللىق سامان غوللۇق، سىيادانغا ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، غولى تىك، ئېگىزلىكى 30 ~ 60 سانتىمېتىر كېلىدۇ، كۆپ شاخلىنىدۇ؛ يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، گۈلى شېخىنىڭ ئۇچىدا يالغۇز ئۆسىدۇ، رەڭگى ئاق ياكى كۆك؛ غوزا مېۋىسى ئىستاكان شەكلىدە بولىدۇ، پىشقاندا ئۇچى يېرىلىدۇ؛ ئۇرۇقى كۆپ، قارا رەڭدە بولۇپ، «سىيادان» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** تېرىگە رەڭ بېرىدۇ. سوغۇق يەللىنى تارقىتىدۇ، ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ، قاننى جانلاندۇرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 3 ~ 6 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە ۋە بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كۈنجۈت.

**بەدىلى:** قىچا، رۇمبەدىيان.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قورۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەتبۇخ، مەجۇن دورىلار.

# شاپتۇل

باشقا نامى: ئارۇ، شاپتالۇ.

تونۇش: بۇ، ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق ياغاچ غوللۇق يوپۇرماق تاشلايدىغان مېۋىلىك دەرەخ بولۇپ، شاخلىرى سىلىق، يوپۇرمىقى ئۇزۇن ھەم ئېللىپس شەكلىدە، گۈلى ھال رەڭ ۋە تاق ھالەتتە ئۆسىدۇ. مېۋىسى سەل - پەل شار شەكلىدە بولۇپ، يۈزىدە قىسقا تۈكلىرى بولىدۇ، تەمى تاتلىق، سورتى كۆپ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆستۈرۈلىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

خۇسۇسىيىتى: تەبىئەتنى يۇمشىتىدۇ، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ، مېڭىنى سۇۋۇتىدۇ، تەپلەرنى پەسەيتىدۇ، قان ۋە سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىدۇ، بەلغەم، ئاشقازان ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ.

زەرەرى: بەلغەم مىزاج كىشىلەرنىڭ پەي - مۇسكۇللىرىغا زىيان قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: ھەسەل ۋە زەنجىۋىل مۇراببىسى.

بەدىلى: ئۆرۈك.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياساللار: مۇراببا، شەربەت دورىلار.

# شاتارى

**باشقا نامى:** زەپەر خېمىكى.

**تونۇش:** بۇ، دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان شاتارى دەرىخىنىڭ مېۋىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، شەكلى ئازگال مۇنچىقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، بەزىلىرى ئۇنىڭدىن بىرئاز چوڭراق رەڭگى ساپسېرىق، سىرتى قىزىلغا مايىل سېرىق، ئۇنىڭ مېۋىسى «زەپەر خېمىكى» ياكى «شاتارى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ تەيۋەننى ئۆز ئىچىگە ئالغان شەرقىي جەنۇبىي ئۆلكىلىرىدىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە هۆل سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** ئىششىق ياندۇرىدۇ، جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنى تەڭشەيدۇ، خۇشلۇق كەلتۈرىدۇ، غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىدۇ، ئۆت يوللىرىنى راۋانلاشتۇرىدۇ، ياللۇغ قايتۇرىدۇ، تۇسالغۇلارنى ئاچىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 3 ~ 6 گىرام.

**زەرەرى:** تال زەئىپلەشكەن، ئىچى سۈرگەن كىشىلەرگە بېرىش چەكلىنىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** تاباشىر، كەتىرا.

**بەدىلى:** ئالقات، زىرىق.

**لايىقلاشتۇرۇشى:** ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** چايلىق، سوفۇپ دورىلار.

# شاتۇت

باشقا نامى: شاھتۇت.

تونۇش: بۇ، ئۈجمە ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان، شاتۇتقا ئۇرۇقداش دەرەخ بولۇپ، يوپۇرمىقى كىچىكرەك، سەل - پەل قارىراق، قالغان يېرى ئۈجمىگە ئوخشايدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆستۈرۈلىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

خۇسۇسىيىتى: ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، سەپرانى پەسەيتىدۇ، ياللۇغ قايتۇرىدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ.

زەرەرى: كۆكرەك، ئۆپكە ۋە پەي كېسەللىكلىرىگە زىيان قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: ھەسەل.

بەدىلى: ئەينۇلا، كاكىنەچ.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: شەربەت دورىلار.

# شادىنەج

باشقا نامى: تۆر تېشى.

تونۇش: بۇ، ماش ياكى نوقۇت چوڭلۇقىدىكى يۇملاق ياكى ياپىلاق، رەڭگى قىزىل، سېرىق كۆل رەڭ، قارىغا مايىل، كۆكنارنىڭ رەڭگىدە ياكى ئالىيېشىل ھەر خىل رەڭدە بولىدىغان، بىر خىل تاش بولۇپ، بۇنىڭ ئەڭ ياخشىسى ماش شەكىلدە، رەڭگى قىزىل كەلگىنىدۇر. مۇشۇنداق كەلگىنى «شادىنەج مىسرى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئەڭ ناچىرى كۆل رەڭدە كەلگىنى بولۇپ، بۇ «شادىنەج ھىندى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا شادىنەجنىڭ قان توختىتىش خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك بولغاچقا، «قان توختىتىش تېشى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، بۇ يەنە كۆپىنچە تۆر تېغىدىن چىقىدىغان بولغاچقا، «تۆر تېشى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ .

چىقىش ئورنى: ئەرەبىستان ۋە ھىندىستاندىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

خۇسۇسىيىتى: قابىز، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ، قان توختىتىدۇ، جاراھەت ۋە يارىنى پۈتتۈرىدۇ. پەي ۋە مۇسكۇللارنى قۇۋۋەتلەيدۇ، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 1 ~ 2 گىرام.

زەرەرى: دوۋساق، ئاشقازان ۋە ئۈچەيگە زىيان قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: ئەرەب يېلىمى، كەتىرا، زىرىقنىڭ سىقىلغان سۈيى.

بەدىلى: كۆيدۈرۈلگەن ماگنىت تېشى، خۇنسىياۋشان.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: كۇشتە قىلىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: زىمات، سۇفۇپ دورىلار.

# شاقاقۇل

**باشقا نامى:** شاقاقۇل مىسرى.

**تونۇش:** بۇ، گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، يىلتىزسىمان غولى گۆشلۈك كېلىدۇ. يوپۇرمىقى ئېلىلىپىس شەكلىدە بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. گۈلى ئاقۇچ، قوڭغۇراق شەكلىدە، تۆۋەنگە ساڭگىلاپ تۇرىدۇ، شىرنىلىك مېۋىسى شار شەكلىدە بولۇپ، پىشقاندا قارىيىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىتلىزسىمان غولى «شاقاقۇل» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ، مەنىينى كۆپەيتىدۇ ۋە قويۇلدۇرىدۇ، سۈت كۆپەيتىدۇ. توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، غەيرىي تەبىئىي بەلغەمنى تازىلايدۇ، نېرۋىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئاشقازان ۋە يۈرەكنى قىزىتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 3 ~15 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** ئۆپكىگە قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل، كەتىرا.

**بەدىلى:** بوزىدان، ھەببى سەنۇبەر.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياساللىلار:** مەجۇن، ھالۋا دورىلار.

# شاكال بەدىيان

**باشقا نامى:** بەدىيان چىنى، تاشاك.

**تونۇش:** بۇ، كۆنلۈكسىمان ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان، ئېگىزلىكى 10 ~ 14 مېتىرغىچە ئۆسىدىغان چاتقال دەرەخ بولۇپ، بۇ دەرەخنىڭ ئۇرۇقى «بەدىيان چىنى» «تاشاك» ياكى «شاكال بەدىيان» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئۆسۈش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى، يۈننەن، تەيۋەن، گۈيجۇ، فۇجيەن قاتارلىق جايلىرىدىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ، يەل تارقىتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 3 ~ 5 گىرام.

**زەرەرى:** باش ئاغرىقىنى پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** قۇرۇتۇلغان شاكال بەدىيان.

**بەدىلى:** بەسباسە.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قورۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** چىلانما، چايلىق دورىلار.

# شاھتەررە

باشقا نامى: شاھتەرەج ھىندى.

تونۇش: بۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ قۇرۇتۇلغان پۈتۈن چۆپى «شاھتەررە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرماقلىرى كىچىك، گۈلبىنەپشە رەڭلىك ۋە ئۇششاق بولۇپ، پۈتۈن چۆپى قارىغا مايىل يېشىل. تەمى ئاچچىق بولىدۇ. كۆپىنچە بۇغداي ۋە نوقۇت ئېتىزلىرىدا ئۆزلۈكىدىن ئۈنۈپ قالىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: قان تازىلايدۇ، ياللۇغ قايتۇرىدۇ، غەيرىي تەبىئىي سەپرا، سەۋدا، بەلغەم خىلتىنى پىشۇرىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، تەرەتنى يۇمشىتىدۇ، قىزىتما قايتۇرىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 5 ~ 7 گىرام.

زەرىرى: ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: كاسىنە سۈيى.

بەدىلى: ھېلىلە، سانا.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ياسالمىلار: مەتبۇخ دورىلار.

# شاھتەررە چىنى

**باشقا نامى:** يەر باغرىئوت، يالمانقۇلاق.

**تونۇش:** بۇ، سۆتلۈكئوتلار ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك يالمانقۇلاق بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى، يوپۇرمىقى ئادەتتە ئۆۋۈلۈپ تۇرىدۇ. ساقلىرى ئېللىپىس شەكىللىك. ئالدى يۈزى يېشىل، ئارقا يۈزى سۇس يېشىل رەڭدە بولىدۇ. يوپۇرماق سايىقى قىسقا كېلىدۇ. «شاھتەررە چىنى»، «يەر باغرىئوت» ياكى «يالمانقۇلاق» قاتارلىق ناملاردا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** ئاساسلىقى غەيرىي تەبىئىي سەپرا، سەۋدا، بەلغەم خىلتلىرىنى پىشۇرىدۇ، قاننى سۇيۇلدۇرىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، قان تازىلايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ، غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنى سۈرىدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 6 ~ 10 گىرام.

**زەرەرى:** ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل.

**بەدىلى:** سانا، ھېلىلە.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ياسالمىلار:** مەتبۇخ دورىلار.

# شەترەنجى

**باشقا نامى:** شەترەنجى

**تونۇش:** بۇ، شەترەنجى ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك شەترەنجىنىڭ يىلتىزسىمان غولى ۋە غول قىسمىدىن ئىبارەت بولۇپ، شەكلى ئوردانىغا ئوخشايدۇ، رەڭگى يېشىل، تەمى ئاچچىق، ئۆزى سەل - پەل خۇش پۇراق كېلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن ھەمدە ھىندىستان، سۈرىيە قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** تېرىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، چىرايىنى پارقىرىتىدۇ، تېرىلەرنى قىزارتىدۇ، غىدىقلايدۇ، پەي - مۇسكۇللارنى چىڭىتىدۇ، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى سۈرىدۇ، ئاۋازنى ساپ قىلىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 2 ~ 10 گىرام.

**زەرەرى:** ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئەرەب يېلىمى، مەستىكى.

**بەدىلى:** سىيادان، ئاترىلال.

**لايىقلاشتۇرۇشى:** ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ ئۇچرىشىدىغان ياسالمىلار:** شەربەت، مەجۇن دورىلار.

# شور

باشقا نامى: شورە قەلمى.

تونۇش: بۇ، تەبىئىي ناترىي سۇلفىدنى پىششىقلاپ ئىشلەشتىن ھاسىل بولغان كرىستال ماددا گلائۇبېر تۇزى بولۇپ، «سۇسىز شور» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. سۈزۈك، چۈرۈك بولغانلىقى ئۈچۈن «تازىلانغان شور» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ .

چىقىش ئورنى: شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

خۇسۇسىيىتى: قورۇيدۇ، تۇتىدۇ، ئىچىنى توختىتىدۇ، قان توختىتىدۇ، جاراھەت پۈتتۈرىدۇ، ھارارەت پەسەيتىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ، يۇمشىتىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 3 ～ 6 گرام.

زەرەرى: پىيزەك بىلەن قوشۇپ ئىشلىتىشكە ۋە ھامىلدار ئاياللارغا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: چىلغوزا مېغىزى.

بەدىلى: يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: كۆشتە قىلىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: مەتبۇخ، سۇفۇپ دورىلار.

# شۇمبۇيا

**باشقا نامى:** بۇيا.

**تونۇش:** بۇ، شۇمبۇيا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق، شۇمبۇيىغا ئۇرۇقداش تەييارتاپ ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئېگىزلىكى 10 ~ 50 سانتىمېتىر، غولى سارغۇچ قوڭۇر رەڭدە كېلىدۇ؛ يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسكەن، شەكلى تەڭگىسىمان، رەڭگى قارامتۇل سېرىق بولىدۇ؛ گۈل رېتى باشاقسىمان، گۈلى كالپۇكسىمان، رەڭگى سۇس سۆسۈن كېلىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى «شۇمبۇيا» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى قۇملۇق توپا، چاتقاللىقلاردىكى سامان غوللۇق ئۆسۈملۈكلەر، قوغۇنلۇق ۋە ھەر خىل ئەمەنلەرنىڭ يىلتىزلىرىدا تەييارتاپ بولۇپ ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** بۆرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، بەدەننى قىزىتىدۇ، پەي ۋە مۇسكۇللارنى چىڭىتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 4 ~ 8 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** ئىسسىق مىزاج كىشىلەردە باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** يۇمغاقسۈت، سېمىزئوت.

**بەدىلى:** دارچىن.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چىشىدىغان ياساللىلار:** مەتبۇخ دورىلار.

# شۇمشا چۆپى

**باشقا نامى:** هۆلبە.

**تونۇش:** بۇ، پۇرچاق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق، شۇمشىغا ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئېگىزلىكى 40 ~ 80 سانتىمېتىر كېلىدۇ؛ غولىرى توپلىشىپ ئۆسىدۇ، پۈتۈن تېنىدىن خۇش پۇراق چىقىپ تۇرىدۇ؛ يوپۇرماقلىرى نۆۋەتلىشىپ ئۆسكەن، ئۈچ قۇلاقلىق مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرماقلىرى تەتۈر تۇخۇم شەكلىدە، تولۇق گىرۋەكلىك ياكى دولقۇنسىمان ھەرە چىشلىق بولىدۇ؛ گۈلى بىر ـ ئىككىدىن بولۇپ قولتۇقىدىن ئۆسىدۇ، سېپى بولمايدۇ، دەسلەپ ئېچىلغاندا رەڭگى ئاق بولىدۇ، كېيىنچە تەدرىجىي ئاچ سېرىق رەڭگە ئۆزگىرىدۇ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى «شۇمشا چۆپى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، ماددىلارنى تارقىتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 4 ~ 8 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** باش ئاغرىق پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** پالەك.

**بەدىلى:** چامغۇر، زىغىر ئۇرۇقى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەتبۇخ دورىلار.

# شۈمشا ئۇرۇقى

باشقا نامى: تۇخۇمى هۆلبە.

تونۇش: بۇ، پۇرچاق ئائىلىسىدىكى ئېگىزلىكى 40 ~ 80 سانتىمېتىر ئەتراپىدا ئۆسىدىغان بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ھۆلبەنىڭ پىشقاندىن كېيىن قۇرۇتۇلغان ئۇرۇقى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ قۇرۇتۇلغان ئۇرۇقى «تۇخۇمى ھۆلبە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: ئېلىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرى، بولۇپمۇ ئاپتونوم رايونىمىزدىن كۆپرەك چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: بەلغەمنى بوشىتىپ يۆتەل پەسەيتىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، ھەيز راۋانلاشتۇرىدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، ماددىلارنى يۇمشىتىپ تارقىتىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 1 ~ 3 گىرام.

زەرەرى: ئىسسىق مىزاج كىشىلەردە باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: پالەك.

بەدىلى: چامغۇر ئۇرۇقى، زىغىر.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چىقىدىغان ياسالمىلار: لوئوق، مەتبۇخ دورىلار.

## شىرخىست

**باشقا نامى:** ھەرلالۇ.

**تونۇش:** بۇ، ئېگىزلىكى ئالتە مېتىر ئەتراپىدا ئۆسىدىغان كىبرو ۋە كىشور دەيدىغان دەرەخنىڭ شاخلىرىدىن سىزىپ چىقىپ، شەبنەمگە ئوخشاش قاتىدىغان بىر خىل يېلىمسىمان دورا بولۇپ، رەڭگى قىزىلغا مايىل سارغۇچ، بەزىلىرى قارىغا مايىل سارغۇچ، تەمى تاتلىق بولىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** خۇراسان، ھىرات، ئىران ۋە رۇم قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** غەيرىي تەبىئىي سەۋدا، بەلغەم ۋە سەپرا خىلتىنى سۈرىدۇ، چىرايىنى پارقىرىتىدۇ، چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىدۇ، جىگەر، ئاشقازان ۋە ئۈچەينى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئاشقازان، جىگەر ۋە يۈرەكنىڭ ھارارىتىنى پەسەيتىدۇ، جىگەردىكى ئىششىقنى ياندۇرىدۇ، يۆتەل پەسەيتىدۇ، كۆكرەك يىرىڭلىقىنى يوقىتىدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ، نەپەس راۋانلاشتۇرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 7 ~ 12 گىرام.

**زەرەرى:** مەنىينى سۇيۇلدۇرۇۋېتىدۇ، مەنىي بالدۇر يۈرۈپ كېتىش ۋە قورساق كۈركىراشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بادام يېغى، ئارپىبەدىيان، قىزىلگۈل ئەرقى.

**بەدىلى:** تەرەنجىبىن.

**لايىقلاشتۇرۇشى:** ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەتبۇخ، مەجۇن دورىلار.

# غاپەس

**باشقا نامى:** ئاچچىق بىنەپشە.

**تونۇش:** بۇ، ئازغان ئائىلىسىدىكى ئېگىزلىكى 50 ~ 120 سانتىمېتىر ئەتراپىدا ئۆسىدىغان، كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك غاپەس ئۆسۈملۈكىنىڭ پۈتۈن چۆپى بولۇپ، «غاپەس» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقى كۆل رەڭگە مايىل يېشىل رەڭلىك بولۇپ، پۇرۇلگەن، گۈلى ئۇزۇن، تار، ئىنچىكە، رەڭگى نىل رەڭلىك بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۇسارىسى قەدىمكى نۇسخىلاردا ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئۇسارىسىنى تەييارلاش ناھايىتى قىيىن بولغاچقا، يېقىندىن بېرى گۈلى ئىشلىتىلىۋاتىدۇ، پۈتۈن چۆپىنىڭ ئازراق پۇرىقى بار، تەمى ئاچچىق، رەڭگى نىل كۆك.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ كۆپلىگەن جايلىرى ھەم ئىران، چاۋشيەن، كەشمىر قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** بۇزۇق ماددىلارنى تارقىتىدۇ، تەرلىتىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ، قان تازىلايدۇ، جۇلا بېرىدۇ، جىگەر ۋە تالنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. سۈت ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 6 ~ 7 گىرام.

**زەرەرى:** تال ۋە ئۈچەيگە قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بادام يېغى، كەتىرا.

**بەدىلى:** ئاسارۇن، ئەمەن.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** ھەب، مەتبۇخ دورىلار.

# غارىقۇن

باشقا نامى: ماشمان.

تونۇش: بۇ، كۆپ تۆشۈكلۈك زەمبۇرۇغلار ئائىلىسىدىكى چاتقال ئۆسۈملۈك غارىقۇن دەرىخىنىڭ پورلىرىدىن ھاسىل بولغان قاتمۇقات تۆشۈكلۈك زەمبۇرۇغنىڭ باكتېرىيە تېنىدىن ئىبارەت بولۇپ، شەكلى ئات تۇۋىقىسىمان، رەڭگى ئاق، تەمى بىرئاز ئاچچىق، پۇرىقى ئۆتكۈر، ۋەزنى يەڭگىل كېلىدۇ.

چىقىش ئورنى: ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن ھەم جەنۇبىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەردىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: غەيرىي تەبىئىي سەپرا، سەۋدا ۋە بەلغەم خىلتلىرىنى سۈرىدۇ، ئۆپكە - كانايىنى قۇۋۋەتلەپ، ئۇنىڭدىكى بۇزۇق ماددىلارنى تازىلايدۇ، قاتتىق ئىششىقلارنى يۇمشىتىدۇ، يەل تارقىتىدۇ، ھەر تۈرلۈك قۇلۇنجىنى يوقىتىدۇ، جىگەر ۋە بۆرەكنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، سۈرگۈچى دورىلارنىڭ تەسىرىنى كۈچەيتىدۇ، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 0.5 ~ 1 گىرام.

زەرىرى: گال بوغۇلۇش، كۆڭۈل ئېلىشىش پەيدا قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: يېڭى سۈت، بادام مېغىزى.

بەدىلى: شەھمەنزەل، تۇربۇت.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: بۇ دورىنى سوقۇشقا بولمايدۇ، قىل ياكى سىم ئەلگەكتىن سۈرۈش ئارقىلىق يۇمشاق قىسمىلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، قاتتىق تىرناقچا ئوخشاش زەھەرلىك قىسمىنى ئايرىۋېتىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: ھەب، شەربەت دورىلار.

# غۇنچىئۈزۈم

**باشقا نامى:** تاغ ئۈزۈمى.

**تونۇش:** بۇ، ئۈزۈم ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق ياغاچ غوللۇق، ئۈزۈمگە ئوخشاش پىلەك تارتىپ ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈك بولۇپ، پىلىكى بىر مېتىردىن ئۈچ مېتىرغىچە كېلىدۇ؛ يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، ئالقانسىمان يېرىلىدۇ: گۈل رەڭگى كونۇس شەكىللىك بولۇپ، يوپۇرماقنىڭ ئۇدۇلىدا ئۆسىدۇ، گۈلى سۇس يېشىل. مېۋىسى كىچىك شىرنىلىك مېۋە بولۇپ، «غۇنچىئۈزۈم» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تۇرپان، پىچان، خوتەن قاتارلىق جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** بەدەننى تازىلايدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، قىزىلنى سىرتقا تەپكۈزىدۇ، زەھەر تارقىتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 15 ~ 70 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرىرى:** كۆپ ئىشلەتسە ئىچىنى سۈرىدۇ، گېموروينى قوزغايدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** تاباشىر.

**بەدىلى:** كۆك ئۈزۈم.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەتبۇخ دورىلار.

# قاپاق

باشقا نامى: كەدۇ.

تونۇش: بۇ، كاۋا ـ قاپاق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق، قاپاققا ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، غولى يەر بېغىرلاپ، يوپۇرمىقى يۈرەك شەكلىدە نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. گۈلى ئاق، مېۋىسىنىڭ ئوتتۇرىسى ئىنچىكە بولۇپ، ئىككى دانە شارنى ئۇلاپ قويغاندەك كۆرۈنىدۇ، سىرتى سىلىق كېلىدۇ. بۇ «قاپاق» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

بىرىنچى خىلى كاۋا ئورنىدا سەيگە ئىشلىتىلىدۇ. ئىككىنچى خىلى ئاچچىق قاپاق بولۇپ، دورىغا ۋە باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىلىدۇ،

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆسىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

خۇسۇسىيىتى: چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىدۇ، ھارارەتنى پەسەيتىدۇ، ئۇيقۇ كەلتۈرىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، بەدەندىكى سېرىقلىقنى يوقىتىدۇ، ئىسسىقتىن بولغان تەپلەرنى پەسەيتىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ.

زەرەرى: سوغۇق مىزاجلىق كىشىلەرنىڭ پەي ـ مۇسكۇللىرىغا زىيانلىق، خام قاپاق ئاشقازانغا زىيانلىق.

تۈزەتكۈچىسى: پىننە، بەدىيان.

بەدىلى: قاپاق ئۇرۇقى.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياساللار: مەلھەم، قايناتما دورىلار.

# قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى

باشقا نامى: تۇخۇمى كەدۇ.

تونۇش: بۇ، كاۋا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك قاپاقنىڭ ئۇرۇقى بولۇپ، ئۇنىڭ مېغىزى «قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ رەڭگى ئاق، ياپىلاق، ئۇزۇنچاق شەكىللىك بولىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

خۇسۇسىيىتى: ئاساسلىقى غەيرىي تەبىئىي سەۋدا ۋە سەپرا خىلتىنى، قۇرۇق ئىسسىق كەيپىياتنى تەڭشەيدۇ، قىزىتمىنى پەسەيتىدۇ، ئۇسسۇزلۇق پەسەيتىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، قۇرت ئۆلتۈرىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 3 ~ 5 گىرام.

زەرەرى: بەلغەم مىزاج كىشىلەرنىڭ پەي ـ مۇسكۇللىرىغا زىيانلىق.

تۈزەتكۈچىسى: ھەسەل، ناۋات.

بەدىلى: قاپاق.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قورۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: سۇفۇپ، مەتبۇخ دورىلار.

# قارا پارپا

**باشقا نامى:** جەدۋار ھىندى.

**تونۇش:** بۇ، ئېيىقتاپان ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ھىندى جەدۋارنىڭ يىلتىزى ۋە ئۇرۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇرۇقى يۈرەك شەكىللىك، چوكلۇقى قول بارمىقىچىلىك، ۋەزنى ئېغىر، ئازراق قاتتىق، تەمى ئاچچىق - چۈچۈك، سىرتى قارا، سىرتقى يۈزى قوتۇر بولىدۇ. ئەسلىي ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى «جەدۋار ھىندى» ۋە «قارا پارپا» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** بۇ ئەسلىدە ياۋروپا ۋە نېپال قاتارلىق ئەللەردىن چىقاتتى، ھازىر ئېلىمىزدە ئۆستۈرۈلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** پەي - مۇسكۇللارنى، «تەبىئەت»نى، باليياتقۇنى ۋە تۇخۇمدانىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ. نېرۋىنى قۇۋۋەتلەيدۇ ۋە تىنچلاندۇرىدۇ، زەھەر قايتۇرىدۇ، يۈرەك، جىگەر ۋە باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، تۇسالغۇلارنى ئاچىدۇ، ياللۇغ قايتۇرىدۇ، قىزىتما پەسەيتىدۇ. سۈيدۈك ھەيدەپ، تاشلارنى پارچىلاپ چىقىرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 1 ~ 1.5 گىرام.

**زەرەرى:** ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** يېڭى سۈت، ئارپا سۈيى.

**بەدىلى:** زورەمبات.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** ھەب ۋە مەجۇن دورىلار.

# قارا خەربەق

**باشقا نامى:** خەربەق سىياھ.

**تونۇش:** بۇ، ئېيىقتاپان ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك خەربەقنىڭ يىلتىزى بولۇپ، رەڭگى قارا، بوغۇملۇق، ئوتتۇرىسى كاۋاك، تولىسى يۇمىلاق، ئىنچىكە كېلىدۇ، يوپۇرمىقى چىنارنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. ئەمما ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، تېنى قىسقا، گۈلى ئاقۇچ قىزىلغا مايىل، بۇغداي بېشىغا ئوخشايدۇ، مېۋىسى زاراڭزىنىڭ دانىسىغا ئوخشايدۇ، يىلتىزىنىڭ تەمى ئاچچىق. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىز قىسمى تېبابەتتە «قارا خەربەق» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ سىچۈەن، جياڭشى، گەنسۇ قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن ھەم ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي ياۋروپادىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** تېرىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، قەي قىلدۇرىدۇ، كۈچلۈك دەرىجىدىكى سۈرگە دورىسى بولۇپ، تەرەتنى راۋانلاشتۇرىدۇ، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى سۈرىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، قۇرت ئۆلتۈرىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، تېرە رەڭ ماددىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 0.2 ~ 0.7 گىرام.

**زەرەرى:** بۇنى ئىشلىتىش مىقدارىدىن ئاشۇرۇپ يېسە، ئادەمنى ئۆلتۈرىدۇ. ئادەتتە بۇنىڭ سەككىز گىرامى بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ. ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە ۋە بۆرەككە زىيان قىلىدۇ، بەدىنى ئاجىزلارغا ۋە ھامىلىدارلارغا بېرىلمەيدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا، يالپۇز.

**بەدىلى:** دۇفۇ، تاغ كەرەپشىسى ئۇرۇقى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** زەھەرسىزلەندۈرۈش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەتبۇخ دورىلار.

# قارا ھېلىلە

**باشقا نامى:** ھېلىلە سىياھ، ھەلىلەج ئەسۋەد.

**تونۇش:** بۇ، چاھار بۇرجەك ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك ھېلىلىنىڭ قۇرۇتۇلغان مېۋىسى بولۇپ، سېرىق ھېلىلىدىن كىچىك، ئىچىدە ئۇرۇقى يوق، رەڭگى قارا، قاتتىق بولىدۇ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى «قارا ھېلىلە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** يۈننەن، گۇاڭشى، ھىندىستان، پاكىستان، ئافغانىستان، مالايشىيا، ۋيېتنام، قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتىدۇ، ئۈچەي ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، غەيرىي تەبىئىي سەۋدا ۋە سەپرا خىلتىنى سۈرىدۇ، قاننى تازىلايدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 5 ~ 7 گىرام.

**زەرەرى:** جىگەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل، بادام يېغى.

**بەدىلى:** بەلىلە.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** سېرىقماي ياكى بادام مېيى بىلەن قورۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەجۇن دورىلار.

# قار لەيلىسى

باشقا نامى: شۆلىيەنخۇا.

تونۇش: بۇ، مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك قار لەيلىسىنىڭ پۈتۈن چۆپىدىن ئىبارەت بولۇپ، قارلىق تاغلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى قىسىملىرىدىكى ئادەم چىقىش تەس بولغان قىرلىدا ئۆسىدىغان، گۈلى ئاق، چۆپى يېشىلغا مايىل ئاقۇچ، ئۆزگىچە خۇش پۇراققا ئىگە ئۇيغۇر تېبابىتى دورىسى.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قارلىق تاغلاردىن ھەم رۇسىيە، موڭغۇلىيە قاتارلىق جايلاردىكى قارلىق تاغلاردىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: ياللۇغ قايتۇرىدۇ، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، قاننى جانلاندۇرىدۇ، پەي - نېرۋىلارنى قۇۋۋەتلەيدۇ، بالىياتقۇ، تۇخۇمدانىنى كۈچەيتىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 3 ~ 6 گىرام.

زەرەرى: ھامىلىدار ئاياللارغا بېرىلمەيدۇ، مىقدارى ئېشىپ كەتسە تەرلىتىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: ئانارگۈل.

بەدىلى: زاراگزا چېچىكى.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: سايىغا ئېسىپ، قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: قۇرس، دەملىمە دورىلار.

# قارىكۆز بەدىيان

**باشقا نامى:** تۇخۇمى شىبىت، سېرىقچېچەك.

**تونۇش:** بۇ، كۆنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق، سېرىقچېچەككە ئوخشاش ئۆسۈملۈك بولۇپ، غولى تىك، ئۇچى كۆپ شاخلىق بولۇپ، خۇددى ئارپىبەدىيانغا ئوخشاپ كېتىدۇ. گۈل رېتى كۆنلۈكسىمان بولۇپ، غولىنىڭ ئۇچىغا جايلاشقان. ئۇرۇقى ئارپىبەدىياندىن كىچىكرەك، بىرئاز ياپىلاق، ئۇزۇنچاق كېلىدۇ، پۇرىقى ئۆتكۈر بولۇپ، «سېرىقچېچەك ئۇرۇقى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خوتەن، قەشقەر قاتارلىق جايلىرىدا كۆپ تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ، زەھەر تارقىتىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، سۈيدۈك يوللىرىدىكى تاشلارنى پارچىلاپ چىقىرىدۇ. ئاشقازان ۋە تالنىڭ خىزمىتىنى ياخشىلايدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** مېڭىگە قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركەنجۇبىل، بادام مېغىزى.

**بەدىلى:** قارىكۆز بەدىياننىڭ ھۆل ۋە قۇرۇق مايىسى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياساlmalar:** زىمات دورىلار.

# قارىمۇچ

**باشقا نامى:** مۇرچ سىياھ، فىلفىل سىياھ.

**تونۇش:** بۇ، قارىمۇچ ئائىلىسىدىكى ئۆزۈنلۈقى بەش مېتىر ئەتراپىدا ئۆسىدىغان ياغاچ غوللۇق، كۆپ يىللىق پېلەكلىك ئۆسۈملۈك قارىمۇچ بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ قۇرۇتۇلغان مېۋىسى «قارىمۇچ» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** بۇ ئەسلىدە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىن چىقاتتى، هازىر ئېلىمىزنىڭ گۇاڭدۇڭ، خېنەن، فۇجيەن، تەيۋەن قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىنمۇ چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** هەزىمنى ياخشىلايدۇ، يەل تارقىتىدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ، پەي ۋە مۇسكۇللارنى چىڭىتىدۇ، چىرايىنى پارقىرىتىدۇ، بەدەننى قىزىتىدۇ، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتىدۇ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ، يۈرەكنى قوزغىتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** بىر گىرامغىچە.

**زەرەرى:** ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ، كۆكرەك ۋە گالغا يىرىكلىك يەتكۈزىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بىنەپشە يېغى، قاپاق يېغى.

**بەدىلى:** ئاقمۇچ، زەنجىۋىل، پىلپىل.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەجۇن دورىلار.

# قارىئۆرۈك

باشقا نامى: ئالۇبالۇ،كىلاش.

تونۇش: بۇ، ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى، ئەينۇلاغا ئۇرۇقداش چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ-نىڭ مېۋىسى بولۇپ، كۆپ شاخلىنىدۇ؛ يوپۇرماقلىرى تەتۈر تۇخۇمسىمان ياكى سوقىچاق، گىرۋەكلىرى ھەرە چىشسىمان كېلىدۇ؛ گۈلى ئاق، مېۋىسى سوقىچاق، رەڭگى قارامتۇل سۆ-سۈن، ئۇچكىسى كىچىكرەك، تەمى چۈچۈمەل بولۇپ، مېۋىسى «قارىئۆرۈك» نامدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، بولۇپمۇ قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردا كۆپ ئۆسىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

خۇسۇسىيىتى: چوڭ تەرەتنى بوشىتىدۇ، قان ۋە سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىدۇ، ئۇسسۇزلۇقنى باسىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: ئەھۋالغا قاراپ 15 ~ 30 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

زەرەرى: مېڭە، ئاشقازان كېسەللىرى بارلار ۋە سوغۇق مىزاجلىقلارغا زىيانلىق.

تۈزەتكۈچىسى: گۈلقەنت، مەستىكى، كۈندۈر، مائۇلھەسەل.

بەدىلى: ئۆز ۋەزنى بىلەن باراۋەر مىقداردا تەمرىھىندى.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياساقلار: چىلانىما دورىلار.

# قاشتېشى

باشقا نامى: يشىب، سەجرەليەشب.

تونۇش: بۇ، ھەممىمىزگە تونۇشلۇق بولغان سۇزۇك ياكى يېرىم سۇزۇك پارقىرايدىغان تاش بولۇپ، كۆك، ئاق، سېرىق، يېشىل قاتارلىق ھەر خىل رەڭلەردە بولۇپ ناھايىتى كۆركەم، ئۆزى قاتتىق، ۋەزنى ئېغىر. بۇ قاشتېشى دەريا، تاغ، ساي ۋە قۇم دۆۋىلىرىدىن يىغىۋېلىنىدۇ.

چىقىش ئورنى: ئەڭ ياخشىسى شىنجاڭنىڭ خوتەن شەھىرىدىكى يورۇڭقاش دەرياسىدىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

خۇسۇسىيىتى: يۈرەك، مېڭە، جىگەر، تال، بۆرەك، ئاشقازان قاتارلىق ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ. كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 1 ~ 2 گىرام.

زەرەرى: كۆشتە قىلماي ئىشلەتسە، دوۋساقتا تاش پەيدا قىلىدۇ ۋە ئاجىزلاشتۇرىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: ھەسەل

بەدىلى: ياقۇت.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: كۆشتە قىلىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: مۇپەررىھ ۋە خېمىر دورىلار.

# قاقىله

**باشقا نامى:** ئەلالىچى كىبار.

**تونۇش:** بۇ، زەنجىۋىل ئائىلىسىدىكى ئېگىزلىكى 2 ~ 3 مېتىرغىچە ئۆسىدىغان كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈك ئىككى خىل بولىدۇ. ئۇنىڭ بىر خىلى چوڭراق كېلىدۇ. بۇ ئادەتتە «چوڭ قاقىلە» دېيىلىدۇ، يەنە بىرى كىچىكرەك كېلىدۇ. بۇ «كىچىك قاقىلە» دېيىلىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى «قاقىلە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. پۇراقلىق، تەمى ئاچچىق قىرتاق، رەڭگى جىگەر رەڭ ياكى قوڭۇرغا مايىل كېلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ يۈننەن، گۇيجۇ، گۇاڭشى قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن ھەمدە ھىندىستان، نېپال قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** ئاشقازان، ئۈچەينى قۇۋۋەتلەيدۇ، تاماق سىڭدۈرىدۇ، كېكىرتىدۇ، قورساقتىكى يەلنى تارقىتىدۇ، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 5 ~ 10 گىرام.

**زەرەرى:** ئۈچەيگە قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

**بەدىلى:** لاچىندانە، كاۋاۋىچىن.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەجۇن دورىلار.

# قانتېپەر

**باشقا نامى:** تۇرسۇلداق، سۇغۇر سېرىقئوتى.

**تونۇش:** بۇ، قوڭغۇراقگۇللۇكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق، قانتېپەرگە ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئېگىزلىكى 50 ~ 100 سانتىمېتىر كېلىدۇ. سېرىق پۇرايدۇ؛ يىلتىزى توم، شەكلى موكىغا ئوخشايدۇ، يۇقىرى ئۇچىدا ھالقىلىق سىزىقلىرى بولىدۇ. گۈلى شېخىنىڭ ئۇچىدىن ياكى يۇقىرى قىسمىدىكى يوپۇرماق قولتۇقىدىن ئۆسۈپ چىقىدۇ، شەكلى قوڭغۇراقسىمان، رەڭگى ئاقۇچ كۆك بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى «قانتېپەر» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تاغ جىلغىلىرى ۋە تاغ باغرىدىكى ئورمانلىقلاردا ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** تال ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، قاننى جانلاندۇرىدۇ، تەبىئىي خىلىت ھاسىل قىلىدۇ، ئۇسسۇزلۇقنى باسىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 10 ~ 30 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** چىلان.

**بەدىلى:** ئادەمگىيا.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەتبۇخ دورىلار.

# قەردمانە

**باشقا نامى:** قەردمانا، تۇخۇمى نەخرە.

**تونۇش:** بۇ، كۈنلۈكسمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق ئۆسۈملۈك ياۋا زىرە بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى، يەنى ئۇرۇقى «قەردمانە» ياكى «ياۋا زىرە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭ گۈلى ۋە ئۇرۇقى زىرە ئورۇقىغا ئوخشايدۇ، گۈلى كۆككە مايىل ئاق، ئۇششاق چېچەكلىگۈ بولىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى «قەردمانە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تاغ، چۆللەردە باغ ۋە ئېتىز - ئېرىق بويلىرىدا ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** بەدەننى قىزىتىدۇ، تېرىنى قىزارتىدۇ، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتلىرىنى تازىلايدۇ، ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 1 ~3 گىرام

**زەرەرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلاردا باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئاق سەندەل، بىدىمۇشكى.

**بەدىلى:** زىرە، سىيادان.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** شەربەت دورىلار.

# قەسبۇزدىرىە

**باشقا نامى:** چەرائىتە

**تونۇش:** بۇ، جىنتىيانا ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى بولۇپ، شەكلى شەترەنجىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، رەڭگى يېشىل، ئازراق ئوسما پۇرىقى بار، تەمى ئاچچىق بولىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى «قەسبۇزەرىرە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شەرقىي شىمالىي جۇڭگو، خېنەن، شەندۇڭ ۋە ھىمالايا ۋادىسى، كەشمىر، نېپال قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** قان تازىلايدۇ، ئىششىقياندۇرىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، ياللۇغ قايتۇرىدۇ، جاراسىملارغا قارشى تۇرىدۇ، يۇمشىتىدۇ، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ، ئاشقازان ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، يەل تارقىتىدۇ، قىزىتمىنى قايتۇرىدۇ، قۇرت ئۆلتۈرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 5 ~ 7 گىرام.

**زەرەرى:** بەل ئومۇرتقىلىرىغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** رۇمبەدىيان، كەتىرا.

**بەدىلى:** ئەپتىمۇن، سەرسىبىل.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** پاكىز قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياساللىلار:** شەربەت، مەتبۇخ دورىلار.

# قەشقەر ئۆپىسى

**باشقا نامى:** سەفداپ كاشغەرى.

**تونۇش:** بۇ قەلەي، قوغۇشۇن، تۇتىيا قاتارلىق مەدەن جىنسلىق دورىلارنى ئايرىم - ئايرىم كۆشتە قىلىپ، رەڭگى ۋە سۈفۈپى ئۆلچەمگە يەتكەندە ھەممىسنى يۇمشاق سالايە قىلىپ ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ، تەييارلانغان قىسمى دورىگەرلىك قائىدىسى بويىچە يۇيۇپ، سوقۇپ ئىشلىتىلىدۇ. يۇمشاق، ئۆپىدەك بولىدۇ، ۋەزنى ئېغىر، ئاق رەڭلىك كېلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئۆز ۋاقتىدا رايونىمىزدىكى ئۇيغۇر تېۋىپلار تەييارلاپ جايلارغا تارقىتىپ كەلگەن. ھازىرقى زاماندا سانائەت يولى بىلەنمۇ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** جاراھەتنى قۇرۇتىدۇ ۋە گۆش ئۈندۈرىدۇ، چىرىگەن گۆشلەرنى يوقىتىدۇ، يارا يۈزىنى تازىلايدۇ، ئارتۇق ھۆل‌لۈكنى قۇرۇتىدۇ، يۇمشىتىدۇ، كۆيۈكنى ياخشىلايدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ سىرتىدىن ئىككى گىرام.

**زەرەرى:** گالغا زىيانلىق، ئارتۇق ئىشلەتسە ئادەمنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يەتكۈزىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ياغلىق شورپا، قايماق.

**بەدىلى:** مەدەستان.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** كۆشتە قىلىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەلھەم دورىلار.

# قەلەمپۇر

**باشقا نامى:** لوك، قەرنەپىل.

**تونۇش:** بۇ ئەرمۇدۇن ئائىلىسىدىكى دائىم ياشىرىپ تۇرىدىغان قەلەمپۇر دەرىخى مېۋىسىنىڭ غۇنچىسى بولۇپ، شەكلى مىخقا ئوخشاپ كېتىدۇ، رەڭگى قىزىلغا مايىل قارا خورما رەڭدە، تەمى ئاچچىق، مەززىلىك، خۇش پۇراق كېلىدۇ. بۇ دەرەخنىڭ غۇنچىسى «قەلەمپۇر» نامدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ گۇاڭدۇڭ، خەينەنداۋ قاتارلىق ئىسسىق بەلباغ ئۆلكىلىرىدىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** ئاشقازان ۋە ئۈچەينى قۇۋۋەتلەيدۇ، تىنچلاندۇرىدۇ، تېرىنى قىزارتىدۇ، قاننى قىزىتىدۇ، خۇشبۇي قىلىدۇ، هەزىمنى ياخشىلايدۇ، ئىشتىهانى ئاچىدۇ، چىرىشكە قارشى تۇرىدۇ، يەل تارقىتىدۇ، كۆڭۈلنى خۇش قىلىدۇ، يۈرەك ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ، باهنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 2 ~ 3 گىرام.

**زەرەرى:** ئىسسىق مىزاج كىشىلەرنىڭ، بۆرەك ۋە ئۈچەيلىرىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سەمغى ئەرەبى.

**بەدىلى:** دارچىن، بەسباسە، جۇزبۇۋا.

**لايىقلاشتۇرۇشى:** ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چىقىدىغان ياسالمىلار:** جاۋارىش، مۇپەررىه دورىلار.

# قەمبىل

**باشقا نامى:** كەمبىلا، كەمبىل.

**تونۇش:** بۇ، تاشيارغان ئائىلىسىدىكى كامالا دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل دەرەخنىڭ مېۋىسى ئۈستىگە يىغىلىپ قالغان تۈۋت شەكىللىك قۇمدەك نىپاراشوكسىمان دورا بولۇپ، رەڭگى قارىغا مايىل قىزىل كېلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئۆلكىلىرىدىن ھەم يەمەننىڭ باياۋان چۆل - جەزىرىلىرىدىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** ئۈچەيدىكى ئۈششاق قۇرت ۋە مەددىلەرنى چۈشۈرىدۇ، قان تازىلايدۇ، ياللۇغ قايتۇرىدۇ، تېرىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، شىلىمشىق ھۆللۈكلەرنى ۋە غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنى سۈرىدۇ، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ، يىرىڭلىق جاراھەتلەرنى قۇرۇتىدۇ، جاراھەتنىڭ ئېغىزنى پۈتتۈرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 3 ~ 6 گىرام.

**زەرەرى:** ئاشقازان - ئۈچەيگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا، مەستىكى، بەدىيان.

**بەدىلى:** بەرەڭگى كابۇلى، تۇربۇت.

**لايىقلاشتۇرۇشى:** ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** ئىترىفىل، ھەب دورىلار.

# قەنتەريۇن

باشقا نامى: قەنتەريۇن سەغىر، قۇرام ياپچىقى.

تونۇش: بۇ، چىنىگۈل ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك قەنتەريۇننىڭ پۈتۈن چۆپىدىن ئىبارەت بولۇپ، رەڭگى ئاقۇچ كۆل رەڭ، پۇرىقى ئۆتكۈر، تەمى ئاچچىق كېلىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: پەي - مۇسكۇللارنى چىڭىتىدۇ، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنى سۈرىدۇ ۋە تازىلايدۇ، يەل تارقىتىدۇ، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، جاراھەت پۈتتۈرىدۇ، زەھەر قايتۇرىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 1 ~ 3 گىرام.

زەرەرى: ئۆچەيگە زىيان قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: سەمغى ئەرەبى، كەتىرا.

بەدىلى: ئەمەن، بابۇنە، تۇربۇت.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياساللىلار: شەربەت، يۇيۇلما دورىلار.

# قوغۇن

باشقا نامى: خەربوزە.

تونۇش: بۇ، كاۋا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق، تاۋۇزغا ئۇرۇقداش پېلەكلىك ئۆسۈملۈك بولۇپ، غولى ئۈستىدە يۇمشاق تۈكچىلىرى بولىدۇ. يوپۇرمىقى دۈگىلەك، تۇخۇم شەكلىدە ياكى بۆرەك شەكلىدە، گۈلى سېرىق كېلىدۇ. مېۋىسى ئۇزۇن ئېللىپس شەكلىدىكى شىرنىلىك مېۋە بولۇپ، يۈزى سىلىق، تەمى تاتلىق، خۇش پۇراق كېلىدۇ. تۈرى كۆپ بولۇپ، مېۋە ئورنىدا ئىستېمال قىلىنىدۇ.

چىققىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

تەبئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، بەدەنگە ئوزۇق بولىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ، تەرەت يۇمشىتىدۇ، مېڭە ۋە بەدەندە ھۆللۈك پەيدا قىلىدۇ، تېرىنى سىلىقلاشتۇرىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ.

زەرەرى: كۆپ يېسە ئىچىنى سۈرۈۋېتىدۇ، شېكەر كېسىلى پەيدا قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: سىركەنجۇبىل، ئانار سۈيى.

بەدىلى: تەرخەمەك.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: شەربەت دورىلار.

# قوغۇن ئۇرۇقى

**باشقا نامى:** تۇخۇمى خەربوزە.

**تونۇش:** بۇ، كاۋا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق پېلەكلىك ياكى يەر بېغىرلىغۇچى سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك قوغۇننىڭ مېۋىسى، ئېتى «خەربوزە»، ئۇرۇقى «تۇخۇمى خەربوزە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ ھەم ھىندىستان قاتارلىق ئىسسىق بەلباغ ئەللىرىدىنمۇ چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** جىگەر توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، ياللۇغ قايتۇرىدۇ، بۆرەك، دوۋساق ۋە ئۈچەينى تازىلايدۇ، چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ، مەنىي كۆپەيتىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 5 ~ 7 گىرام.

**زەرەرى:** تالغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل، بىنەپشە.

**بەدىلى:** چىلغوزا مېغىزى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** پوستىدىن ئايرىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ياسالمىلار:** مەتبۇخ دورىلار.

# قومۇش چۆپى

**باشقا نامى:** ئەسلۇل قەسەب.

**تونۇش:** بۇ، باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق، تىك ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈك بولۇپ، يىلتىزسىمان غولى توغرىسىغا ئۆسىدۇ؛ بوغۇملۇق بولۇپ، بوغۇملىرىدا بىخلىرى بولىدۇ؛ يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقىنىڭ ئۇچى ئۇچلۇق، يوپۇرماق غىلاپى غولنى ئوراپ تۇرىدۇ؛ كونۇسسىمان گۈل رەتى ئۇچىدا ئۆسكەن بولۇپ، سۆپۈرگىگە ئوخشايدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى «قومۇش چۆپى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى سازلىق، ئېرىق بويلىرى ۋە كۆللەردە ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** خىلتلارنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، قىزىتما قايتۇرىدۇ، ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ، قۇسۇشنى توختىتىدۇ، تېرىنى جۇلالىق قىلىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 5 ~ 15 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** نەپەس يوللىرى كېسەللىكلىرىگە زىيانلىق.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا، پىندۇق.

**بەدىلى:** قىزىلگۈل، بابۇنە.

**ئىستېمال شەكلى:** ئادەتتىكىدەك سايىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياساملار:** مەتبۇخ دورىلار.

# قومۇش يىلتىزى

**باشقا نامى:** بىخ ئەسلۇلقەسەب.

**تونۇش:** بۇ، باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك قومۇش بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ هۆل ياكى قۇرۇتۇلغان يىلتىزسىمان غولى «قومۇش يىلتىزى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ياپىلاق، سىلىندىر شەكىللىك، سىرتقى يۈزى سارغۇچ ئاق رەڭلىك، پارقىراق، سىرتقى پوستى بوش بولۇپ، ئاسان چۈشۈپ كېتىدۇ، بوغۇملىرى هالقىسىمان، كەسمە يۈزى سارغۇچ ئاق رەڭلىك، ئوتتۇرىسى كاۋاك، تەمى تاتلىق، پۇراقسىز كېلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ هەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** ئۆتنى قۇۋۋەتلەيدۇ، قىزىتما قايتۇرىدۇ، غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنى ۋە قۇرۇق ئىسسىق كەيپىياتنى تەڭشەيدۇ، سۈيدۈك ۋە هەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ. قۇسۇشنى توختىتىدۇ، جۇلا بېرىدۇ، هەزىمگە ياردەم بېرىدۇ، قان تازىلايدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 7 ~ 12 گىرام.

**زەرەرى:** ئۆپكىگە زىيانلىق.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا، پىندۇق مېغىزى.

**بەدىلى:** قىزىلگۈل.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** قايناتما دورىلار.

# قوۋزاقدارچىن

**باشقا نامى:** دارچىنى، سەلىخە.

**تونۇش:** بۇ، كافۇر ئائىلىسىدىكى دائىم ياشىرىپ تۇرىدىغان جۇڭگو دارچىن دەرىخىنىڭ قۇرۇتۇلغان قوۋزىقى ياكى شېخىنىڭ قۇرۇتۇلغان قوۋزىقىدىن ئىبارەت بولۇپ، پۇرىقى ئۆتكۈر، تەمى ئاچچىق، قارامتۇل قىزىل رەڭدە، بۇ دەرەخنىڭ قوۋزىقى «دارچىن» ياكى «سەلىخە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ فۇجيەن، گۇاڭشى، گۇاڭدۇڭ، يۈننەن قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن، ھىندىستان ۋە سىرى لانكا قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** ھۆل سوغۇق كەيپىياتنى ۋە غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى تەڭشەيدۇ، سېسىق پۇراقنى يوقىتىدۇ، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، سىيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، پەي ـ مۇسكۇللارنى چىڭىتىدۇ، بەدەننى قىزىتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 1 ～ 10 گىرام.

**زەرەرى:** بۆرەك، دوۋساققا زىيانلىق.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا، ئاسارۇن.

**بەدىلى:** شاخ دارچىن

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ ئۇچرىشىدىغان ياسالمىلار:** چايلىق دورىلار.

# قۇرتئوت

**باشقا نامى:** قىشتا قۇرت يازدا ئوت.

**تونۇش:** بۇ، ئېچىتقۇچى زەمبۇرۇغلار ئائىلىسىدىكى بىر خىل زەمبۇرۇغدىن ئىبارەت بولۇپ، رەڭگى خورما رەڭ، شەكلى ماي قەلەمگە ئوخشاش تومۇلۇقتا بولۇپ، بوغۇم - بوغۇم ھالەتتە، تەمى سەل ئاچچىق، پۇرىقى سۇس كېلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى، ئالتاي تاغلىرىدىن كۆپرەك چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** «تەبىئەت» نى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئۆسمىگە قارشى تۇرىدۇ، ئۆپكە ۋە بۆرەك خىزمىتىنى ياخشىلايدۇ، يىلىكنى تولۇقلايدۇ، بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ، قان توختىتىدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، مەنىينى تۇتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 6 ~ 12 گىرام.

**زەرەرى:** ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** پىننە، دارچىن.

**بەدىلى:** شاقاقۇل، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قائىدە بويىچە قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** قايناتما دورىلار.

# قوشقاچ مېگىسى

باشقا نامى: مېغىزى ئۇسبۇئ.

تونۇش: بۇ ھەممىگە تونۇش بولغان مەشھۇر قۇش ئاق قۇشقاچنىڭ باش سۆڭىكى ئىچىدىكى مېڭە قېتىقىنى ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ ساقلاپ «قۇشقاچ مېگىسى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: ئىلىمىز ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدىن تېپىلىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: مېگىنى قۇۋۋەتلەپ، بەدەننى قىزىتىدۇ، سەمرىتىدۇ، باھنى قوزغايدۇ، مەنىينى كۆپەيتىدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: ئەھۋالغا قاراپ 5 ~ 10 دانىغىچە بېرىلىدۇ.

زەرەرى: ئىسسىق مىزاج كىشىلەردە باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: ئانار، غورا سۈيى.

بەدىلى: كەپتەر مېگىسى.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قۇرۇتۇش ياكى ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: مەجۇن دورىلار.

# قۇلۇلە قېپى

باشقا نامى: قۇلۇلە قېپى، دېڭىز قۇلۇلىسى.

تونۇش: بۇ، سەدەپ قۇلۇلىسى ئائىلىسىدىكى دېڭىز قۇلۇلىسىنىڭ تاشقى قېپىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ قاپ كىلىنىكىدا «قۇلۇلە قېپى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. رەڭگى ئاقۇچ، پارقىراق، پۇراقسىز كېلىدۇ .

چىقىش ئورنى: گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى، لياۋنىڭ قاتارلىق جايلاردىكى دېڭىزلاردىن چىقىدۇ.

تەمى: بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

خۇسۇسىيىتى: جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، جىگەرنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، قان توختىتىدۇ، كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 5 ~ 10 گىرام.

زەرەرى: تال ۋە ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: زىرە، بەدىيان

بەدىلى: سەدەپ.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: ساپلاشتۇرۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: سۇفۇپ دورىلار.

# قۇندۇز قەھرى

**باشقا نامى:** جۇندەبىدەستۇر.

**تونۇش:** بۇ، قۇندۇزلار ئائىلىسىدىكى ھايۋانات ياۋروپا قامىسى ياكى كانادا چوڭ قامىسىنىڭ پۇراقلىق ئۇرۇق خالتىسىنىڭ ئاجرالمىسى بولۇپ، بۇ ھايۋاننىڭ مۇشۇ پۇراقلىق ئۇرۇق خالتا ئاجرالمىسى «قۇندۇز قەھرى» ياكى «جۇندەبىدەستۇر» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. رەڭگى قىزىلغا مايىل قوڭۇر، تەمى ئاچچىق، خۇش پۇراق، بىرئاز بەزلەشرەك كېلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ياۋروپا قىتئەسىدىكى ئەللەردىن كۆپرەك چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** مېڭە، يۈرەك، بەل ۋە پەيلەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، چىرىشكە قارشى تۇرىدۇ، ئىسپازما بوشىتىدۇ، بەدەننى قىزىتىدۇ، پەيلەرنى چىڭىتىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، ھەيز ۋە سۈيدۈكنى راۋان قىلىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 0.5 ~ 1 گىرام.

**زەرەرى:** ئىسسىق مىزاج كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بىنەپشە شەربىتى، ئەرقى گۈل.

**بەدىلى:** ئىپار، ئەنبەر، زەپەر.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** سالايە قىلىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەجۇن دورىلار.

# قىرغاۋۇل

**باشقا نامى:** لۇۋا، تەدرىج.

**تونۇش:** بۇ، قىرغاۋۇل ئائىلىسىدىكى قۇش قىرغاۋۇلنىڭ گۆشى ياكى پۈتۈن تېنى «قىرغاۋۇل» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ قۇشنىڭ مېگىسى، گۆشى ۋە جىگىرى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 90 سانتىمېتىر كېلىدۇ، ئەركەك ۋە چىشى بولىدۇ، بۇلارنىڭ رەڭگى ھەر خىل، ئەركىكىنىڭ رەڭگى چىرايلىق، چىشىسىنىڭ بەدەن شەكلى كىچىكرەك، قۇيرۇقى قىسقىراق كېلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ تاغ ـ باياۋانلىرىدىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** پەي ـ مۇسكۇللارنى چىڭىتىدۇ، ساپ قان پەيدا قىلىدۇ، تۇسالغۇلارنى ئاچىدۇ، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ، مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىچى تىتىلداش، چېچىلاڭغۇلۇقنى تۈگىتىدۇ، تېرىدىكى داغلارنى چۈشۈرىدۇ، جاراھەت پۈتتۈرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 30 ~ 60 گىرام بېرىلىدۇ.

**زەرەرى:** ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركەنجۇبىل.

**بەدىلى:** كۆك كەپتەر.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** گۆشنى پاكىزلاش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مائۇللەھى ۋە ئەرەق دورىلار.

# قىزىلبۇغداش

باشقا نامى: بەقىلە يەمانىيە

تونۇش: بۇ قامچىگۈل ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك قىزىلبۇغداشنىڭ پۈتۈن چۆپى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقى قىزىلغا مايىل يېشىل، غول قىسمى قارىغا مايىل قىزىل بولىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: قۇرۇق سوغۇق كەيپىياتنى ۋە غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتنى تەڭشەيدۇ، قان كۆپەيتىدۇ، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ، قانلىق ۋە ئادەتتىكى ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، قاننى قويۇلدۇرىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 5 ~7 گىرام.

زەرەرى: قورساققا يەل پەيدا قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: تۇرۇپ ئۇرۇقى، شۇمشا ئۇرۇقى.

بەدىلى: تاتلىق ئانار.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: چىلانما دورىلار.

# قىزىلچا

**باشقا نامى:** سەلەق، چەقەندەر.

**تونۇش:** بۇ، لوبىلا ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، قىزىلچىغا ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى توپلىشىپ ئۆسىدۇ، سېپى ئۇزۇن، گۈلى كىچىك، رەڭگى يېشىل، شەكلى يۇملاق ۋە ئۇزۇنچاق، تەمى تاتلىق؛ يىلتىزىنىڭ رەڭگى قىزىل ياكى سارغۇچ ئاق رەڭلىك، تەمى تاتلىق، پۇراقلىق بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى «قىزىلچا» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىدۇ، تېرىگە جۇلا بېرىدۇ، ئىشتىھا ياندۇرىدۇ، قان كۆپەيتىدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ، پەيىنى چىڭىتىدۇ، بەل ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 30 ~ 40 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** كۆپ ئىستېمال قىلسا ئىشتىھانى كېمەيتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئەينۇلا، تەمرىھىندى.

**بەدىلى:** چامغۇر، سەۋزە.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياساللار:** زىمات ۋە شەربەت دورىلار.

# قىزىل چۆپچىن

**باشقا نامى:** چۆبچىنى سۇرۇخ.

**تونۇش:** بۇ، قامچىگۈل ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق، تاجىگۈلگە ئۇرۇقداش ياماشقۇچى چاتقال بولۇپ، غولى تۆۋرۈكسىمان ياكى ئەگرى - بۈگرى، شەكلى ئېللىپس شەكلىدە، تۇخۇمسىمان يىڭنە ياكى يىڭنە شەكىللىك بولىدۇ، يىلتىزى قىزىل، تەمى بىر ئاز تاتلىق، ئۇزۇنلۇقى 20 سانتىمېتىر، توملۇقى ئۈچ سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى «چۆپچىن» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ كۆپلىگەن تاغلىرىدىن چىقىدۇ، يېقىندىن بويان بىر قىسىم يېزىلارنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆستۈرۈلىدىغان بولدى.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** ياللۇغ قايتۇرىدۇ، قان تازىلاپ، زەھەرنى قايتۇرىدۇ، تەرەتنى يۇمشىتىدۇ، تۇسالغۇلارنى ئاچىدۇ، ئارتۇق ماددىلارنى تارقىتىدۇ، تەرلىتىدۇ، سۈيۈلدۈرىدۇ ۋە تازىلايدۇ، خۇشلۇق كەلتۈرىدۇ، ئۇيقۇ كەلتۈرىدۇ، رئىس ئەزالار، ئاشقازان ۋە باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 6 ~ 9 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەر ۋە كىچىك باللاردا باش قېيىشنى پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئانار سۈيى، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى.

**بەدىلى:** ئۆشبە مەغرىبى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەتبۇخ دورىلار.

# قىزىل سەندەل

**باشقا نامى:** سەندەل سۇرۇخ.

**تونۇش:** بۇ، سەندەل ئائىلىسىدىكى ئېگىزلىكى 15 ~ 25 مېتىرغىچە كېلىدىغان دەرەخ قىزىل سەندەل بولۇپ، بۇ دەرەخنىڭ قۇرۇتۇپ پارچىلانغان ياغىچى «قىزىل سەندەل» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ياغاچنىڭ، ئىچى - تېشى قىزىل، ئۇزۇن ساقلانغانلىرىنىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ تۇتۇق بولۇپ قالىدۇ، تەمى قېرىق، پۇرىقى سۇس كېلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ يۈننەن، گۇاڭدۇڭ قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن ھەم ھىندىستان، سىرىلانكا، فىلىپپىن قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** مېڭە ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، قىزىتما قايتۇرىدۇ، خىلىتسىز قۇرۇق ئىسسىق كەيپىياتنى، غەيرىي تەبىئىي قان ۋە سەپرا خىلىتنى تەڭشەيدۇ، قان توختىتىدۇ، جاراھەت پۈتتۈرىدۇ، قان تازىلايدۇ، قان بېسىمنى چۈشۈرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 1 ~ 5 گىرام.

**زەرەرى:** باھقا ۋە ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل، ناۋات.

**بەدىلى:** كافۇر، ئاق سەندەل.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** خېمىر ۋە مەتبۇخ دورىلار.

# قىزىل سىر

**باشقا نامى:** شىڭگىرىق.

**تونۇش:** بۇ، گۈگۈگۈرت ماددىلىرى تۈرىدىكى كان رۇدىسى شىڭگىرىپ بولۇپ، بۇ رۇدىنىڭ تازىلانغاندىن كېيىنكى قىسمى «شىڭگىرىق» ياكى «قىزىل سىر» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ جەنۇبىي ئۆلكىلىرىدىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** قان تازىلايدۇ، ماددىلارنى تارقىتىدۇ، قان توختىتىدۇ، زەخىم پۈتتۈرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 0.5 گىرام.

**زەرەرى:** زەھەرلىك بولۇپ، كۆشتە قىلماي ئىشلەتسە زەھەرلەيدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كالا سۈتى، سېرىقچېچەك قاتارلىقلارنى ئىچكۈزۈش ئارقىلىق قۇستۇرۇلىدۇ.

**بەدىلى:** شادىنەج مەغسۇل.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** كۆشتە قىلىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** سۇفۇپ ۋە ھەب دورىلار.

# قىزىل قىچا

**باشقا نامى:** خەردىل ئەھمەر.

**تونۇش:** بۇ، كىرىست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق، تاغ قىچىسىغا ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، غولى تىك، رەڭگى يېشىل ياكى سۆسۈن، يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، ئۇرۇقى چامغۇر ئۇرۇقىغا ئوخشاش، رەڭگى قىزىل، تەمى ئاچچىق بولىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى «قىزىل قىچا» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇرۇقىدىن ماي تارتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** تېرىنى قىزارتىدۇ، بەدەننى قىزىتىدۇ، ئاشقازان، جىگەر ۋە مېڭىنى كۈچلەندۈرىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 3 ~ 9 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** گالنى قورۇتۇپ، ئۇسسۇزلۇق پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** تەمرىھىندى.

**بەدىلى:** زاغۇن ئۇرۇقى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەلھەم دورىلار.

# قىزىلگۈل

**باشقا نامى:** گۈلسۇرۇخ.

**تونۇش:** بۇ، ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق يوپۇرماق تاشلايدىغان، دولانىگە ئۇرۇقداش چاتقال بولۇپ، ئېگىزلىكى 1.5 ~ 2 مېتىر كېلىدۇ؛ غولى تىك، كۆپ شاخلىنىدۇ. شاخلىرىدا ئۇچ قىرلىق ياپىلاق تىكەنلىرى بولىدۇ؛ يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. گۈلى يالغۇز ياكى توپلىشىپ ئۆسىدۇ، گۈل كاسىسى بەش تال، گۈل تېگى چەينەكسىمان ياكى يۇمىلاقراق، گۈلى بېغىر رەڭ قىزىل ياكى ئاق بولىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى «قىزىلگۈل» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** كۆڭۈلنى ئاچىدۇ، رەئىس ئەزالار، ئومۇمىي بەدەن، ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 4 ~ 8 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** كۆپ ئىشلەتسە جىنسىي قابىلىيەتنى تۆۋەنلىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** رۇمبەدىيان، ھەببى زەلەم.

**بەدىلى:** گۈلبىنەپشە، مەرزەنجۇش.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** سايىدا قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ ئۇچرىشىدىغان ياسالمىلار:** چىلانىما ۋە گۈلقەنت دورىلار.

# قىزىل ئۈزۈم

**باشقا نامى:** مەۋىز مۇنەققى.

**تونۇش:** بۇ، ئۈزۈم ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك قىزىل ئۈزۈمنىڭ مېۋىسى، بۇ مېۋىنىڭ ئۆسۈملۈك تېنى قارامتۇل سېرىق، تولغىماچ، پېلەك ئۈزارتىپ ئۆسىدىغان دەرەخ بولۇپ، ئۇنىڭ يوپۇرمىقى تېرەكنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. ئۇششاق، ئاقۇچ چېچەكلەيدۇ، غۇژمەك بىر ساپتا بىر تال مېۋە بېرىدۇ، مېۋىسى سولۇق، تاتلىق، پوستى ئىچىدە ئۇرۇقى بار، مېۋە شەكلى يۇملاق، بەزىلىرى ئۇزۇنچاق، رەڭگى قىزىل كېلىدۇ. بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسى «قىزىل ئۈزۈم» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆستۈرۈلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** ئاساسلىقى قان كۆپەيتىدۇ، غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلىتلىرىنى پىشۇرىدۇ. ساپ قان پەيدا قىلىدۇ، قاننى تازىلايدۇ ۋە جانلاندۇرىدۇ، بەدەننى سەمرىتىدۇ، ئىچنى بوشىتىدۇ، تېرىلەرنى سىلىقلاشتۇرىدۇ، مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنى كۈچەيتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** قۇرۇقى 15 ~ 30 گرام.

**زەرەرى:** ئۆچەيگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركەنجۇبىل.

**بەدىلى:** غۇنچىئۈزۈم.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** چىلانما دورىلار.

# قىل يوپۇرماقلىق ئەمەن

**باشقا نامى:** بەرەنجاسىپ.

**تونۇش:** بۇ، مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق، ئەمەنگە ئوخشاش ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئېگىزلىكى 40 ~ 100 سانتىمېتىر كېلىدۇ؛ يۇمران مايىسسى تۈكلۈك، كالىلەك بولۇپ ئۆسىدۇ، غول يوپۇرماقلىرىنى ئوخشاش ئاق تۈكلەر قاپلىغان بولۇپ، ئۆسۈملۈكنىڭ ئۆسۈشى بىلەن تۈكلەر تەدرىجىي چۈشۈپ كېتىدۇ؛ شېخىنىڭ يۇقىرى قىسمىدىكى يوپۇرماقلىرىنىڭ سېپى بولمايدۇ، شەكلى يېپسىمان كېلىدۇ؛ گۈل رېتى باشسىمان، رەڭگى سۆسۈن ياكى يېشىل بولۇپ، زىچ تۈپلىشىپ كونۇسسىمان شەكىلنى ئالىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تاغ باغرىلىرى، دالا، ئېتىز ۋە يول ياقىلىرىدىكى تاشلىق يەرلەردە ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** ئاغرىق پەسەيتىدۇ، ياللۇغ قايتۇرىدۇ، ھۆللۈكنى تارقىتىدۇ، سېرىقلىقنى قايتۇرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 8 ~ 16 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** باش قېيىشنى پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** تاتلىق ئانار سۈيى.

**بەدىلى:** بابۇنە، ئەفسەنتىن.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەتبۇخ دورىلار.

# كاتهندى

باشقا نامى: كېتى ھندى، كات.

تونۇش: بۇ، پۇرچاق ئائىلىسىدىكى «كەبىر» دەپ ئاتىلىدىغان ئىنتايىن چوڭ بىر دەرەخنىڭ يېلىمى ياكى كاتهندىنىڭ قۇرۇتۇلغان ئۇسارىسىدۇر. شەكلى ئوخشاش ئەمەس، سىرتقى يۈزى قارامتۇل بېغىر رەڭدە، تەمى قېرىق، سېسىق پۇرىقى يوق.

چىقىش ئورنى: ئېلىمىزنىڭ يۈننەن ئۆلكىسىدىن ھەمدە ھىندىستان، بېرما، سىرى لانكا، ھىندونېزىيە قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

خۇسۇسىيىتى: قان تازىلايدۇ، قان توختىتىدۇ، چىش مىلىكلىرىنى چىڭىتىدۇ، قۇرۇتىدۇ، مەددە قۇرتىنى ئۆلتۈرىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 1 ~ 2 گىرام.

زەرەرى: بۆرەك ۋە دوۋساق تاش كېسەللىكىگە زىيان قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: ئىپار، ئەنبەر.

بەدىلى: موزا.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: سەپمە، سۇفۇپ دورىلار.

# كاسنه كۆكى

**باشقا نامى:** كاسنه سەبزى.

**تونۇش:** بۇ، مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق، كاسنەگە ئوخشاش ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئېگىزلىكى 50 ~ 100 سانتىمېتىر كېلىدۇ؛ غولى تىك، ئوتتۇرىسى كاۋاك، كۆپ شاخلىنىدۇ؛ يوپۇرمىقى سوقىچاق تېمىنە شەكلىدە، گىرۋىكى رەتسىز، دولقۇنسىمان چىشلىق بولىدۇ، يوپۇرماقلىرى غولىنىڭ تۆۋىدىن باشلاپ شاخنىڭ ئۇچىغىچە بارغانسىرى كىچىكلەپ، ئاخىرى يوقىلىدۇ؛ گۈلى قولتۇقىدىن ئۆسكەن بولۇپ، هاۋا رەڭ كېلىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى «كاسنه كۆكى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ هەرقايسى جايلىرىدىكى ئېتىزلىقلار، يول بويلىرى، ئوتلاق ۋە جىلغىلاردا ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە هۆل سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** ماددىلارنى ئاچىدۇ، سۈيدۈك هەيدەيدۇ، قان تازىلايدۇ، سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىدۇ، ئاشقازان ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 4 ~ 12 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** يۆتەل پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئاقشېكەر، بىنەپشە شەربىتى.

**بەدىلى:** ئاق لەيلى، هەمىشبାهار.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قورۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياساللار:** ئەرقى كاسنه، دىنار شەربىتى.

# كاسنه ئۇرۇقى

**باشقا نامى:** تۇخۇمى كاسنه.

**تونۇش:** بۇ، مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئېگىزلىكى 50 ~ 100 سانتىمېتىرغىچە ئۆسىدىغان كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك كاسنه بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقى سوقىچاق، ئۇستىدە ئۇششاق تۈكچىلىرى بار، ئۇرۇقى سوقىچاق، توپا رەڭدە بولۇپ، «كاسنه ئۇرۇقى»، «تۇخۇمى كاسنه» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىز ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** سەپرا ۋە قاننىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىدۇ، ياللۇغ قايتۇرىدۇ، تومالغۇلارنى ئاچىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 3 ~ 5 گىرام.

**زەرەرى:** كۆڭۈل ئېلىشىش پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركەنجىۋىل.

**بەدىلى:** كاسنه كۆكى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياساللىلار:** ئەرەق، مەتبۇخ دورىلار

# كاسنه يىلتىزى

**باشقا نامى:** ئەسلىل ھىندىبا، بىخ كاسنە.

**تونۇش:** بۇ، مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك كاسنەنىڭ يىلتىزى بولۇپ، «كاسنە يىلتىزى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. رەڭگى ئاقۇچ سېرىق رەڭدە، يىلتىز ئەتراپىدا كىچىك، يىپىنچا شەكىللىك بۇرۇتلىرى بار، پۇرىقى سۇس، تەمسىز بولىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** قىزىتما قايتۇرىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، جىگەرنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ.

**زەرەرى:** ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** زەنجىۋىل.

**بەدىلى:** كاسنە ئۇرۇقى.

**لايىقلاشتۇرۇشى:** ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: شەربەت، مەتبۇخ دورىلار.

# كافۇر

**باشقا نامى:** كافۇر.

**تونۇش:** بۇ، كامفورا ئائىلىسىدىكى دائىم ياشىرىپ تۇرىدىغان كامفورا دەرىخىدىن ئېلىپ، ئالاھىدە يۇقىرى تېخنىكىلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئايرىپ ئېلىنغان جەۋھەردىن ئىبارەت بولۇپ، تەمى قېرىق، ئېغىزغا سالسا سوغۇق سېزىم بېرىپ شامالدىتىدۇ، پۇرىقى ئۆتكۈر بولىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ شەرقىي، جەنۇبىي ئۆلكىلىرى ۋە ھىندىستاندىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** ياللۇغ قايتۇرىدۇ، كۆڭۈلنى خۇش قىلىدۇ، يۈرەك ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ، تىنچلاندۇرىدۇ، سوۋۇتىدۇ، ئارام بېرىدۇ، تارتىشىشنى بوشىتىدۇ، قوزغىتىدۇ، تەرلىتىدۇ، يەرلىك ئورۇننى مەست قىلىدۇ ۋە يەڭگىل دەرىجىدە چىرىشكە قارشى تۇرىدۇ، ئىچنى توختىتىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، زەھەر قايتۇرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 125 ~ 500 مىللىگرام.

**زەرەرى:** سوغۇق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ، ھەزىمنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، چاچلارنىڭ ئاقىرىشىغا سەۋەب بولىدۇ، بۆرەك ۋە دوۋساقتا تاش پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئىپار، ئەنبەر، قۇندۇز قەھرى.

**بەدىلى:** تاباشىر، ئاق سەندەل.

**لايىقلاشتۇرۇشى:** ئاززاقلا ئىسسىقتا ئۇچراشسا ئېرىپ سۇيۇقلۇقتا ئايلىنىدۇ، سۇيۇقلۇقتا ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** قۇرس، ھەب، مەلھەم دورىلار.

# كاكنەچ

**باشقا نامى:** ختاي شوخلسى.

**تونۇش:** بۇ، پىدىگەن ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق، كاكنەچكە ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئېگىزلىكى 40 ~ 80 سانتىمېتىر كېلىدۇ، غولى يەككە ـ يېگانە هالدا تىك ئۆسىدۇ؛ يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ، دائىم ئىككى يوپۇرماق بىرلىكتە ئۆسىدۇ. شەكلى كەڭ تۇخۇمسىمان، تولۇق گىرۋەكلىك؛ گۈلى ئاق رەڭدە بولۇپ، يوپۇرماق قولتۇقىدىن يالغۇز ئۆسىدۇ، گۈل كاسىسى يېشىل، قوڭغۇراقسىمان بولۇپ، مېۋىسىنىڭ زورىيىشىغا ئەگىشىپ ئۆسىدۇ، پىشقان چاغدا قىزىرىپ، خۇددى پانۇستەك كۆپۈپ تۇرىدۇ؛ شىرنىلىك مېۋىسى گۈل كاسىسىغا ئورۇلۇپ تۇرىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى «كاكنەچ» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ هەرقايسى جايلىرىدىكى يول بويلىرى ۋە ئېتىز قىرلىرىدا ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە هۆل سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** يالloۇغ قايتۇرىدۇ، ئۆتكۈر خىلتلارنى تەڭشەيدۇ، يۇمشىتىدۇ، هارارەتنى پەسەيتىدۇ، زەهەرنى ياندۇرىدۇ، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەهۋالغا قاراپ 4 ~ 12 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** ئەزالارنى بوشاشتۇرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** گۈلقەنت، ئاقىرقەرها.

**بەدىلى:** ئىنتىئۇزۇمى، چۆپچىن.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** قۇرس دورىلار.

# كالا ئۆتى

**باشقا نامى:** مەرارە تۇلبەقەر.

**تونۇش:** بۇ، كالا ئائىلىسىدىكى ھايۋانات كالىنىڭ ئۆتىدىن ئىبارەت بولۇپ، كالا سويغاندا يىغىۋېلىپ، سايە جايدا قويۇپ قۇرۇتۇلىدۇ. قۇرۇتۇلغانلىرى يېشىلغا مايىل قوڭۇر، تەمى ئاچچىق، پۇرىقى سېسىق كېلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** مەملىكىتىمىز ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** زەھەر قايتۇرىدۇ، قان توختىتىدۇ، جاراھەت ۋە يارىنى پۈتتۈرىدۇ، مەنىي كۆپەيتىدۇ، مەنىي تۇتىدۇ، ئۆت ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ، گال بوغۇلۇشنى ياخشىلايدۇ، قان تازىلايدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 0.1 ~ 0.3 گىرام.

**زەرەرى:** باشنى قايدۇرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل.

**بەدىلى:** زەھرەمۆھرە.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەلھەم دورىلار.

# كالىيزىرە

**باشقا نامى:** هۇماما.

**تونۇش:** بۇ، مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق، زاراڭزىغا ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئېگىزلىكى 120 سانتىمېتىر كېلىدۇ؛ يوپۇرمىقى بىرئاز ئۇزۇن، ئەتراپلىرى چىشلىق؛ گۈلىنىڭ رەڭگى كاسىنە گۈلىنىڭ رەڭگىگە ئوخشاش كۆك، ئۇرۇقمۇ كاسىنەنىڭ ئۇرۇقىغا ئوخشايدۇ، مېۋىسى كۈنۈس شەكىللىك تەمى ئاچچىق پۇراقلىق بولۇپ، مېۋىسى «كالىزىرە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** بەلغەمنى سۈرىدۇ، مەددە قۇرت چۈشۈرىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ. تېرىگە رەڭ بېرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 2 ~ 5 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** ئۆپكىگە قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** تاغ يالپۇزى.

**بەدىلى:** زىرە، رۇم بەدىيان، ئارپىبەدىيان.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياساللىلار:** مەتبۇخ ۋە مەجۇن دورىلار.

# كاۋا

**باشقا نامى**: كەدۇ.

**تونۇش**: بۇ، كاۋا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، پېلەك تاشلاپ ئۆسىدىغان، سامان غوللۇق، كاۋىغا ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، غولىنىڭ توغرا كەسمە يۈزى بەش بۇرجەك شەكىلدە، گۈلى سېرىق كېلىدۇ. ئۇنىڭ مانتا كاۋىسى، تونۇر كاۋىسى ۋە سەي كاۋىسى قاتارلىق كۆپ خىل تۈرلىرى بولۇپ، مېۋىسىنىڭ شەكلىمۇ ھەر خىل بولىدۇ. ئادەتتە ھەممىسى ئىستېمال قىلىنىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى «كاۋا» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى**: ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

**چىقىش ئورنى**: ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى**: مەددە قۇرت چۈشۈرىدۇ، تەرەتنى راۋانلاشتۇرىدۇ، سۈت پەيدا قىلىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ، زەھەر قايتۇرىدۇ، ھامىلىنى ئاسرايدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى**: ئەھۋالغا قاراپ 30 ~ 60 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى**: سوغۇق مىزاجلىقلاردا باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى**: قارىمۇچ، پىلپىل.

**بەدىلى**: پىدىگەن.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى**: قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار**: كۆكتات ئورنىدا ئىستېمال قىلىنىدۇ.

# كاۋا ئۇرۇقى

**باشقا نامى:** بەزرۇلقەلئى، تۇخۇمى كەدۇ.

**تونۇش:** بۇ، كاۋا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق پېلەك تارتىپ ئۆسىدىغان، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك كاۋىنىڭ ئۇرۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، شەكلى ياپىلاق، ئېللىپىس شەكىللىك، سىرتقى يۈزى سارغۇچ، ئاق رەڭلىك، ئۇنىڭ ئىچىدىن ئۆزىنىڭ شەكلىگە ئوخشاش ھالەتتە مېغىزى چىقىدۇ، مېغىزنىڭ رەڭگى يېشىلغا مايىل سارغۇچ بولۇپ، دورىغا ئاساسەن ئۇنىڭ مېغىزى ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** ھەر خىل مەددە قۇرتلارنى چۈشۈرىدۇ، سۈت پەيدا قىلىدۇ، جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ، سۈيدۈكنى راۋان قىلىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 10 ~ 15 گىرامغىچە.

**زەرەرى:** قورساقنى ئىسىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** زىرە، نانخا.

**بەدىلى:** بەرەڭگى كابۇلى.

**لايىقلاشتۇرۇشى:** مېغىزىنى پاكىز ئېلىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** ھەب، مەجۇن دورىلار.

# كاۋاۋىچىن

باشقا نامى: كابابەخەندان.

تونۇش: بۇ، سۇزاپ ئائىلىسىدىكى ئېگىزلىكى 3 ~ 7 مېتىر ئۆسىدىغان چاتقال ياكى كىچىك ياغاچ غولluق ئۆسۈملۈك كاۋاۋىچىن بولۇپ، مېۋىسىنىڭ كۆپىنچىسى يەككە ئۆسكەن بولۇپ، تېشى قىزىل رەڭدە، كۆپ ساندا تارقاق سۆگەلسىمان كۆتۈرۈلۈپ چىققان ماي نۇقتىلىرى بار، تەمى ئاچچىق، پۇرىقى كۈچلۈك كېلىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى «كابابەخەندان» ياكى «كاۋاۋىچىن» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: ئېلىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدىن ھەمدە ھىندىستان، ياۋروپا قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: ئېغىزنى خۇشبۇي قىلىدۇ، چاچنى قۇۋۋەتلەيدۇ، يەل ھەيدەيدۇ، ئاشقازان ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ، يەل تارقىتىدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، ئېغىزنى خۇشبۇي قىلىدۇ، چاچ تۆۋىنى چىڭىتىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 2 ~ 3 گىرام.

زەرەرى: دوۋساققا زىيان قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: نېلۇپەر، مەستىكى، ئاق سەندەل.

لايىقلاشتۇرۇشى: قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

بەدىلى: ئاقىرقارھا.

# كەپە يىلتىزى

**باشقا نامى:** كەبىر دەرىخى يىلتىزى.

**تونۇش:** بۇ، كەپە ئائىلىسىدىكى يەردە يېتىپ يېلەكسىمان ئۆسىدىغان كۆپ يىللىق يېرىم چاتقال ئۆسۈملۈك كەپە بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى «كەپە يىلتىزى»، ئۇرۇقى «كەپە ئۇرۇقى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** قۇرغاق قۇملۇق ۋە شېغىللىق، پەس تاغ باغرىلىرىدا ئۆسىدۇ؛ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە يەرلىرىدىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** يەل تارقىتىدۇ، ياللۇغ قايتۇرىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، ھۆللۈكنى قۇرۇتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 3 ~ 7 گىرام.

**زەرەرى:** تېرىنى زەخىملەندۈرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** گۈل يېغى.

**بەدىلى:** قىچا.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەتبۇخ دورىلار.

# كەپرەس

باشقا نامى: كوفرەس.

تونۇش: بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا سىماب، گۈل ئەرمىنى، ئاق زاك، تاشتۇز قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 12 گىرامدىن ئېلىپ، ھەممىسىنى بىرلەشتۈرۈپ يۇمشاق سالايە قىلىپ، سۇ بىلەن قايتا يۇمشاق سالايە قىلىپ يۇغۇرۇپ، كىچىك ـ كىچىك توقاچ ياساپ قۇرۇتۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەر خىل لوئابلار بىلەن سۇۋالغان ساپال قاچىنىڭ تېگىگە تۇز سېلىپ، ئۈستىگە توقىچاقلارنى سېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىنى گۈل ۋە جەۋزىماسىلنىڭ شىرنىسى بىلەن سۇۋاپ، ئاۋۋالقى قاچىنىڭ ئۈستىگە دۈم قويۇپ، ئاندىن ھەر ئىككى قاچىنىڭ ئۈستىدىن گىل ھېكمەت قىلىپ قۇرۇتۇپ، ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ئەتراپىدا كالا تېزىكى بىلەن ئوت يېقىپ سوۋۇغاندا ئېلىنىدۇ، قاچىنىڭ تېگى ۋە ئەتراپىغا ئۇيۇغان نەرسە «كەپرەس» بولىدۇ. ھازىر زامانىۋى ئۇسۇل بىلەن تەييارلانغان كەپرەس ئىشلىتىلىدۇ. كەپرەس ياپىلاقسىمان كىرىستال بولۇپ، خۇددى قار ئۇچقۇنىغا ئوخشايدۇ. كۈمۈشتەك پارقىراق كېلىدۇ. ئاسان ئۇۋۇلىدۇ ھەمدە ئاق رەڭلىك تالقانغا ئايلىنىدۇ.

چىقىش ئورنى: سىمابتىن ئۇيغۇر تېۋىپلىرى تەييارلايدۇ.

تەبىئىتى: ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق (زەھەرلىك).

خۇسۇسىيىتى: تېرىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، سۆيدۈك يولىدىكى تاشلارنى پارچىلايدۇ، قان تازىلايدۇ، قۇرۇتىدۇ، ئېرىتىدۇ، يەل تارقىتىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، مەنىي تۇتىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 0. 01 ~ 0. 02 گىرام.

زەرەرى: زەھەرلىك بولۇپ رەئىس ئەزالارغا زىيان قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: كالا سۈتى، شورپىلىق تاماق، كەتىرا.

بەدىلى: كۆشتە قىلىنغان سىماب.

لايىقلاشتۇرۇشى: كۆشتە قىلىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: مەلھەم دورىلار.

# كەترا

**باشقا نامى:** كەترا گوندى، سەمغى پەتدە.

**تونۇش:** بۇ، كەرىيا دەپ ئاتىلىدىغان ناھايىتى چوڭ تىكەنلىك دەرەخنىڭ يېلىمى بولۇپ، ئەگرى ـ بۈگرى مۈڭگۈزسىمان، يېرىم سۈزۈك ياكى سۇس سارغۇچ، تەمسىز، پۇراقسىز يېلىمدىن ئىبارەت بولۇپ، «كەترا» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ھىندىستان، ئىران، تۈركىيە، گىرېتسىيە، سۈرىيە قاتارلىق جايلىرىدىكى تاغ ئورمانلىق، چاتقاللىقلاردا كۆپ ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ، يۆتەل توختىتىدۇ، ئەت ئۈندۈرىدۇ، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ، ئۆپكە، تال ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 8 ~ 20 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** رۇمبەدىيان.

**بەدىلى:** سەمغى ئەرەبى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** لوئوق دورىلار.

# كەتىراچىنى

باشقا نامى: كەتىرا.

تونۇش: بۇ، پۇرچاق ئائىلىسىدىكى 50 ~ 80 سانتىمېتىر ئۆسىدىغان، كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك شىنجاڭ كەتىراسى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى «كەتىراچىنى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن كۆپ چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: تېرىنى يۇمران قىلىدۇ، جاراھەت پۈتتۈرىدۇ، گۆش ئۈندۈرىدۇ، سۆيدۈك راۋانلاشتۇرىدۇ، تەرلەشنى توختىتىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 8 ~ 15 گىرام.

زەرەرى: ئۈچەيدە توسۇلۇش پەيدا قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: بادام يېغى.

بەدىلى: كەتىرا.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياساللىلار: قايناتما دورىلار.

# كەرەپشە چۆپى

**باشقا نامى:** بەرگى كەرەپشە.

**تونۇش:** بۇ، كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق، كەرەپشىگە ئوخشاش ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، يوپۇرماق سېپى تۇم ۋە چوڭ بولۇپ، رەڭگى سېرىق ۋە يېشىل كېلىدۇ؛ گۈلى ئاق، مېۋىسى كىچىك سوقچاق بولىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى «كەرەپشە چۆپى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** تۇسالغۇلارنى ئاچىدۇ، يەل تارقىتىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 7 ~ 10 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** ھامىلدار ئاياللار، ئىسسىق مىزاج كىشىلەر ۋە سەرئى كېسەللىكلىرىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** رۇمبەدىيان، مەستىكى.

**بەدىلى:** جۇۋنە.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** قايناتما دورىلار.

# كەردپشە ئۆرۈقى

باشقا نامى: تۇخۇمى كەرەپشە.

تونۇش: بۇ، كۈنلۈكسمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك كەرەپشىنىڭ ئۇرۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇرۇقى كىچىك، جۇۋىنىگە ئوخشايدۇ، كۈچلۈك پۇراقلىق، رەڭگى قوڭۇرغا مايىل سارغۇچ كۆك رەڭدە كېلىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋان قىلىدۇ. توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ. يەل تارقىتىدۇ، تاماق سىڭدۈرىدۇ. ھەزىمگە ياردەم بېرىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: ئىككى گىرام.

زەرەرى: ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: كەتىرا، بادام مېغىزى.

بەدىلى: نانخا، زىرە.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: چىلانىما دورىلار.

# كەرەپشە يىلتىزى

**باشقا نامى:** بىخ كەرەپشە.

**تونۇش:** بۇ، كۆنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك كەرەپشىنىڭ يىلتىزىدىن ئىبارەت بولۇپ، سىلىندىرسىمان شەكىلدە، رەڭگى قارامتۇل قىزىلغا مايىل، تەمى ئاچچىق، بىر ئاز پۇراقلىق، قاتتىق بولىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 6 ~ 10 گىرامغىچە.

**زەرەرى:** باشنى قايدۇرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل.

**بەدىلى:** كەرەپشە ئۇرۇقى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** شەربەت ۋە مەتبۇخ دورىلار.

# كەركىدان مۈڭگۈزى

باشقا نامى: قەرنىل ھەرىبىن.

تونۇش: بۇ، قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان چوڭ ھايۋانات تۈرلىرىدىن بىرى بولغان كەركىدان ئائىلىسىدىكى ھايۋانات بىر قانچە خىل كەركىداننىڭ مۈڭگۈزىدىن ئىبارەت. بۇ مۈڭگۈزلەر كونۇس شەكىللىك بولۇپ، تۈۋىدىن چىققانىسىرى تەدرىجىي ئىنچىكىلەيدۇ، سىرتقى يۈزى قارا رەڭلىك، ئاستى تەرىپىنىڭ ئەتراپىدا ھەرە چىشىسىمان چىشلىرى بولىدۇ، خۇش پۇراق، تەمى ئاچچىق ئەمەس.

چىقىش ئورنى: ھىندىستان ۋە ئافرىقىدىن كۆپرەك چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: قان توختىتىدۇ، جاراھەت پۈتتۈرىدۇ، تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرىدۇ، مىزاجنى تەڭشەيدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: سىرتتىن ئەھۋالغا قاراپ بېرىلىدۇ، ئىچىدىن 3 ~ 7 گىرامغىچە.

زەرەرى: باش ئاغرىتىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: ئاق سەندەل.

بەدىلى: بۇغا مۈڭگۈزى

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: تالقان ۋە سۇفۇپ دورىلار.

# كەكرە چۆپى

**باشقا نامى:** كەمادەريوس.

**تونۇش:** بۇ، مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق، كەكرىگە ئوخشاش ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 50 سانتىمېتىر كېلىدۇ؛ يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، باشسىمان گۈل رېتى شاخلىرىنىڭ ئۇچىدە يەككە ئۆسىدۇ، ئومۇمىي ئورىغۇچى يوپۇرماقلىرىنىڭ سانى كۆپ، بىرنەچچە قەۋەت بولۇپ تىزىلىدۇ، گىرۋەكلىرى پەردىلىشىدۇ، شەكلى بىلىق تەڭگىلىرىگە ئوخشايدۇ، گۈلى سۇس بېغىر رەڭ كېلىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى «كەكرە»، «بەرگى كەكرە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى دالا، يول بويلىرى قاتارلىق بىرقەدەر قۇرغاق يەرلەردە ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ، قاننى جانلاندۇرىدۇ، زەھەر تارقىتىدۇ، ھارارەتنى پەسەيتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** ئۆچەيگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا

**بەدىلى:** غاپەس.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياساللىلار:** مەلھەم، مەجۇن دورىلار.

# كەكرە ئۇرۇقى

باشقا نامى: تۇخۇمى كامادەريوس.

تونۇش: بۇ، مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك كەكرىنىڭ قۇرۇتۇلغان ئۇرۇقى بولۇپ، شەكلى تۇخۇم شەكىللىك، خۇددى كۈنجۈتكە ئوخشاپ كېتىدۇ، رەڭگى سارغۇچ ئاق، تەمى ئاچچىق كېلىدۇ.

چىقىش ئورنى: يول بويلىرى ۋە قۇرغاق يەرلەردە ئۆسىدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، تەرەتنى يۇمشىتىدۇ، تېرىنى پارقىرىتىدۇ، قىزىتما قايتۇرىدۇ، زەھەر قايتۇرىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 5 ~ 7 گىرام.

زەرەرى: ئىسسىقچان كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: ھەسەل، بىنەپشە.

بەدىلى: تەرخەمەك ئۇرۇقى.

لايىقلاشتۇرۇشى: ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: مەجۇن، مەلھەم دورىلار.

# كەندىر چۆپى

باشقا نامى: بەرگى قەنەب.

تونۇش: بۇ، ئۇجمە ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق، كەندىرگە ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، تاق جىنسلىق، تاتلىق؛ ئانىلىقى ئايرىم، يوپۇرمىقى ئالقانسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق بولۇپ، كىچىك يوپۇرماقلىرى تىمىنە شەكىللىك، گۈلى سۇس يېشىل، تالالىرىدىن ئارغامچا ئېشىشكە بولىدۇ، ئۇرۇقىدىن ياغ تارتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ جەنۇبىدىن كۆپ چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

خۇسۇسىيىتى: ئاغرىق پەسەيتىدۇ، قىزىتما قايتۇرىدۇ، كۆڭۈلنى خۇش قىلىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، مەنىي تۇتىدۇ، ئۇيقۇ كەلتۈرىدۇ، مەست قىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: ئەھۋالغا قاراپ 12 ~ 20 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

زەرەرى: مېڭىگە ۋە نېرۋا ئاجىزلىقىغا زىيان قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: قايماق، ھەسەل

بەدىلى: كۆنجۈت، پىستە.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قورۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ياساللىرى: زىمات، قايناتما دورىلار.

# كەندىر ئۇرۇقى

باشقا نامى: بەڭ، بەزۇرۇلقەنەب.

تونۇش: بۇ، ئۈجمە ئائىلىسىدىكى ئېگىزلىكى 1 ~ 3 مېتىر ئۆسىدىغان، بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك كەندىر بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى «بەڭ» ياكى «بەزۇرۇلقەنەب» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە يەرلىرىدە تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

خۇسۇسىيىتى: ئاغرىق پەسەيتىدۇ، قىزىتما قايتۇرىدۇ، كۆڭۈلنى خۇش قىلىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، مەنىي تۇتىدۇ، ئۇيقۇ كەلتۈرىدۇ، مەست قىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: ئۈچ گىرام.

زەرەرى: كۆپ ئىشلىتىپ ئادەتلەنسە، ئۇيقۇنى قاچۇرىدۇ، مېڭە خىزمىتىنى قالايمىقانلاشتۇرىدۇ، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ، مالىخولىيا ۋە ساراڭلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: قايماق، سۈت، سىركەنجۇبىل، ھەسەل.

بەدىلى: كۈنجۈت، ئىتياڭقى ئۇرۇقى.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قورۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: سۇفۇپ، مەجۇن دورىلار.

# كەھرىۋا

**باشقا نامى:** كەھرىبا.

**تونۇش:** بۇ، پىناتسىيە دەيدىغان بىر خىل چوڭ دەرەخنىڭ يېلىمى بولۇپ، بۇ دەرەخ ئەرەبچىدە «خۇز» دېيىلىدۇ، ناھايىتى سوغۇق جايلاردا ئۆسىدۇ، مۇشۇ دەرەختىن سىزىپ چىققاندىن كېيىنكى يېلىمنى يەرگە بىر يىلدىن ئارتۇقراق كۆمۈپ قويۇش ئارقىسىدا بۇ دەرەخنىڭ يېلىمى تاشقا ئوخشاش قاتىدۇ، بەزىدە تامغان بۇ يېلىمغا سامان، ئۇششاق تاش ۋە ھاشاراتلار ئارىلىشىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. مۇشۇ قېتىشىما «كەھرىۋا» ياكى «قەھرىۋا» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. كەھرىۋانىڭ دەرىخى ئىككى خىل بولىدۇ، بىرى رۇمى يەنى (ياۋروپانىڭكى)، يەنى بىرى «نىپتى» دۇر، بۇنىڭ ياخشىراقى «رۇمى» بولۇپ، قاتتىق، سۇزۇك، پارقىراق، تىللا رەڭگىدە سېرىق بولىدۇ، ئوتقا سالسا ئۇزۇندا ئېرىيدۇ، ئەگەر بۇنى قولغا سۇركىسە قىزىپ، ئۇنىڭدىن لىمون سۈيىنىڭ پۇرىقى كېلىدۇ، ئۇششاق سامانلارنى تارتىدۇ، پاختا ۋە يىپنىمۇ تارتىدۇ، بۇ يېلىمنى كەھرىۋا يەنى ساماننى تارتقۇچى دەپ ئاتاشنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ بولسا كېرەك.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزدىكى گۇاڭشى، خېنەن، لياۋنىڭ ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى، بېرما، بۇلغارىيە، ئىسپانىيە، گېرمانىيە قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** كۆڭۈلنى خۇش قىلىدۇ، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، بارلىق ئەزالارنىڭ ئىچكى ۋە سىرتقى قاناشلىرىدا قاننى توختىتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئىككى گىرام.

**زەرەرى:** ئىسسىقچان كىشىلەردە باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بىنەپشە.

**بەدىلى:** سۇندۇرۇس.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** سالايە قىلىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** قۇرس، زىمات دورىلار.

# كۆچۈلا

باشقا نامى: ئازاراقى.

تونۇش: بۇ، كۆچۈلا ئائىلىسىدىكى ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈك كۆچۈلانىڭ پىشقاندىن كېيىن قۇرۇتۇلغان ئۇرۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، شەكلى تۈگمىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، رەڭگى ئاقۇچ توپا رەڭدە، ئۈستىدە ناھايىتى نېپىز بىر قات تۈكلەش تۈۋتلىرى بار، تەمى ناھايىتى ئاچچىق، زەھەرلىك، پۇرىقى سۇس بولىدۇ.

چىقىش ئورنى: ئېلىمىزنىڭ يۈننەن ئۆلكىسىدىن ھەم ھىندىستان، مالايشىيا، سىنگاپور، تايلاند، ۋيېتنام قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: پەينى قۇۋۋەتلەيدۇ ۋە پەي بىلەن گۆشلەرنى چىڭىتىدۇ، مەنىي تۇتىدۇ، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتىدۇ، ئاغرىق توختىتىدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنى ۋە يۈرەكنى قوزغىتىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: يالغۇز ئىشلىتىلمەيدۇ، مەجۇن ياكى سۇفۇپ تەييارلاپ، بىر قېتىمدا 0.2 گىرامدىن ئاشۇرماي بېرىلىدۇ، بالىلارغا بېرىلمەيدۇ.

زەرەرى: بۇ دورىنى كۆپ سەتمىدىن ئارتۇق ئىستېمال قىلسا، پەيلەرنى ۋە پۈتۈن بەدەننى تارتىشتۇرۇپ قويىۇشى، ھەتتا ھاياتقا خەۋپ كەلتۈرۈپ قويىۇشى مۇمكىن.

تۈزەتكۈچىسى: بادام يېغى، سۈت.

بەدىلى: بالادۇرئەسەلى.

لايىقلاشتۇرۇشى: بۇ دورا زەھەرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى قائىدە بويىچە زەھەرسىزلەندۈرۈش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: مەجۇن، ھەب دورىلار.

# كۇندۇر

باشقا نامى: كۇندۇرۇس.

تونۇش: بۇ، زەيتۇن دەرىخى ئائىلىسىدىكى كىچىك دەرەخ كارتېرى كۇندۇر دەرىخىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ دەرەخنىڭ يېلىمى «كۇندۇر» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئىمپورت قىلىنغان كۇندۇر ئادەتتە سومالى كۇندۇرى ۋە ئېفىيوپىيە كۇندۇرىدىن ئىبارەت بولۇپ، سومالى كۇندۇرى ئۇزۇن، يۇمىلاق، دانچە ياكى بىر - بىرىگە يېپىشىپ كەتكەن مونەكلەردىن ئىبارەت. سىرتقى يۈزى ئاق ۋە سۇس سېرىق رەڭلىك، تەمى سەل ئاچچىق، ئالاھىدە خۇش پۇراق كېلىدۇ. ئېفىيوپىيە كۇندۇرىنىڭ سىرتقى يۈزى تەكشى بولمايدۇ، ئۇششاق دانچىسىمان شەكىلدە بولۇپ، سۇس سارغۇچ ئاق رەڭلىك ياكى سۇس سارغۇچ يېشىل رەڭلىك بولىدۇ، تەمى ئاچچىقراق، لىمونلەك پۇرىقى بار.

چىقىش ئورنى: ئېفىيوپىيە، سۇدان، جەنۇبىي ئەرەبىستان، سومالى قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق

خۇسۇسىيىتى: ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، ھۆللۈكنى قۇرۇتىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى ۋە ھۆل سوغۇق كەيپىياتنى تەڭشەيدۇ، چىرىشكە قارشى تۇرىدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ، پارقىرىتىدۇ، قان توختىتىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 1 ~ 6 گىرام.

زەرەرى: كۆپ ئىشلەتسە ئىسسىق مىزاج كىشىلەردە باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: تەمرىھىندى، نېلۇپەر.

بەدىلى: مەستىكى.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: تالقان ۋە مەجۇن دورىلار.

# كۆندۈش

باشقا نامى: بىخ گاۋزىبان، كىندىش.

تونۇش: بۇ، بوتا كۆز ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك ھىندىستان گاۋزىبانىنىڭ يىلتىزىدىن ئىبارەت بولۇپ، شەكلى ئاچچىق قۇستىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، سىرتقى قارىغا مايىل، ئىچى سېرىققا مايىل، پۇرىقى ناھايىتى ئۆتكۈر كېلىدۇ.

چىقىش ئورنى: ئېلىمىزنىڭ ئىسسىق بەلباغ رايونلىرىدىن ھەم ھىندىستان قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: پەي ۋە مۇسكۇللارنى چىڭىتىدۇ، چۈشكۈرتىدۇ، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى سۈرىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، كۆرۈش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ، يەل تارقىتىدۇ، ئەزالار سېزىمىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 0.3 ~ 0.5 گىرام.

زەرەرى: ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ، كۆكرەكنى ئېلىشتۇرۇپ بىئارام قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: كەتىرا، يىڭى سېغىلغان سۈت.

بەدىلى: ئاچچىق قۇستە.

لايىقلاشتۇرۇشى: ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: بۇخۇر، مەلھەم دورىلار.

# كۆپۈكى دەريا

باشقا نامى: كەپكى دەريا، سەمەندەرجاگ.

تونۇش: بۇ، سېپىيە ئائىلىسىدىكى ھايۋانات سېپىللا سياھېبىلىقى ياكى سېپىللا سياھېبىلىقنىڭ ئىچكى قېپى بولۇپ، بۇ بېلىقنىڭ گۆشى، قېپى ۋە قارا خالتىسىدىكى قارا سۇيۇقلۇقى «كۆپۈكى دەريا» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: ئېلىمىزنىڭ دېڭىز بويلىرى رايونلىرى ۋە چەت ئەللەردىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: ئاشقازان كىسلاتاسىنى چەكلەيدۇ، كۆكۈل ئېلىشىشنى پەسەيتىدۇ، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ، قان توختىتىدۇ، جاراھەت قۇرۇتىدۇ، كۆز ياشانغىراشنى ئازايتىدۇ، يىرىڭلىق زەخىمنى پۈتتۈرىدۇ، تىراخوما دانچىلىرىنى يوقىتىدۇ، ئاق خۇننى توختىتىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 1 ~ 2 گىرام.

زەرەرى: ئىسسىق مىزاج كىشىلەرنىڭ ئۇيقۇسىنى قاچۇرىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: قاپاق مېغىزى يېغى.

بەدىلى: كاتھىندى.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: سۇفۇپ دورىلار.

# كۆك ئامۇت

**باشقا نامى:** ئەمرۇت بوستانى.

**تونۇش:** بۇ، ئەترگۇل ئائىلىسىدىكى، ئالۇچىغا ئوخشاش يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخنىڭ بىر خىل سورتى بولۇپ، غولى ئېگىز ۋە ئەگرى-بۈگرى ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى سوزۇنچاق، مېۋىسىنىڭ ساپاق تەرىپى ۋە تۇمشۇق تەرىپى سوزۇنچاق، ئوتتۇرىسى قورساقلىق كېلىدۇ. پوستى قېلىن، ئەسلىي رەڭگى سارغۇچ يېشىل ياكى ئاچ يېشىل بولىدۇ، ساقلىغاندىن كېيىن سارغىيىدۇ، گۆشى يۇمشاق، سۇلۇق، تەمى چۈچۈمەلرەك، شېرىنلىك كېلىدۇ. 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ پىشىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ جەنۇبىدا كۆپ ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** ئاشقازان ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، قورساقنى ئاچۇرىدۇ، قان ۋە سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىدۇ، كېرەكسىز گازلارنىڭ مېڭىگە ئۆرلىشىنى توسىدۇ، ساپ قان پەيدا قىلىدۇ، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ، تەپنى ۋە ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** سوغۇق مىزاجلىق كىشىلەرنىڭ ئاشقازىنىغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** زەنجىۋىل.

**بەدىلى:** نەشپۈت.

**لايىقلاشتۇرۇشى:** ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** شەربەت دورىلار.

# كۆك ئەمەن

باشقا نامى: بوۋى مادەريان.

تونۇش: بۇ، مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق، ئەمەنگە ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئېگىزلىكى 0.4 ~ 1.2 مېتىر كېلىدۇ؛ غولى تىك، شاخلىرى كۆپ؛ يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، ئىككى ـ ئۈچ قايتىلىنىپ پەيسىمان يېرىلغان. ھەربىر يېرىقچە يوپۇرماقلىرى ئۇزۇن تۇخۇمسىمان ياكى كەڭرەك يىپسىمان بولىدۇ؛ گۈل رېتى باشسىمان، گۈلى يېرىم شار شەكىلدە، دىيامېتىرى 4 ~ 6 مىللىمېتىر غىچە كېلىدۇ، رەڭگى سېرىق، ئۈتكۈر پۇرىقى بار. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى «كۆك ئەمەن» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى داللار، تاغ باغرى، يول بويلىرى، ئېرىق ياقىلىرىدا ئۆسىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: زەھەرنى قايتۇرىدۇ، سوغۇقتىن بولغان قىزىتمىنى پەسەيتىدۇ، قاننى تازىلايدۇ، قان توختىتىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: ئەھۋالغا قاراپ 1 ~ 3 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

زەرەرى: ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: ھەسەل، زىرە.

بەدىلى: مودەن يىلتىزى پوستى.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: مەتبۇخ دورىلار.

# كۆكتاش

باشقا نامى: دانە پەرەڭ.

تونۇش: بۇ، سۇلفات كىسلاتا تۇزلىرى تۈرىدىكى كان ماددىسى كۆكتاشنىڭ كىرىستال رۇدىسى ياكى سۇنئىي ياسالما بولۇپ، تەركىبىدە سۇ تۇتقان مىس سۇلفات كىسلاتاسىدۇر. مىس كانلىرىدىن قېزىپ ئېلىپ، كۆك رەڭلىك ۋە سۈزۈكلىرى تاللىۋېلىنىدۇ، بۇ رۇدىنىڭ تازىلاپ ئېلىنغان ماددىسى ياكى سۇنئىي ياسالغىنى «كۆكتاش» ياكى «دانە پەرەڭ» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۆلچەمسىز كاللەك شەكىللىك كىرىستال جىسىم، رەڭگى قېنىق كۆك ياكى سۇس كۆك، يېرىم سۈزۈك بولىدۇ، ئەينەكتەك پارقىرايدۇ، ئۆزى چۈرۈك بولۇپ، ئاسان ئېزىلىدۇ، تەمى قېرىق، پۇراقسىز بولىدۇ.

چىقىش ئورنى: ئېلىمىزنىڭ يۈننەن، شەنشى، گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى قاتارلىق جايلىرىدىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: جاراھەت قۇرۇتىدۇ، بۇزۇق گۆشنى تازىلايدۇ. غەيرىي تەبئىي بەلغەم خىلتىنى تەگشەيدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: زەھەرلىك، سىرتتىن مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ.

زەرەرى: سىرتتىن ئىشلىتىلىدۇ، مىقدارىدىن ئېشىپ كەتسە زىيان قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: قايماق، سۈت، تۇخۇم ئېقى، شورپا.

بەدىلى: مەدەستان.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: زەھەرسىزلەندۈرۈش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: زىمات دورىلار.

# كۆك ماش

**باشقا نامى:** مۇنگ، ماش.

**تونۇش:** بۇ، پۇرچاق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق، ياۋا ماشقا ئوخشاش، تىك ياكى سەل يۆگىمەچ ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈك بولۇپ، دېنى ماشتىن يوغان، سېرىق پۇرچاقتىن سەل كىچىكرەك، رەڭگى ئاق، سېرىق ۋە قارا بولىدۇ. قوشۇمچە يېمەكلىكلەر ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** قان تازىلايدۇ، سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، قىزىتما پەسەيتىدۇ، ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 50 ~ 70 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** سوغۇق مىزاج كىشىلەردە باش قېيىشنى پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** زىرە، قەلەمپۇر، دارچىن، قارىمۇچ، زەنجىۋىل.

**بەدىلى:** باقىلە، ماش، نوقۇت.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** پوستىدىن ئايرىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياساللار:** قايناتما دورىلار.

# كۆكنار پوستى

**باشقا نامى:** پوستى خەشخاش.

**تونۇش:** بۇ، ئەپيۇنگۈل ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك كۆكنارنىڭ پىشقان غوزىسىنىڭ قۇرۇتۇلغان پوستى بولۇپ، رەڭگى ئاق سېرىققا مايىل، خۇددى كېۋەز غوزىسىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، ئۈزى بىر ئاز قاتتىق ھەم چۈرۈك، ياغاچلىق كېلىدۇ. كۆكنار غوزىسىنىڭ ئىچىدىكى ئۇرۇقلىرىنى ئايرىۋېتىلگەندىن كېيىنكى پوستى «كۆكنار پوستى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدا تېرىسا ئۈنىدۇ، ھازىر بولۇپمۇ ئافغانىستان، ھىندىستان، ئىران، تۈركىيە، بۇلغارىيە قاتارلىق جايلاردىن كۆپ چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** مەست قىلىدۇ، ئۇيقۇ كەلتۈرىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، قان توختىتىدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 4 ~ 12 گىرام.

**زەرەرى:** مېڭىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بەدىيان، ھەسەل، مەستىكى.

**بەدىلى:** ياۋا ئوسۇلۇك چۆپى.

**لايىقلاشتۇرۇشى:** ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** شەربەت، لوئوق دورىلار.

# كۆكنار غوزىسى

**باشقا نامى:** خەشخاش.

**تونۇش:** بۇ، ئەپيۇنگۈل ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق ئوت ساماندىن غول-لۇق، ئەپيۇنگۈلگە ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى ئۇزۇنچاق يۇمىلاق شەكىلدە، گۈلى قىزىل، ھال ياكى ئاق رەڭلىك بولىدۇ؛ مېۋىسى شار شەكىلدە بولۇپ، تېخى پىشمىغان ۋاقتىدا پوستىنى تىلىپ قويسا، ئەپيۇن ئىشلەشكە بولىدىغان بىر خىل شىرنە ئېقىپ چىقىدۇ. پىشقان غوزىسى «كۆكنار غوزىسى» ياكى «خەشخاش» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** مەست قىلىدۇ، ئۇخلىتىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، كۆكرەكنى يۇمشىتىدۇ، مەنىينى كۆپەيتىدۇ ۋە تۇتىدۇ، قان توختىتىدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 2 ~ 3 گىرام، .

**زەرەرى:** مېڭىگە زىيانلىق.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل، مەستىكى.

**بەدىلى:** ياۋا كاھۇ.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** زىمات، لوئوق دورىلار.

# كۆكنار ئۇرۇقى

**باشقا نامى:** تۇخۇمى خەشخاش سەفىد.

**تونۇش:** بۇ، ئەپيۇنگۈل ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق ياكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق كۆكنارنىڭ پىشقان غوزا مېۋىسىنىڭ ئۇرۇقىدىن ئىبارەت. قۇرۇتۇلغان ئۇرۇقى ناھايىتى ئۇششاق، رەڭگى ئاق ياكى قارا بولىدۇ، ئاق رەڭدىكى ئۇرۇقى «ئاق كۆكنار ئۇرۇقى» ياكى «ئاق خەشخاش ئۇرۇقى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ سىرتقى يۈزىدە تورسىمان سىزىقچىلار بار، تەمى بىر ئاز ئاچچىق، يۇرىقى سۇس كېلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ بەلگىلەنگەن جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ، يەنە ھىندىستان، ئىران، تۈركىيە، بۇلغارىيە قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** سۈت ۋە مەنىينى كۆپەيتىدۇ، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، مەست قىلىدۇ، ئۇخلىتىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ. مېڭە، جىگەر، بۆرەك ۋە بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ساپ قان پەيدا قىلىدۇ، سەمرىتىدۇ، كۆكرەكنى يۇمشىتىدۇ، مەنىينى تۇتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 1 ~ 2 گىرام.

**زەرەرى:** باھنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، ھارارەتنى پەسلىتىدۇ، شۇڭا بالا ئېمىتىۋاتقان ياكى ھامىلىدار ئاياللارنىڭ ئىشلىتىشى مەنئى قىلىنىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل، بادام مېغىزى.

**بەدىلى:** كاھۇ ئۇرۇقى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** شەربەت، مەجۇن دورىلار.

# كۆممقوناق ساقلى

**باشقا نامى:** قوناق ساقلى.

**تونۇش:** بۇ، باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق، كۆممقوناققا ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، غولى 2 ~ 3 مېتىر ئەتراپىدا ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى ئۇزۇن ھەم چوڭ، گۈلى تاق جىنسلىق، ئاتىلىق ـ ئانىلىقى بىر تۈپتە بولىدۇ. دېنى سېرىق پۇرچاقنىڭكىدىن سەل چوڭراق بولۇپ، مۇھىم ئاشلىقلاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، ئۆت يولىنى راۋانلاشتۇرىدۇ، قان بېسىمىنى چۈشۈرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 15 ~ 30 گرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** سوغۇق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كۆممقوناق يىلتىزى، كەرەپشە. ئىپار، زەپەر.

**بەدىلى:** ئىپار، زەپەر. كۆممقوناق يىلتىزى، كەرەپشە.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەتبۇخ، چايلىق دورىلار.

316

# كۆدە

باشقا نامى: كورراس، گەندىنا.

تونۇش: بۇ، گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق، شاقاقۇلغا ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى ئىنچىكە، ئۇزۇن ھەم ياپىلاق، گۈلى ئاق، ئادەتتىكى كۆكتاتلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆسىدۇ.

تەبىئىتى: ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، ئىچنى يۇمشىتىدۇ، زەھەر قايتۇرىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ، جىگەر ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: ئەھۋالغا قاراپ 18 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

زەرەرى: تەستە سىڭىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: يۇمغاقسۈت، ھۆل كاسنە

بەدىلى: پىياز.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: ھەب، زىمات دورىلار.

# كۇدە ئۇرۇقى

باشقا نامى: تۇخۇمى كەندىنا، تۇخۇمى كۇرراس.

تونۇش: بۇ، گۇلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك كۇدە بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ هۆل يوپۇرمىقى «كۇرراس»، ئۇرۇقى «تۇخۇمى كۇرراس» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: ئېلىمىزنىڭ هەرقايسى جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

تەبئىتى: ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، ئىچىنى يۇمشىتىدۇ، زەهەر قايتۇرىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 18 گىرام.

زەرەرى: ئىسسىقچان كىشىلەرگە زىيانلىق.

تۈزەتكۈچىسى: بىنەپشە، نىلۇپەر.

بەدىلى: كۇدە، پىياز ئۇرۇقى.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قورۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: مەجۇن دورىلار.

# كۆمۈش ۋاراق

باشقا نامى: ۋەرەقى نۇقرە.

تونۇش: بۇ، تەبىئىي كۆمۈشنى ئالاھىدە ئۇسۇللار بىلەن سوقۇپ تەييارلانغان، قەغەزدەك نېپىز ھالەتتىكى پارچىسى بولۇپ، بۇ مەدەننىڭ قەغەزگە يالىتىلغان نېپىز پارچىلىرى «كۆمۈش ۋاراق» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. رەڭگى كۆمۈش رەڭلىك، يەڭگىل، پارقىراق كېلىدۇ .

چىقىش ئورنى: ئېلىمىز ۋە چەت ئەللەردىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

خۇسۇسىيىتى: كۆڭۈلنى خۇش قىلىدۇ، مېڭە ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 3 ~ 5 دانە.

زەرەرى: ئۈچەيدە قۇرۇقلۇق پەيدا قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: كەتىرا، ھەسەل، بادام مېغىزى.

بەدىلى: كۆمۈشنىڭ داغمال سۈيى ياكى كۆمۈش كۈشتىسى.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: كۈشتە قىلىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: خېمىر، مۇپەررىھ دورىلار.

## كۈنجۈت

**باشقا نامى:** سىم سىم.

**تونۇش:** بۇ، كۈنجۈت ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق، كۈنجۈتكە ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، غولى تىك، تۆۋەنكى قىسمى يۇمىلاق، ئۈستۈنكى قىسمى ئادەتتە تۆت قىرلىق كېلىدۇ. يوپۇرمىقىدا تۈكچىلىرى بولىدۇ، گۈلى ئاق، غوزا مېۋىسىنىڭ قىرلىرى بار، يوپۇرمىقى كىچىك ھەم ياپىلاق، مېۋىسى ئاق، قارا، سېرىق، قوڭۇر قاتارلىق ئوخشىمىغان رەڭلەردە بولىدۇ. ئادەتتە ئېقى دورىغا كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** بەدەننى سەمرىتىدۇ، سۈت ۋە مەنىينى كۆپەيتىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ، بوۋاسىر قېنىنى توختىتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 15 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** ھەزىمنى بۇزىدۇ ياكى تەستە ھەزىم بولىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** پىياز سۈيى

**بەدىلى:** بادام مېغىزى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قورۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** قايناتما، مەجۇن دورىلار.

# كشمىش

باشقا نامى: قىشمىش، سايىك ئۈزۈم.

تونۇش: بۇ، ئۈزۈم ئائىلىسىدىكى پېلەك غوللۇق دەرەخ ئۈزۈمتالنىڭ مېۋىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، قۇرۇتۇلغان مېۋىسى ئېللىپىس شەكىللىك، رەڭگى كۆك، تەمى تاتلىق كېلىدۇ.

چىقىش ئورنى: ئېلىمىزنىڭ ھەممە يەرلىرىدىن، بولۇپمۇ خوتەن، تۇرپان، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىن كۆپرەك چىقىدۇ.

تەبىئىتى: بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

خۇسۇسىيىتى: غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنى سۈرىدۇ، كۆڭۈلنى خۇش قىلىدۇ، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، بۇزۇق ماددىلارنى تارقىتىدۇ، ئۈچەينى يۇمشىتىدۇ، كۆكرەكنى بوشىتىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 7 ~12 گىرام.

زەرەرى: سوغۇق مىزاج كىشىلەردە باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: پىننە، بەدىيان.

بەدىلى: مۇناقى ئۈزۈم.

لايىقلاشتۇرۇشى: ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: مەتبۇخ، شەربەت دورىلار.

# كېلەر

**باشقا نامى:** سوسمار.

**تونۇش:** بۇ، پاتمىچۇق ئائىلىسىدىكى ھايۋانات كېلەر بولۇپ، بۇ ھايۋاننىڭ ئىچكى ئەزالىرى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىنكى قۇرۇتۇلغان تېنى «كېلەر» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بېشى چوڭ، ياپىلاق، ئۇزۇن، كۆزى چوڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، دۇمبىسى قارامتۇل كۈل رەڭ ياكى كۈمۈش رەڭ، ئۆزى قاتتىق، ئازراق سېسىق پۇرايدۇ، تەمى ئاچچىقراق كېلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى، يۈننەن، شىنجاڭدىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** يەل ھەيدەيدۇ، ئۆپكە- كانايىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، باھىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، تىنچلاندۇرىدۇ، زىققىنى پەسەيتىدۇ، زەھەر قايتۇرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 5 ~ 10 گىرام.

**زەرەرى:** ئىسسىق مىزاج كىشىلەردە باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** يالپۇز، كاسنە، كاھۇ ئۇرۇقى.

**بەدىلى:** تاغلىق جايلار، چۆل - جەزىرىلەردە ياشايدىغان كېلەر.

**لايىقلاشتۇرۇشى:** قورۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چىقىدىغان ياسالمىلار:** مەلھەم ۋە سۇفۇپ دورىلار.

# كېۋەز چۆپى

باشقا نامى: بەرگى مىشتۈلغول.

تونۇش: بۇ، لەيلىگۈل ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق، كېۋەزگە ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، گۈلى ئاچ سېرىق، مېۋىسىنىڭ شەكلى ياڭاققا ئوخشايدۇ، ئىچىدە ئاق رەڭلىك تالا (پاختا) بىلەن قوڭۇر رەڭلىك ئۇرۇقى (چىگىتى) بولىدۇ. تالاسى توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ مۇھىم خام ئەشياسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى «كېۋەز چۆپى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: بۆرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، سۈت كۆپەيتىدۇ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئاغرىق توختىتىدۇ، قان توختىتىدۇ، بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ، قاننى جانلاندۇرىدۇ، يۆتەل ۋە دەم سىقىشنى توختىتىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: ئەھۋالغا قاراپ 8 ~ 20 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

زەرىرى: بەدىنى ئاجىز كىشىلەرگە زىيانلىق.

تۈزەتكۈچىسى: ھەسەل، قارىمۇچ.

بەدىلى: ئەينۇلا، ئامىلە.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياساللار: قايناتما دورىلار.

# كېۋەز چېچىكى

باشقا نامى: زۆھرۇلقۇتنى.

تونۇش: بۇ، لەيلىگۈل ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ياكى چاتقال كېۋەز غوزىلاشتىن ئىلگىرى ئېچىلغان چېچىكى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى «كېۋەز چېچىكى» ياكى «زۆھرۇلقۇتنى»، ئۇرۇقى «پەنپەدانە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: كۆپلىگەن رايونلىرى، بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ ھەممە يەرلىرىدە تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ، ھىندىستان، مىسىر قاتارلىق ئەللەردىمۇ چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: نېرۋىنى تىنچلاندۇرىدۇ، مېڭە ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 3 ~ 6 گرام.



زەرەرى: تومۇرلۇش پەيدا قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: ھەسەل.

بەدىلى: پەرەنجمىشكى.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: شەربەت دورىلار.

# گاۋزىبان

باشقا نامى: لىسانۇسسۇر.

تونۇش: بۇ، بوتا كۆز ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق، گاۋزىبانغا ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئېگىزلىكى 40 ~ 100 سانتىمېتىر كېلىدۇ؛ پۈتۈن تېنى قاتتىق تۈكچىلەر بىلەن قاپلانغان؛ يىلتىزى كونۇس شەكلىدە قارامتۇل قوڭۇر، غولى تىك ئۆسىدۇ؛ يوپۇرمىقى ئۇزۇن سوقىچاق ياكى تەتۈر تۇخۇم شەكلىدە بولىدۇ. تۆۋەندە ئۆسكەن يوپۇرماقلىرىنىڭ سېپى ئۇزۇن بولىدۇ؛ غولىدا ئۆسكەن يوپۇرماقلىرى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، يوپۇرماق ئالقىنى كىچىك بولىدۇ؛ ئومۇمىي گۈل رېتى ئۇچىدا ئۆسىدۇ، گۈلىنىڭ رەڭگى كۆكۈچ سۆسۈن، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى «گاۋزىبان» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تاغلىق دەريا ۋادىلىرى ۋە چىمەنلىكلەردە ئۆسىدۇ، پاكىستان، ھىندىستانلاردىنمۇ كېلىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: قىزىتما قايتۇرىدۇ، يۆتەل توختىتىدۇ، ئۆپكىنى سىلىقلاشتۇرىدۇ، قان توختىتىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: ئەھۋالغا قاراپ 5 ~ 10 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

زەرەرى: ئاشقازانغا زىيانلىق.

تۈزەتكۈچىسى: رۇمبەدىيان.

بەدىلى: گۈلى گاۋزىبان.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: مەتبۇخ دورىلار.

# گۈڭگۈرت

**باشقا نامى:** كىبرىت.

**تونۇش:** بۇ، تەبىئىي ئېلېمېنت تۈرىدىكى مەدەن گۈڭگۈرت بولۇپ، قېزىپ ئېلىنغاندىن كېيىن قىزىتىش ئارقىلىق ئارىلاشمىلىرى ئايرىۋېتىلىپ، تازىلانغان ساپ ماددىسى «ساپ گۈڭگۈرت» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ رەتسىز كاللەك بولۇپ، چوڭ - كىچىكلىكى بىر خىل ئەمەس، رەڭگى سارغۇچ، سۇس قوڭۇر رەڭلىك بولىدۇ، پارقىراق ياكى يېرىم پارقىراق كېلىدۇ، يەڭگىل، چۇرۇك بولۇپ ئاسان ئۇۋۇلىدۇ، بەتتەم، ئالاھىدە غەيرىي پۇرىقى بار .

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ، ئىچكى موڭغۇل، يۈننەن، سىچۈەن، شەنشى، گۇاڭدۇڭ، خېنەن، خۇنەن، جياڭسۇ قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** يالLۇغ قايتۇرىدۇ، يەل تارقىتىدۇ، قىزىتىدۇ، تېرىنى قۇرۇتىدۇ، يۇمشىتىدۇ، قان تازىلايدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، جاراسىم ئۆلتۈرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 0.1~0.5 گرام.

**زەرىرى:** زەھەرلىك، مېڭە ۋە ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا، يېڭى سېغىلغان سۈت، بىنەپشە.

**بەدىلى:** زاغۇن يېغى، قەمبىل.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قىزىتىش ئارقىلىق زەھەرسىزلەندۈرۈپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** زىمات، مەلھەم، ھەب دورىلار.

# گۈلى گاۋزىبان

**باشقا نامى:** زۆھرولليسا نۇسسۇر.

**تونۇش:** بۇ، بوتا كۆز ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك ھىندى گاۋزىبانىنىڭ گۈلى بولۇپ، تولۇق ئېچىلغاندا گۈلىنى يىغىۋېلىپ، گۈلى ئايرىم قۇرۇتۇلىدۇ، گۈلى كۆكۈچ سۆسۈن رەڭلىك، ئۇزۇنچاقراق، خۇش پۇراق بولىدۇ، خۇددى ھەمىشباھار گۈلىگە ئوخشايدۇ. ئۇنى بەزىلەر گاۋزىبانىنىڭ گۈلى ئەمەس، باشقا بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى، دەپ قارايدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ھىندىستان، پاكىستان ۋە جۇڭگودىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** يۈرەك ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، غەيرىي تەبىئىي سەۋدا ۋە بەلغەم خىلتىنى پىشۇرىدۇ، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزىدۇ، روھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 3 ~ 10 گرام.

**زەرەرى:** تالغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئاق سەندەل.

**بەدىلى:** گاۋزىبان ھىندى، پىلە غوزىسى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياساالمىلار:** مۇپەررىھ، مەتبۇخ دورىلار.

# گۈلىيەسمەن

**باشقا نامى:** گۈلسمەن.

**تونۇش:** بۇ، تاجىگۈل ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق، گۈلىيەسمەنگە ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، غولى تىك، ئېگىزلىكى 30 ~ 50 سانتىمېتىر كېلىدۇ؛ پۈتۈن تېنى كۈمۈش رەڭ، يۇمشاق تۈكچىلەر ئوراپ تۇرىدۇ؛ يوپۇرمىقى ئۇدۇل ئۆسىدۇ، شەكلى سوقىچاق ياكى ئۇزۇنراق سوقىچاق، گىرۋىكى تولۇق، ئۇچى بىراقلا ئۇچلىنىپ، قىسقا تىكەن ھاسىل قىلىدۇ؛ گۈلىنىڭ رەڭگى قىزغۇچ سۆسۈن كېلىدۇ؛ مېۋىسى كىچىك، ياپىلاقراق، دۈگىلەك شەكىلدە بولىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى «گۈلىيەسمەن» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ، جىگەرنىڭ ھارارىتىنى پەسەيتىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، قان توختىتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 4 ~ 12 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بەدىيان.

**بەدىلى:** زىرىق، ئالقات.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** قايناتما دورىلار.

# گىلاس

باشقا نامى: قىرا سىيلە.

تونۇش: بۇ، ئەترگۇل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق ياغاچ غوللۇق يوپۇرماق تاشلايدىغان، نەشپۈتكە ئۇرۇقداش دەرەخ بولۇپ، يوپۇرمىقى سوقىچاق، گۈلى ئاق ياكى سۇس قىزغۇچ ئاق، مېۋىسى شار شەكىللىك، رەڭگى قىزىل، چۈچۈمەل تاتلىق، ئادەتتە مېۋىسى ئىستېمال قىلىنىدۇ ھەم دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆسىدۇ.

تەبىئىتى: تاتلىق گىلاس ھۆل ئىسسىق، چۈچۈمەل گىلاس قۇرۇق سوغۇق.

خۇسۇسىيىتى: كۆكرەكنى بوشىتىدۇ، ئىچىنى يۇمشىتىدۇ، بۆرەك ۋە دوۋساقتىكى تاشنى چۈشۈرىدۇ، سەپرا ۋە قاننىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىدۇ، ئاشقازان ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ماددىلارنى تۈتىدۇ، تەرنى پارقىرتىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: ئەھۋالغا قاراپ 2 ~ 3 تال ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

زەرەرى: ئاشقازاننىڭ ھۆللۈكىنى كۆپەيتىۋېتىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: قارىمۇچ ۋە تۇزلۇق تائاملار.

بەدىلى: ئەينۇلا.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: قايناتما دورىلار.

# گىل مەختۇم

**باشقا نامى:** تىنول مەختۇم، قىزىللاي.

**تونۇش:** مەختۇم سېغىزى ياكى لېيى سۇس قىزىل، تەمسىز، پۇراقسىز، ئادەتتە پىششىقلاپ ئىشلەنگىنى تۇگمە شەكلىدە كېلىدۇ، بۇ سېغىز «گىل مەختۇم، تىنول مەختۇم، قىزىل لاي» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ لاينى كاھىنلار تاپقانلىقى ئۈچۈن «كاھىن لېيى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ھىندىستان، پاكىستان قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** جاراھەت پۈتتۈرىدۇ، تۇتىدۇ، قۇرۇتىدۇ، قان توختىتىدۇ، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ، زەھەر قايتۇرىدۇ، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** سىرتتىن ئەھۋالغا قاراپ ئىشلىتىلىدۇ، ئىچكى تەرەپتىن 1 ~ 3 گىرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**زەرەرى:** تالغا زىيان قىلىدۇ، توسۇلۇش پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا، قىزىلگۈل، بادام يېغى.

**بەدىلى:** گىل ئەرمىنى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** سۇفۇپ، زىمات دورىلار.

# لاجۇۋەرد

باشقا نامى: لاجىۋەرىد مەغسۇل.

تونۇش: لاجۇۋەرد سۇزۇك، پارقىراق، قىممەت باھالىق مىنېرال بولۇپ، ئادەتتە ئۇ تىللا رەڭ، بىنەپشە رەڭ ۋە نىل رەڭلەردە بولىدۇ. بۇ مىنېرال ماددىنىڭ ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغىنى سۇزۇك، پارقىراق، كۆككە مايىل بىنەپشە رەڭ كەلگىنى، يۇقىرىقىدەك خۇسۇسىيەتتە بولمىغانلىرى سۈنئىي لاجۇۋەرد بولۇپ، ئۇنى ئۇيغۇر تېبابىتىدە دورىغا ئىشلەتمەيدۇ.

چىقىش ئورنى: ئېلىمىزنىڭ جەنۇبى ئۆلكىلىرى ھەم قەشقەرنىڭ تاغلىرىدىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: غەيرىي تەبىئىي سەۋدا ۋە بەلغەم خىلتىنى سۈرىدۇ، مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، غەم - ئەندىشىنى يوقىتىدۇ، قويۇق گازلارنى يوقىتىدۇ، كۆڭۈلنى خۇش قىلىدۇ. يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ھەيز ۋە سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ. كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ، داغ، سەپكۈن يوقىتىدۇ، قان توختىتىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 2~4 گىرام.

زەرەرى: ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: مەستىكى، ھۇماما، كەتىرا، ھەسەل.

بەدىلى: ئۆز ۋەزنى بىلەن تەڭ ھەجرۇل ئەرمىنى.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: كۇشتە قىلىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: مەجۇن، زىمات دورىلار.

# لاچىندانە چىنى

باشقا نامى: ئەلالىچى چىنى.

تونۇش: بۇ، زەنجىۋىل ئائىلىسىدىكى چاتقال ئۆسۈملۈك لاچىندانە دەرىخىنىڭ مېۋىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، رەڭگى ئاقۇچ مايىل سارغۇچ، يۇمىلاق، تەمى ئاچچىق، ئىچىدىن 6 ~ 7 تال ئۇرۇقى چىقىدۇ.

چىقىش ئورنى: جۇڭگونىڭ ئىسسىق بەلباغ رايونلىرىدىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: ئاشقازان ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئېغىزنىڭ بەتبۇيلۇقىنى يوقىتىدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، يەل تارقىتىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 5 ~10 گىرامغىچە.

زەرەرى: ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: كەتىرا.

بەدىلى: لاچىندانە ھىندى.

لايىقلاشتۇرۇشى: ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: مەجۇن دورىلار.

# لەيلىگۈل

**تونۇش:** بۇ، لەيلىگۈل ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق ياكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق، لەيلىگۈلگە ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، تەخمىنەن ئۈچ مېتىر ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ، غولى تىك، شېخى ئاز بولىدۇ؛ يىلتىزى يوغان، سېمىز، تۇۋرۇكسىمان، ئەتلىك كېلىدۇ؛ يوپۇرماقلىرى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، سېپى بار، شەكلى يۈرەكسىمان ياكى تۇخۇمسىمان، يوپۇرماق يۈزى يىرىك، گىرۋەكلىرى ھەرە چىشسىمان بولىدۇ؛ گۈلى قىزىل، ئاق، سۆسۈن قاتارلىق رەڭلەردە بولۇپ، قولتۇقىدىن ئۆسىدۇ؛ غوزا شەكىللىك مېۋىسى يالپاق شار شەكلىدە بولۇپ، گۈل كاسىسىغا يۆگىلىپ تۇرىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى «لەيلىگۈل» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**تېبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** زەھەر قايتۇرىدۇ، يىرىڭلارنى چىقىرىدۇ، چوڭ ـ كىچىك تەرەتنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 8 ~ 12 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** يۈرەك ئاجىزلىقىغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** گاۋزىبان

**بەدىلى:** پەرسىياۋشان

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** چىلانما دورىلار.

# لەئل

باشقا نامى: لەئلى يەمەنى.

تونۇش: لەئل قىزىل ياقۇتقا ئوخشايدىغان، لېكىن رەڭگى ئۇنىڭدىن سۇسراق، بىنەپشە رەڭ ياكى جىگەر رەڭگە مايىل، ياقۇتقا قارىغاندا يۇمشاقراق، سۈزۈك، پارقىراق، ناھايىتى ئەتىۋارلىق مىنېرال ماددا بولۇپ، ھازىر لەئلى ئاپتونوم رايونىمىزدىنمۇ چىقىدىغانلىقى، ئۇنىڭ رەڭگى ۋە سۈپىتىنىڭ ناھايىتى ياخشى ئىكەنلىكى ھەققىدە مەلۇماتلار بار.

چىقىش ئورنى: ھىندىستان ھەم ئاپتونوم رايونىمىزدىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

خۇسۇسىيىتى: يۈرەك، مېڭە ۋە نېرۋىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، كۆڭۈلنى خۇش قىلىدۇ. كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ، قان توختىتىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 0.15 ~ 0.5 گىرام.

زەرەرى: لايىقلاشتۇرۇش ياخشى بولمىسا، ئەزالاردا توسۇلۇش پەيدا قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: ئەرەب يېلىمى، كەترا.

بەدىلى: مەرۋايىت.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: كۇشتە قىلىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: خېمىر، مۇپەررىھ دورىلار.

# لوپنۇر كەندىرى

تونۇش: بۇ، سۆگەتگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك لوپنۇر كەندىرى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى «لوپنۇر كەندىرى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، پۈتۈن چۆپىدە شىلىمشىق ئاق سۈتى بار، غولى تىك سىلىق بولىدۇ، مېۋىسىنىڭ ئىچىدە قارامتۇل سېرىق رەڭلىك ئۇرۇقلىرى بولىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان بولۇپ، لوپنۇر كۆلى ئەتراپىدا ئەڭ كۆپ.

تەبىئىتى: بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

خۇسۇسىيىتى: قىزىتما پەسەيتىدۇ، يەل تارقىتىدۇ، جىگەر ھارارىتىنى پەسەيتىدۇ، كۆڭۈلنى خۇش قىلىدۇ، سۈيدۈك راۋانلاشتۇرىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 4 ~ 12 گىرام، قايناق سۇغا دەملەپ چاي ئورنىدا ئىچىلىدۇ، قاينىتىشقا بولمايدۇ.

زەرەرى: سوغۇقچان كىشىلەردە باش قېيىشنى پەيدا قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: ھەسەل، بەدىيان.

بەدىلى: سەپرائوت يىلتىزى.

لايىقلاشتۇرۇشى: قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: سۇفۇف، چىلانىما دورىلار.

# لوك

**باشقا نامى:** لاك مەغسۇل.

**تونۇش:** بۇ، لاكسفرا ئائىلىسىدىكى ھاشارات شپللاق قۇرتىنىڭ ئاجراتمىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، چۆل ـ جەزىرىلەردىكى توغراق قاتارلىق دەرەخ شاخلىرىنىڭ ئۈستىدە، شەبنەم قېتىشمىسى شەكلىدە قېتىپ قالغان يېلىمسىمان ھالەتتىكى قىزىلغا مايىل قارا رەڭدىكى يېلىم دەرىخىدۇر.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تەكلىماكان، ئېلىمىزنىڭ يۈننەن قاتارلىق ئۆلكىلىرى ھەمدە تايلاند، ھىندونېزىيە، ھىندىستان قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، تېرىنى پارقىرىتىدۇ، بۇزۇق ماددىلارنى تارقىتىدۇ، مايلارنى ئېرىتىدۇ، غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنى تازىلايدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتىدۇ، قان توختىتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 3 ~10 گىرام.

**زەرەرى:** تالغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** مەستىكى.

**بەدىلى:** رەۋەن، ئاسارۇن.

**لايىقلاشتۇرۇشى:** يۇيۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەجۇن دورىلار.

## لىمون

**باشقا نامى:** لىمو.

**تونۇش:** بۇ، پالما ئائىلىسىدىكى توپلىشىپ ئۆسىدىغان چاتقال ئۆسۈملۈكنىڭ پىشقان مېۋىسىدىن ئىبارەت، ئۇنىڭ مېۋىسى يۇملاق ئېللىپس شەكىلدە، رەڭگى سېرىق، تەمى ئاچچىق چۈچۈمەل كېلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ئۆلكىلەردىن، ھىندىستان، پاكىستان، ئەرەبىستان قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** خىلتسىز قۇرۇق ئىسسىق كەيپىياتنى تەڭشەيدۇ، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، قىزىتما قايتۇرىدۇ، سەپرا خىلتىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىدۇ، تەرەتنى يۇمشىتىدۇ، تېرىنى پارقىرىتىدۇ، غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنى تازىلايدۇ، ئۇسسۇزلۇق پەسەيتىدۇ، زەھەر قايتۇرىدۇ، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 3~10 گىرامغىچە.

**زەرەرى:** سوغۇق مىزاجلىق كىشىلەرگە، نېرۋا ۋە پەي كېسەللىكلىرىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل، ناۋات.

**بەدىلى:** ئاپېلسىن، كافۇر.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياساlمىلار:** شەربەت دورىلار.

# مارجان

**باشقا نامى:** مارجان ئەسلىي.

**تونۇش:** بۇ، گورگىنىدا ئائىلىسىدىكى هايۋانات قىزىل رەڭلىك مارجان قۇرتىدىن ئاجرىلىپ چىققاندىن كېيىنكى هاك ماددىلىق ئىسكىلىت بولۇپ، بۇ خىل قىزىل قۇرتنىڭ ئىسكىلىتى يەنى سۆڭەكلىرى «مارجان» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئادەتتە كېسىپ تاياقسىمان قىلىپ قويۇلىدۇ، ئۆزى قاتتىق، خۇددى فارفۇر خىشقا ئوخشايدۇ، ئاسان سۇنمايدۇ، پۇرىقى ۋە تەمى يوق.

**چىقىش ئورنى:** تەيۋەن ۋە جەنۇبىي دېڭىز رايونى ئەتراپلىرىدىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** يۈرەك، مېڭە، جىگەر ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ، كۆڭۈلنى ئاچىدۇ، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ، قان توختىتىدۇ، هۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 0.5 ~ 3 گىرام.

**زەرەرى:** بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

**بەدىلى:** كەهرىۋا، خۇنسىياۋشان.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** كۇشتە قىلىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۇشىدىغان ياسالمىلار:** سۇفۇپ، مۇپەررىھ دورىلار.

# ماگنىت تېشى

**باشقا نامى:** ھەجرەلمقناتىس.

**تونۇش:** بۇ، ئوكسىدلانغان ماددا تۈرىدىكى ماگنىتلىق تۆمۈر رۇدىسىنىڭ تېشى بولۇپ، شەكلى ھەر خىل، قىرلىق، سىرتقى يۈزى قارا رەڭلىك بولۇپ، پارقىرىمايدۇ. بۇ خىل ماگنىتلىق تۆمۈر رۇدىسى «ماگنىت تېشى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ جياڭسۇ، شەندۇڭ، لياۋنىڭ، گۇاڭدۇڭ قاتارلىق جايلىرىدىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** تاش پارچىلايدۇ، مېڭە، جىگەر ۋە ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنى تازىلايدۇ، قان توختىتىدۇ، زەھەر قايتۇرىدۇ، جاراھەت ئېغىزلىرىنى پۈتتۈرىدۇ، ئاق خۇن ۋە ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، جىگەر ۋە تالنى قۇۋۋەتلەيدۇ، تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرىدۇ.



**ئىشلىتىش مىقدارى:** كۇشتە قىلىنغاندىن كېيىن 0.5 ~ 1 گىرامغىچە.

**زەرەرى:** ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** رۇمبەدىيان.

**بەدىلى:** ھەجرۇلىيەھۇد.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** كۇشتە قىلىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** سۇفۇپ دورىلار.

# مالكەنگنى

**باشقا نامى:** مالكەنكنى.

**تونۇش:** بۇ، جىنچاتقىلى ئائىلىسىدىكى پېلەكسىمان چاتقال ئۆسۈملۈك مالكەنگنى بولۇپ، ئادەتتە مېۋىسى يۇمىلاق بولۇپ، قۇرۇغاندا ئىچىدىن ئۇرۇقى چىقىدۇ، بۇ ئۇرۇق تۇخۇم شەكىللىك، ئۇششاق، خورما رەڭ، تەمى بىرئاز ئاچچىق بولۇپ، ئۇرۇقى «مالكەنگنى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** يۈننەن، گۇاڭشى، گۇاڭدۇڭ، تەيۋەن ۋە ھىندىستاننىڭ تاغلىق رايونلىرىدىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** پەي، نېرۋا ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئاشقازان ۋە باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 0.5 ~ 1 گىرام.

**زەرەرى:** ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەرگە، بالىلارغا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كالا سۈتى، قىزىلگۈل.

**بەدىلى:** قەلەمپۇر يىغى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قورۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەلھەم، سۇفۇپ دورىلار.

# مامكاپ

باشقا نامى: كاككۇكگۈلى، كاپ ـ كاپ، سۈت ئۈتى.

تونۇش: بۇ، مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق، مامكاپقا ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئۈزۈلگەن جايىدىن ئاق سۈت چىقىدۇ؛ تۈۋىدىكى يوپۇرماقلىرى توپلىشىپ ئۆسكەن، گىرۋىكىدە رەتسىز، تەتۈر پەيسىمان يىرىقچىلار بولىدۇ؛ گۈل ربتى يەككە هالدا ئۈچىدا ئۆسىدۇ، گۈلى سېرىق، مېۋىسى ئۇرۇق، شەكلى ئۇزۇنچاق يۇمىلاق، رەڭگى قوڭۇر، مېۋىسىدە ئاق رەڭلىك تاج تۈكلىرى بولۇپ، كىچىك كۆنىلۈككە ئوخشايدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى «مامكاپ» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ هەرقايسى جايلىرىدىكى ئېتىزلىق، يول بويلىرى، ئېرىق ـ ئۆستەڭ بويلىرى ۋە دالىدا ئۆسىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە هۆل سوغۇق.

خۇسۇسىيىتى: قىزىتما پەسەيتىدۇ، زەهەر قايتۇرىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: ئەهۋالغا قاراپ 6 ~ 10 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

زەرەرى: سوغۇقچان كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: پىننە، بەديان.

بەدىلى: بىنەپشە.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: قايناتما دورىلار.

# مامرانچىنى

**باشقا نامى:** مامران.

**تونۇش:** بۇ، ئېيىقتاپان ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك مامرانچىنى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ قۇرۇتۇلغان يىلتىز سىمان غولى «مامرانچىنى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىزاڭ، خۇبېي، خۇنەن، شەنشى، سىچۇەن، ھىندىستان ۋە ياپونىيە قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

**تەبئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** جاراسىملارنى ئۆلتۈرىدۇ، قان تازىلايدۇ، ياللۇغ قايتۇرىدۇ، كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ، يەل تارقىتىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، تېرىگە جۇلا بېرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئىككى گىرامغىچە.

**زەرەرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلاردا باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** قىزىلگۈل.

**بەدىلى:** زەرچىۋە.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** قۇرس ۋە مەتبۇخ دورىلار.

# ماھى زەھەرەج

باشقا نامى: بېلىق دورىسى.

تونۇش: بۇ، يۇمىلاق زىراۋەندە ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق يۆگىمەچ ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈك ھىندى يۇمىلاق زىراۋەندىسى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى يەنى ئۇرۇقى «بېلىق دورىسى» ياكى «ماھى زەھەرەج» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: ھىندىستان، بىرما، مالايشىيا قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: غەيرىي تەبىئىي بەلغەم ۋە قويۇق خىلىتلارنى سۈرۈپ تازىلايدۇ، زەھەر قايتۇرىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، قۇرت ئۆلتۈرىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 2 ~3 گىرام.

زەرەرى: ئۈچەي ياللۇغلىنىش ھەتتا قاناشنى پەيدا قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: كەتىرا، كىراخمال (نىشاستە).

بەدىلى: سەبرە.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قورۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: قايناتما، سۇفۇپ دورىلار.

# مەدەستان

**باشقا نامى:** مۇردار سەنگى.

**تونۇش:** بۇ، تازىلانمىغان قوغۇشۇن ئوكسىد بولۇپ، كۆپرەك قوغۇشۇن ۋە قەلەيدىن ياسىلىدۇ، كۈمۈشتىن تەييارلانغىنىنىڭ رەڭگى بىنەپشە رەڭ، قوغۇشۇندىن ياسالغىنىنىڭ رەڭگى سارغۇچ بولىدۇ، ئالتۇندىن ياسالغىنىنىڭ رەڭگى قىزىل بولىدۇ، بۇنىڭ ياخشىراقى ساپ، رەڭگى سېرىق، پارقىراق، ئېغىر كەلگىنىدۇر.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ خۇنەن، چاڭشا، جياڭسۇ قاتارلىق جايلىرىدىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** يەل تارقىتىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ، ھۆللۈكنى قۇرۇتىدۇ، بۇزۇق گۆشلەرنى يوقىتىدۇ، يېڭى گۆش ئۈندۈرىدۇ، جاراھەت ۋە زەخىملەرنى پۈتتۈرىدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، قان توختىتىدۇ، ئۈچەيدىكى قۇرتنى ئۆلتۈرىدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ، قان تازىلايدۇ، ياللۇغ قايتۇرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** سىرتتىن ئەھۋالغا قاراپ ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** ئىچكى تەرەپتىن ئىشلەتسە سەللا ئېھتىيات قىلمىسا، ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ. ئۇنىڭ ئىككى گىرامى ئادەمنى ئۆلتۈرىدۇ. سۈيدۈكنى توختىتىدۇ، قورساقنى ئېسىدۇ، نەپەسنى توختىتىدۇ، تىلنى تارتىشتۇرۇپ قويىدۇ، گالنى بوغىدۇ، ھەتتا ئۈچەينى تېشىۋېتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** زەھەرلىنىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلسە، قۇستۇرۇش، كىلىزما قىلىش چارىلىرى قوللىنىلىدۇ.

**بەدىلى:** كۈمۈش كۇشتىسى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** زەھەرسىزلەندۈرۈش، كۇشتە قىلىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەلھەم دورىلار.

# مەرزەنجۇش

باشقا نامى: جەمبىل، كېپكئوتى.

تونۇش: بۇ، كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق، مەرزەنجۇشقا ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئېگىزلىكى 10 ~ 60 سانتىمېتىر كېلىدۇ؛ غولى تۆت قىرلىق بولۇپ، پۈتۈن تېنى خۇشبۇي پۇرايدۇ، يۇقىرىقى قىسمىدىكى يوپۇرماقلىرى ئۇدۇل ئۆسىدۇ، تۆۋەن قىسمىدىكى يوپۇرماقلىرى ئادەتتە ئايلانما ئۆسىدۇ؛ يوپۇرماقنىڭ شەكلى تۇخۇمسىمان شالاڭ تۈكلۈك بولىدۇ، يوپۇرمىقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1 ~ 3 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 0.4 ~ 0.8 سانتىمېتىر كېلىدۇ؛ گۈل رەڭگى مۆرەككەپ كونۇسسىمان، رەڭگى ھاۋا رەڭ سۆسۈن كېلىدۇ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى «مەرزەنجۇش» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تاغلىق جايلىرىدىكى تاغ ئېتەكلىرىنىڭ يايلاقلىرىدا ئۆسىدۇ.

تەبئىتى: بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: يۆتەل توختىتىدۇ، دەم سىقىشنى باسىدۇ، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ. توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، مېڭە ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: ئەھۋالغا قاراپ 5 ~ 10 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

زەرەرى: ئىسسىقچان كىشىلەرنىڭ ئۆپكىسىگە زىيان قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: سىركە.

بەدىلى: تاغ يالپۇزى.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: قايناتما دورىلار.

# مەرۋايىت

**باشقا نامى:** مۇتى لۆئىلۇ.

**تونۇش:** مەرۋايىت سەدەپنىڭ ئىچىدىن چىقىدۇ، بۇنىڭ بەزىسى چوڭ، بەزىسى كىچىك بولۇپ، كىچىكى كۆكنار ئۇرۇقىدىنمۇ ئۇششاقراق، چوڭى قۇشقاچ تۇخۇمىدىنمۇ چوڭراق، بەزىسى كەپتەر تۇخۇمىدەك بولىدۇ، لېكىن بۇ خىلدىكىسى بەك ئاز ئۇچرايدۇ، بەزىسى 12 گىرام چوڭلۇقتا بولىدۇ، بۇنىڭ ياخشىسى ئاق، ساپ، پارقىراق، يۇمىلاق، سىلىق بولغىنىدۇر، بۇ خىلدىكىسى بەھرەيىن، ھورمۇز، ئومان قاتارلىق ئورۇنلاردىن چىقىدۇ، ئادەتتە مەرۋايىت ئۈچ خىل بولىدۇ، بىرىنچىسى سېرىق، ئىككىنچىسى قارا، ئۈچىنچىسى تۇتۇق بولۇپ، بەك پارقىراق، جۇلالىلىق، بەك چوڭمۇ، بەك كىچىكمۇ بولمىغىنى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ غەربىي جەنۇبىي دېڭىز بويلىرىدىن كۆپ چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** كۆڭۈلنى ئاچىدۇ، ئەزالار خىزمىتىنى ياخشىلايدۇ، ئىچكى ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ، نېرۋىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ، قان توختىتىدۇ، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 1 ~ 2 گىرام.

**زەرەرى:** دوۋساققا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل، كەتىرا.

**بەدىلى:** سەدەپ.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قىزدۇرۇش ئارقىلىق سارغايتىپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** سۇفۇپ دورىلار.

# مەستىكى رۇمى

باشقا نامى: ئەلەك رۇمى.

تونۇش: بۇ، سىر دەرىخى ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ ياۋا پىستە دەرىخىنىڭ دېۋىرقاي يېلىمى بولۇپ، بۇ دەرەخنىڭ يېلىمى «مەستىكى» ياكى «مەستىكى رۇمى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: تۈركىيە، قىبرىس ئارىلى، مىسىر، سۇرىيە، تۇنىس ۋە ھىندىستان قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: يەل تارقىتىدۇ تېرىنى پارقىرىتىدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، بەدەننى، رەئىس ئەزالارنى ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئېغىزنى خۇشبۇي قىلىدۇ، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 1 ~ 4 گىرامغىچە.

زەرەرى: دوۋساققا زىيان قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى، سىركە.

بەدىلى: كۈندۈر.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: سۇفۇپ، جاۋارىش دورىلار.

# مۇرمەككى

**باشقا نامى:** مۇر، مۇرساپ.

**تونۇش:** بۇ، زەيتۇن دەرىخى ئائىلىسىدىكى چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ مۇرمەككى بولۇپ، بۇ دەرەخنىڭ يېلىمى «مۇرمەككى»، نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** سومالى، ئېفىيوپىيە، ئەرەبىستان قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** ئىچنى قاتۇرىدۇ، چىرىشكە قارشى تۇرىدۇ، يەل تارقىتىدۇ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋان قىلىدۇ، بەلغەم چىقىرىدۇ، مىزاجنى تەڭشەيدۇ ۋە ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ.



**ئىشلىتىش مىقدارى:** 2 ~ 3 گىرام.

**زەرەرى:** ئىسسىق مىزاج كىشىلەردە باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل.

**بەدىلى:** تەرياقى ئەربەئە، خۇنسىياۋشان.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەلھەم، سۇفۇپ دورىلار.

# موزا

باشقا نامى: ئەپەس، مازۇ سەبزى.

تونۇش: بۇ، قاسراقلىقلار ئائىلىسىدىكى چاتقال ياكى يوپۇرماق تاشلايدىغان ئۆسۈملۈك موزا دەرىخىنىڭ يۇمران شاخلىرى ئۈستىدە قۇرۇپ قالغان قۇرت قاپارتقۇلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، موزا ھەرىسىنىڭ لىچىنكىلىرى موزا دەرىخىنىڭ يۇمران شېخى ياكى يوپۇرماقلىرى ئۈستىدە پارازىتلىق ياشاپ ھاسىل بولىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مۇشۇ خىل قۇرت قاپارتقۇسى «موزا»، «ئەپەس»، «مازۇسەبزى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: تۈركىيە، ئىران، ئەرەبىستان، ھىندىستان قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

خۇسۇسىيىتى: يارا پۈتتۈرىدۇ، بۇزۇق ھۆللۈكلەرنى تۈتىدۇ، قان توختىتىدۇ، چىرىشكە قارشى تۇرىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 0.5 ~ 3 گىرام.

زەرەرى: كۆكرەك ۋە ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: كەتىرا، ئەرەب يېلىمى.

بەدىلى: ئانار پوستى، يۇلغۇن مېۋىسى.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: ساپلاشتۇرۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: زىمات دورىلار.

# مۇقەل

**باشقا نامى:** مۇقەل ئەزراق.

**تونۇش:** بۇ، زەيتۇن دەرىخى ئائىلىسىدىكى كىچىكرەك دەرەخ مۇقەلنىڭ سوزۇلۇشچان يېلىمى بولۇپ، بۇ بىر قانچە خىل بولىدۇ، رەڭگى قىزغۇچ سېرىق، تەمى ئاچچىق بولغىنى «مۇقەل ئەزراق»، رەڭگى سېرىققا مايىل بولغىنى «مۇقىللىيۇھۇد»، قارىغا مايىل، سىلىق بولغىنى «مۇقالىي» دېيىلىدۇ. ساپ، پارقىرايدىغان، چاپلاشقاق، يۇمشاق، خۇش پۇراقلىق، رەڭگى قىزغۇچ سېرىق، تەمى ئاچچىق بولغىنى ياخشىسىدۇر، ئەگەر بۇ خىل مۇقەلنى ئوتقا سالسا، پاختىنىڭ پۇرىقى كېلىدۇ، سۇدا تېز ئېرىيدۇ. قانچە كونىرىغانسېرى شۇنچە ئاچچىقلىشىپ بارىدۇ. بۇ دەرەخنىڭ يېلىمى «مۇقەل» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئىتالىيە، يەمەن، ئومان دېڭىز بويلىرى ۋە ھىندىستاندىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۇچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** تېرىنى پارقىرىتىدۇ، ماددىلارنى تارقىتىدۇ، يۇمشىتىدۇ، زەھەر قايتۇرىدۇ، پەي ۋە نېرۋىلارنى قۇۋۋەتلەيدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 3 ~ 6 گىرام.

**زەرەرى:** ئۆپكە ۋە بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا، زەپەر.

**بەدىلى:** مۇرمەككى، سەبرە.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۇشىدىغان ياسالمىلار:** مەلھەم ۋە ھەب دورىلار.

# نارجىل

**باشقا نامى:** نارىيەل.

**تونۇش:** بۇ، پالما ئائىلىسىدىكى دائىم ياشىرىپ تۇرىدىغان بىر خىل نارجىل دەرىخى بولۇپ، بۇ دەرەخنىڭ مېۋە ئىچكى پوستى، سۈتى ۋە تۆرەلمە سۈتى قاتارلىقلار دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، ئۇنىڭ شاپىقى «نارجىل» نامىدا، ئۇنىڭ مېيى «نارجىل يېغى» «رەۋغەنى نارجىل» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ خەينەنداۋ، يۈننەن، تەيۋەن ئۆلكىلىرىدىن ھەم ھىندىستان، ۋيېتنام، ۋە باشقا ئىسسىق بەلباغ دېڭىز بويلىرىدىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھۆل نارجىلنىڭ مېغىزى بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، قۇرۇقىنىڭ ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** بەدەننىڭ تەبىئىي ھارارىتىنى كۈچەيتىدۇ، بەدەننى سەمرىتىدۇ، ياخشى قان پەيدا قىلىدۇ، ئېغىزنى خۇشبۇي قىلىدۇ، مەنىي پەيدا قىلىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ، تەستە سىڭىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** شېكەر، ناۋات، تاۋۇز.

**بەدىلى:** ياڭاق مېغىزى، پىستە مېغىزى، چىلغوزا.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەجۇن ۋە دورىلار.

# نارمشكى

**باشقا نامى:** ناگىكىر.

**تونۇش:** بۇ، گۈتتىفېرا ئائىلىسىدىكى دائىم ياشىرىپ تۇرىدىغان نارمىشك دەرىخى گۈللىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چېچەكسىمان خۇش پۇراقلىق ماددىسىدىن ئىبارەت.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ يۈننەن ئۆلكىسىدىن ھەمدە ياۋروپا، ھىندىستان، پاكىستان، بېرما قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، كۆڭۈلنى خۇشال قىلىدۇ، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ، نېرۋىنى ياخشىلايدۇ، ماددىلارنى تارقىتىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، يەل تارقىتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 3 ~ 5 گىرام.

**زەرەرى:** ئۆتكە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل، كاسىنە.

**بەدىلى:** زىرە، پەرەنجمىشكى.

**لايىقلاشتۇرۇشى:** ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** شەربەت، جاۋارىش دورىلار.

# نەغەزگۇل

**باشقا نامى:** نەرگىس.

**تونۇش:** بۇ، گۇلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق، نەغەزگۇلگە ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئېگىزلىكى 70 ~ 100 سانتىمېتىر كېلىدۇ؛ تۈگۈنەك يىلتىزى كۆپ، شەكلى ئۇرچۇققا ئوخشايدۇ، غولى يالغۇز، سىلىق ۋە قاتتىق؛ يوپۇرمىقى كۆپىنچە توپلىشىپ ئۆسىدۇ، شەكلى يىپسىمان بولۇپ، دۇغسىمان ئېگىلىپ تۇرىدۇ؛ گۇل رېتى چەكلىك كۇنلۇكسىمان بولۇپ، ئۇچىدا ئۆسىدۇ، گۇلى ئالتۇن رەڭدە بولىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ گۇلى «نەغەزگۇل» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** ياللۇغ قايتۇرىدۇ، ئىششىقياندۇرىدۇ، قان توختىتىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 6 ~ 12 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** قاقلە، پىننە.

**بەدىلى:** چىغىرتماق يىلتىزى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەتبۇخ دورىلار.

# نەمەكى لاھۇرى

**باشقا نامى:** لاھۇر تۇزى.

**تونۇش:** بۇ، تاغدىن چىقىدىغان جىسىم بولۇپ، سۇغا سالسا ئېرىيدۇ، ھالۋىدىن باشقا ھەممە تائاملارغا سېلىنىدۇ، بۇ نەرسە خەلق ئارىسىدا «ئاش تۇزى» نامى بىلەن مەشھۇر بولۇپ، تاشقا ئوخشاش قاتتىق كېلىدۇ، كاندىن ۋە بەزىدە تاغلاردىنمۇ چىقىدۇ. بۇنىڭ كانى تاغ بولۇپ، تاغنىڭ يېرىقلىرى ۋە كامارلىرىدىن سۇيۇق ھالدا سىزىپ چىقىدۇ، ئاندىن سوغۇق ھاۋا بىلەن ئۇچرىشىپ تاشتەك قېتىپ قالىدۇ، بۇنىڭ، ئاق، سۇزۇك، قاتتىق بولغىنى ياخشىسى ھېسابلىنىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئاپتونوم رايونىمىز شىنجاڭدىن چىقىدۇ، بولۇپمۇ پاكىستاننىڭ لاھۇر شەھەر ئەتراپىدىكى تاغلاردىن چىققىنى ئەڭ ياخشىسى ھېسابلانغاچقا، لاھۇر نامى بىلەن ئاتالغان.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** زېھىننى قۇۋۋەتلەيدۇ، شىلىمشىق بەلغەملەرنى تازىلايدۇ، يەل تارقىتىدۇ، قورساق ئېسىلىشىنى پەسەيتىدۇ، كۆزنى روشەن قىلىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** توققۇز گىرام.

**زەرەرى:** بۆرەك، يۈرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** قىزىلگۈل، سۇمبۇل.

**بەدىلى:** ئاش تۇزى

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چىقىشىدىغان ياساللار:** ھەب ۋە چىلانما دورىلار.

# نوقۇت

باشقا نامى: چىنى.

تونۇش: بۇ، پۇرچاق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق ياكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق، كۆك ماشقا ئوخشاش ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق؛ كىچىك يوپۇرمىقى تۇخۇمسىمان؛ گۈلى ئاق ياكى سۈس بىنەپشە رەڭ؛ مېۋىسى چوكا مېۋە؛ ئۇرۇقى سەل شار شەكىلدە. يۇمران چوكا مېۋىسىنى ۋە ئۇرۇقىنى ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆسىدۇ.

تەبىئىتى: بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، تېرىگە جۇلا بېرىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ.

زەرەرى: يەل پەيدا قىلىدۇ، تەستە ھەزىم بولىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: زىرە، گۈلقەنت.

بەدىلى: پۇرچاق، ماش.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قورۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: ھالۋا دورىلار.

# نۈشۈدۈر

**باشقا نامى:** نۈشادىر.

**تونۇش:** بۇ، تەركىبىدە ئاممونىي خىلورىد تۇتقان، ئاق رەڭلىك ياكى كۆل رەڭلىك سۈزۈك كىرىستال كان تېشىدىن ئىبارەت. بولۇپ، ئادەتتە دانچىسمان كېلىدۇ، يەنە شەكلى ھەر خىل، پارقىراق كېلىدۇ، تەمى قېرىق ھەم ئاچچىق، سۇدا ئاسان ئېرىيدۇ، ئاق رەڭلىك، پارقىراق، تەركىبىدە ئارىلاشما كان ماددىلىرى بولمىغانلىرى ياخشىلىرى ھېسابلىنىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ چىڭخەي، گۇاڭدۇڭ، گەنسۇ، سىچۇەن، شىنجاڭ قاتارلىق ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىن چىقىدۇ. يەنە ھىندىستان، لىۋىيە قاتارلىق ئەللەردىنمۇ چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** تېرىنى قىزارتىدۇ، بۇزۇق ماددىلارنى تازىلايدۇ، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ، يالقۇغ قايتۇرىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، يۆتەل توختىتىدۇ، ئاشقازان ۋە ئۈچەينى قۇۋۋەتلەيدۇ، سەپرانى تارقىتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 0.5 گىرام.

**زەرەرى:** ئۈچ گىرامدىن ئېشىپ كەتسە، ئادەمنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سۈت، سېرىقماي.

**بەدىلى:** توغرىغۇ.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** زەھەرسىزلەندۈرۈش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەلھەم، شەربەت دورىلار.

# نىلۇپەر

باشقا نامى: كەرنەك بىلمائ.

تونۇش: بۇ، نىلۇپەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق، نىلۇپەرگە ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، سۇدا ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ ھەجمى چوڭ، شەكلى سوقىچاق، رەڭگى يېشىل بولىدۇ. يوپۇرماق ساپىقى ئىنچىكە، ئۇزۇن بولۇپ، يىلتىز غولىدىن ئۆسۈپ چىقىدۇ. گۈلى ئاق ئېچىلىدۇ. غۇنچىسىنىڭ پۇرىقى خۇش پۇراق بولىدۇ. يىلتىز غولى توم، قىسقا، رەڭگى قارامتۇل قىزىل كېلىدۇ. سىرتىدا ئىنچىكە شاخچە يىلتىزلىرى بار. ئۇرۇقىنىڭ تەمى تاتلىق، تۆرەلمە بىخىنىڭ تەمى قېرىق، گۈلى ۋە غۇنچىسىنىڭ تەمى ئاچچىق بولىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق جايلىرىدىكى تېيىز كۆلچەك ۋە كۆللەردە ئۆسىدۇ، تېرىپمۇ ئۆستۈرۈلىدۇ.

تەبىئىتى: ئۇرۇقى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق؛ گۈلى ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

خۇسۇسىيىتى: يۈرەك ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، قىزىتما قايتۇرۇپ، ھارارەت پەسەيتىدۇ، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرىدۇ، تالنىڭ خىزمىتىنى ياخشىلايدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، مەنىينى تىزگىنلەيدۇ، قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، قان توختىتىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: ئەھۋالغا قاراپ نىلۇپەر يىلتىزسىمان غول بوغۇمى 12 ~ 20 گىرام، قالغانلىرى 6 ~ 12 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

زەرەرى: باھقا ۋە دوۋساققا زىيان قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: ھەسەل، ناۋات.

بەدىلى: بىنەپشە.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قورۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چىۋشىدىغان ياسالمىلار: مەتبۇخ دورىلار.

# نىشاستە

باشقا نامى: كراخمال، نىشاستەئى گەندۇم.

تونۇش: بۇ، باشاقلىق ئۆسۈملۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك بۇغداي چىلانىمىسىنىڭ تېگىگە ئولتۇرۇپ قاتقان دۇغىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن «نىشاستە» ياكى «كىراخمال» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ياپىلاق، ئۆلچەمسىز ۋە ھەر خىل چوڭلۇقتىكى پارچىلار بولۇپ، رەڭگى ئاق، تەمسىز كېلىدۇ، يېڭى ئىشلەنگىنى ئاق رەڭلىك بولۇپ، بۇزۇلۇپ قالمىغىنى ياخشىسى ھېسابلىنىدۇ.

چىقىش ئورنى: ئۇيغۇر تېۋىپلىرى بۇغدايدىن تەييارلايدۇ.

تەبىئىتى: بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

خۇسۇسىيىتى: ئىششىق قايتۇرىدۇ، ئۆپكە، كاناي ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، قان كۆپەيتىدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ، قان توختىتىدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، جاراھەت پۈتتۈرىدۇ، داغنى يوقىتىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 3 ~ 12 گىرام.

زەررى: تەستە ھەزىم بولىدۇ، كۆپ ئىشلەتسە مەنىينى كېمەيتىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: قەلەمپۇر، كەرەپشە.

بەدىلى: تۇگمەن توزۇندىسى، يۇيۇلغان گۈرۈچ.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: سۇفۇپ، لئوق دورىلار.

358

# ھەببەتۇلخۇزرا

باشقا نامى:

تونۇش: بۇ، ھىندىستاندا بولىدىغان، يوپۇرمىقى ئۇزۇن، مېۋىسى خۇش پۇراق چوڭ دەرەخ بەتەم دەرىخىنىڭ ئۇرۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ دەرەخلىك ئۇرۇقى بەئەينى سۇماققا ئوخشاپ كېتىدۇ، چاقسا ئىچىدىن مېغىزى چىقىدۇ، مېغىزى يېشىل رەڭلىك، تاتلىق ۋە تەملىك بولىدۇ.

چىقىش ئورنى: ھىندىستاندىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: سۈت ۋە مەنىينى كۆپەيتىدۇ، بۆرەك ۋە باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، كۆڭۈلنى ئاچىدۇ، بەدەننى ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، تاش پارچىلايدۇ، قۇرت ئۆلتۈرىدۇ، يەل تارقىتىدۇ، تېرىنى پارقىرىتىدۇ، ئاۋازنى ساپلاشتۇرىدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 3 ~5 گىرام.

زەرەرى: ئىسسىقچان كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: بىنەپشە، سىركەنجىۋىل.

بەدىلى: ئاچچىق بادام مېغىزى، ياڭاق.

لايىقلاشتۇرۇشى: مېغىزىنى ئايرىپ ئېلىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: مەجۇن دورىلار.

# ھەببۇلئاس

**باشقا نامى:** توخۇمى مۇرد

**تونۇش:** بۇ، مىرتا ئائىلىسىدىكى دائىم ياشىرىپ تۇرىدىغان چاتقال ئاس دەرىخىنىڭ پىشاي دەپ قالغان مېۋىسى بولۇپ، ئىچىدىن كىچىك ـ كىچىك ئۇرۇقچىلار چىقىدۇ. تەمى ئازراق ئاچچىق، تىلنى قورۇيدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ھىندىستان، مالايشىيا، سىرى لانكا قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ، ئېلىمىزدە ئاز مىقداردا ئۆستۈرۈلىدۇ.

**تەبئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** جاراھەت پۈتتۈرىدۇ، تەر ۋە قاننى توختىتىدۇ، تۇتىدۇ، يۈرەك ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ، چاچ يىلتىزىنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 3 ~ 5 گىرام.

**زەرەرى:** باش ئاغرىقى ۋە ئۇيقۇسىزلىق پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** گۈلبىنەپشە.

**بەدىلى:** ئاقاقىيا، رۇسۇت.

**لايىقلاشتۇرۇشى:** ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** شەربەت، قۇرس دورىلار.

## ھەببۇلغار

باشقا نامى: جۈپتى بەللۇت.

تونۇش: بۇ، كامفورا ئائىلىسىدىكى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغان ئۆسۈملۈك غار دەرىخىنىڭ مېۋىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، مېۋىسىنىڭ چوڭلۇقى پىندۇق چوڭلۇقىدا، سەل سوقچاقراق توق بادام رەڭلىك، مېۋىسىنىڭ پوستى نازۇك، خوشبۇي كېلىدۇ.

چىققىش ئورنى: ئىلگىرى جەنۇبىي ياۋروپا ۋە غەربىي ئاسىيادىن چىقاتتى، ھازىر ئېلىمىزنىڭ دېڭىز بويلىرىدىكى شەھەرلەردە ئۆستۈرۈلىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: پەي - مۇسكۇللارنى چىڭىتىدۇ، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ، قەي قىلدۇرىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، يەل تارقىتىدۇ، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 1 ~ 2 گرام.

زەرەرى: ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: كەتىرا، مەستىكى.

بەدىلى: ئاچچىق بادام، سازەج.

لايىقلاشتۇرۇشى: مېغىزىنى ئايرىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: ھەب، شەربەت دورىلار.

# ھەببۇلمۇلۇك

باشقا نامى: ھەببى سالاتىن، دەندە

تونۇش: بۇ، يالمانقۇلاق ئائىلىسىدىكى بىر خىل دەرەخنىڭ ئۇرۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، «ھەببۇلمۇلۇك»، «دەندە» قاتارلىقناملاردا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. مېۋىسى تۇخۇم شەكىللىك ياكى ئېللىپىس شەكىللىك، ئۈچ قىرلىق، سىرتقى يۈزى كۈل رەڭ ياكى سېرىق رەڭلىك، مېۋىسى ئىچىدىن 3 ~ 4 تالغىچە ئۇرۇقى چىقىدۇ. مېۋىسىنىڭ تەمى ئاچچىق بولۇپ زەھەرلىك، ئېغىزغا سېلىشقا بولمايدۇ.

چىقىش ئورنى: ئېلىمىزنىڭ فۇجيەن، تەيۋەن، خۇنەن، خۇبېي، گۇاڭشى، گۇاڭدۇڭ، يۈننەن، گۈيجۇ قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن، ھىندىستان، بېنگال، بېرما، سىرى لانكا قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: مەددە قۇرتلارنى چۈشۈرىدۇ، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم، سەۋدا ۋە كۆيگەن قويۇق خىلتلارنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ، تېرىنى پارقىرىتىدۇ، ئىششىق ۋە يەللەرنى تارقىتىدۇ، قەي قىلدۇرىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، قۇرت ئۆلتۈرىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، قان ئايلىنىشنى تېزلىتىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 62 ~ 125 مىللىگرام.

زەررى: زەھەرلىك بولۇپ، زەھەرسىزلەندۈرمەي ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: كافۇر.

بەدىلى: ئابدىمىلىك ئۇرۇقى.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: زەھەرسىزلەندۈرۈش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: زىمات ۋە ھەب دورىلار.

# ھەببى بىلسان

باشقا نامى: ھەببى بىلسان.

تونۇش: بۇ، زەيتۇن دەرىخى ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك بىلسان دەرىخىنىڭ مېۋىسى بولۇپ، تۇخۇمسىمان شەكىلدە، قوتۇرغا مايىل، تەمى بىرئاز ئاچچىق، پۇرىقى سۇس. بۇ دەرەخنىڭ ياغىچى «ئۇد بىلسان» مېۋىسى، «ھەببى بىلسان»؛ يېغى «رەۋغىنى بىلسان» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: مىسىر، سۈرىيە قاتارلىق ئەرەب ئەللىرىدىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، قاننى جانلاندۇرىدۇ، مېڭىنى تازىلايدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ، نېرۋىنى قوزغىتىدۇ، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ، ھۆللۈكنى قۇرۇتىدۇ، زەھەر قايتۇرىدۇ، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 3 ~ 5 گىرام.

زەرەرى: ئىسسىق مىزاج كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: كەتىرا.

بەدىلى: سەلىخە، ئۇد بىلسان.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: مەجۇن دورىلار.

# ھەببى زەلەم

**باشقا نامى:** ھەببى زەلەم مىسرى.

**تونۇش:** بۇ مىسىر قاتارلىق ئەللەردە ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى بولۇپ، «ھەببى زەلەم» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئۇرۇق نوقۇتتىن چوڭراق، ياپىلاقراق، سىرتقى پوستى قارامتۇل كۆك، ياغلىشاڭغۇ، ئىچى ئاق، خۇش پۇراق، تاتلىق كېلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** مىسىر قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** باھنى قوزغايدۇ، مەنىي پەيدا قىلىدۇ، بەدەننى سەمرىتىدۇ، بۆرەك ۋە جىگەرنى كۈچلەندۈرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 6 ~ 12 گىرام.

**زەرەرى:** توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

**بەدىلى:** ھەببەتۇلخەزرا.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قورۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** سۇفۇپ ۋە مەجۇن دورىلار.

# ھەجرۇليەھۇد

باشقا نامى: يەھۇد تېشى، سەڭگى يەھۇت.

تونۇش: بۇ، قەدىمكى ھايۋاناتلارنىڭ تاشقا ئايلانغان قالدۇقلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، كولاپ ئېلىپ باشقا تاشلارنى چىقىرىۋېتىپ يۇيۇپ، يىغىۋېلىپ «ھەجرۇليەھۇد» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. چوڭلىرى پاختەك تۇخۇمىدەك، كىچىكلىرى قۇشقاچ تۇخۇمىدەك كېلىدۇ. سەل سوزۇنچاق بولۇپ، كۆپلىگەن سىزىقچىلار بولىدۇ.

چىقىش ئورنى: ئىئوردانىيەنىڭ تاغلىرىدىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: تاش پارچىلايدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، ئۇششاق تاشلارنى چۈشۈرىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 1 ~ 2 گىرام.

زەرەرى: جىگەرگە زىيان قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: كالا سۈتى.

بەدىلى: سەنگى سەرمائى.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: كۆشتە قىلىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياساللار: سۇفۇپ دورىلار.

# ھەرە كۆنكى

باشقا نامى: ھەرە ئۇۋىسى.

تونۇش: بۇ، ھەممىگە تونۇش بولغان چوڭ سېرىق ھەرە ياكى سېرىق ھەرىنىڭ ئۇۋىسى بولۇپ، شەكلى يۇمىلاق، تۆشۈك - تۆشۈك، رەڭگى ئاقۇچ كۈل رەڭ كېلىدۇ.

چىقىش ئورنى: پىشايۋانلاردا، تام تۆشۈكلىرىدە، ئېگىز ئوتلاقلاردا، تاشلارنىڭ ئارىلىرىدا بولىدۇ. شىنجاڭنىڭ ھەممە يەرلىرىدىن تېپىلىدۇ.

تەبىئىتى: بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

خۇسۇسىيىتى: يەل تارقىتىدۇ، زەھەر قايتۇرىدۇ، قۇرتلارنى ئۆلتۈرىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، ياللۇغ قايتۇرىدۇ، قان تازىلايدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 3 ~ 6 گىرام.

زەرەرى: ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: قارا پارپا، سۈت.

بەدىلى: ھەسەل.

لايىقلاشتۇرۇشى: ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: مەجۇن، زىمات دورىلار.

# ھەسەل

باشقا نامى: ئەسەل، شەھەد.

تونۇش: بۇ، ھەسەل ھەرىسى ئائىلىسىدىكى ھايۋانات ھەسەل ھەرىسى ئىشلەپچىقارغان ھەسەل قەنتىدىن ئىبارەت بولۇپ، «بال» ياكى «ھەسەل» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. قويۇق شىرنىلىك، ئاق رەڭلىك ۋە سۇس سېرىق رەڭلىك ياكى ئاپپىلسىن رەڭلىك ۋە كەھرىۋا رەڭلىك بولىدۇ، يېرىم سۈزۈك، پارقىراق كېلىدۇ، تەمى تاتلىق، خۇشبۇي پۇرايدۇ.

چىقىش ئورنى: ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: يېڭىسى بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، ئازراق تۇرۇپ قالغىنى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: بەلغەم ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، قان كۆپەيتىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، پەي ۋە نېرۋىلارنى، قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ، تىنچلاندۇرىدۇ، چىرىشكە قارشى تۇرىدۇ، يۆتەل توختىتىدۇ، نەپەسنى راۋانلاشتۇرىدۇ، ئىچنى يۇمشىتىدۇ، ھەزىمگە ياردەم بېرىدۇ، قىزىتما قايتۇرىدۇ، قان بېسىمنى تۆۋەنلىتىدۇ، تېرىگە جۇلا بېرىدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 40 گىرام.

زەرەرى: ئىسسىق مىزاج كىشىلەردە باش ئاغرىقى ۋە ئۇسسۇزلۇق پەيدا قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: ئانار سۈيى، لىمون سۈيى، سىركە.

بەدىلى: ئۈزۈم قىيامى، قاينىتىلغان خورما.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: ساپلاشتۇرۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: شەربەت ۋە مەجۇن دورىلار.

# ھەشقىپىچەك چۆپى

**باشقا نامى:** كاناي گۈلى، بەرگى نىل.

**تونۇش:** بۇ، يۆگىمەچ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق يۆگىمەچلىشىپ ئۆسىدىغان، ھەشقىپىچەككە ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، پىلىكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ مېتىرغا يېتىدۇ. پۈتۈن ئۆسۈملۈكنى ئاق، ئۇزۇن تۈكچىلەر قاپلاپ تۇرىدۇ؛ يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، ئومۇمىي گۈل سېپى قولتۇقىدىن ئۆسكەن، گۈل سېپىنىڭ ئۇچىدا بىردىن بەشكىچە گۈلى ئۆسىدۇ، گۈل تاجىسى كانايسىمان بولۇپ، رەڭگى ئادەتتە كۆكۈچ سۆسۈن ۋە ئاق رەڭدە بولىدۇ. غوزا مېۋىسى شار شەكىلدە، ئۇرۇقى تۇخۇمسىمان قىرلىق، قارا ياكى ئاق رەڭلىك، سىلىق، تۈكسىز بولىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى «ھەشقىپىچەك چۆپى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كۈنگەي يەرلەردە تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** غەيرىي تەبىئىي سەۋدا، بەلغەم خىلىتلىرىنى سۈرىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 4 ~ 8 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** ئۈچەي ۋە پەيلەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ناۋات، مېۋە سۈلىرى.

**بەدىلى:** سۇزاپ ئۇرۇقى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەتبۇخ دورىلار.

# ھەشقىپىچەك ئۇرۇقى

**باشقا نامى:** ھەببۇ نىل.

**تونۇش:** بۇ، يۆگىمەچ ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق چىرمىشىپ ئۆسىدىغان سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ھەشقىپىچەك بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى «ھەببى نىل» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇرۇقى تۇخۇم شەكىللىك، سىرتقى كۆرۈنۈشى كۈل رەڭگە مايىل قارا رەڭلىك ياكى سۇس سارغۇچ ئاق رەڭلىك بولىدۇ. ئۇرۇق پوستى قاتتىق كېلىدۇ، تەمى سەل ئاچچىق، پۇراقسىز بولىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** غەيرىي تەبىئىي سەۋدا، ۋە بەلغەم خىلتىنى سۈرىدۇ، تۇسالغۇلارنى ئاچىدۇ، غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنى تەڭشەيدۇ، تېرىگە جۇلا بېرىدۇ، تەرەتنى يۇمشىتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 1 ~ 2 گىرام.

**زەرەرى:** ئىككى گىرامدىن ئارتۇق يېسە، قورساقنى ئاغرىتىدۇ. ھەددىدىن ئارتۇق ئىچىنى سۈرۈۋېتىدۇ، پەيلەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ناۋات، مېۋە سۈيى.

**بەدىلى:** سۇزاپ ئۇرۇقى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** ھەب، زىمات دورىلار.

# ھەلىيون ئۇرۇقى

باشقا نامى: تۇخۇمى ھەلىيون.

تونۇش: بۇ، گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك مەرچۇبە دەرىخىنىڭ ئۇرۇقى بولۇپ، قىزىلغا مايىل قارا رەڭلىك، تەمى ئاچچىق كېلىدۇ.

چىقىش ئورنى: ئېلىمىزنىڭ جەنۇبىي رايونلىرىدىن ھەمدە ھىندىستان ۋە ئىران قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: بۆرەك، دوۋساق، بەل، يۈرەك ۋە پەيلەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ، تۇسالغۇلارنى ئاچىدۇ، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ، سۈت ۋە مەنىي كۆپەيتىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 3 ~ 5 گىرام.

زەرەرى: تالغا زىيان قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: سىركەنجۇبىل.

بەدىلى: تۇدەرى، شاقاقۇل.

لايىقلاشتۇرۇشى: ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: مەجۇن دورىلار.

# ھەمشباھار ئۇرۇقى

باشقا نامى: بەزرۇلخۇبىياز، توخۇمى خۇبىياز.

تونۇش: بۇ، لەيلىگۈل ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈك داۋاملىق كۆكىرىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن «ھەمشباھار» دەپ ئاتالغان. ئۇرۇقىنىڭ شەكلى گىردەسىمان بولۇپ، غىلاپلىق، رەڭگى ئاقۇچ، تەمى قىرىق، پۇرىقى سۇس كېلىدۇ.

چىقىش ئورنى: ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە يەرلىرىدىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

خۇسۇسىيىتى: ئىششىق ياندۇرىدۇ، ياللۇغ قايتۇرىدۇ، يۇمشىتىدۇ، قىزىتما پەسەيتىدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ، يۆتەل پەسەيتىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، جىگەر ۋە تالنىڭ توسالغۇسىنى ئاچىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، ئىچ سۈرۈشنى ۋە قاننى توختىتىدۇ، ئۆپكىنى تازىلايدۇ، ئۈچەينى تازىلايدۇ، ئۈچەي قۇرتلىرىنى ئۆلتۈرىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 4~12 گىرام.

زەرەرى: ئاشقازان ھۆللۈكىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: پىننە، قاقىلە.

بەدىلى: ئاق لەيلى ئۇرۇقى.

لايىقلاشتۇرۇشى: ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: لۇئوق دورىلار.

# هۇمماز ئۇرۇقى

**باشقا نامى:** تۇخۇمى قىيمىقۇ، ئاتقۇلاق ئۇرۇقى.

**تونۇش:** بۇ، قامچىئوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ئاتقۇلاق ئۆسۈملۈكى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇرۇقى «هۇمماز ئۇرۇقى»، «ئاتقۇلاق ئۇرۇقى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇرۇقىنىڭ شەكلى رەيھان ئۇرۇقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، رەڭگى خورما رەڭ، ئۈچ بۇرجەك كېلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدىن ھەم ھىندىستاندىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** سەپرا، قان خىلتىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى ۋە ئوفۇنەتلىرىنى پەسەيتىدۇ، ئاغرىق توختىتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** سۇيىدىن 20 ~ 25 مىللىلىتىر.

**زەرەرى:** ئۆپكە ۋە تالغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل.

**بەدىلى:** پاقىيويپۇرمىقى ئۇرۇقى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قورۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** ئەرەق، شەربەت دورىلار.

# ھېقىق

**باشقا نامى:** ئەقىق ئەسلىي.

**تونۇش:** بۇ بىر خىل كىۋارتىس تۈرىدىكى مەدەندىن ئىبارەت بولۇپ، سۈزۈك، پارقىراق، رەڭگى سېرىققا مايىل قىزىل بولىدۇ، تەمى بىمەززە تېتىيدۇ.

**چىقىش ئورنى:** يەمەن كانلىرىدىن ۋە باشقا مەملىكەتلەردىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** يۈرەك ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، قان توختىتىدۇ، جاراھەت پۈتتۈرىدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، كۆرۈش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ، چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 0.5 ~ 1.5 گىرام.

**زەرەرى:** زەھەرلىك، بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا، ھەسەل.

**بەدىلى:** بىخ مارجان، قاشتېشى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** كۇشتە قىلىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** خېمىر، سۇفۇپ دورىلار.

# ھلتىت

باشقا نامى: ھلتىت.

تونۇش: بۇ، كۆپنلۈكىسمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق، ھىڭغا ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ سۈتكە ئوخشاش يېلىمى «ھىڭ» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. پۇرىقى ئالاھىدە سېسىق، تەمى ئاچچىق، رەڭگى كۈل رەڭگە مايىل ئاق رەڭلىك بولىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى چۆل - باياۋان ۋە قاقاس تاغلاردا ئۆسىدۇ.

تەبىئىتى: ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، مەددە قۇرت چۈشۈرىدۇ، زەھەر قايتۇرىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: ئەھۋالغا قاراپ 0.5 ~ 0.8 گرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

زەرەرى: يەل پەيدا قىلىدۇ، مېڭە ۋە جىگەرگە زىيان قىلىدۇ، ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: ئەرەب يېلىمى، ئاچچىق ئانار، تاتلىق ئانار، رۇمبەدىيان، بىنەپشە، ئالما سۈيى، سەندەل شەربىتى.

بەدىلى: جاۋشىر، ئەنجۇدان.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: تالقان دورىلار.

# ئۇردان

**باشقا نامى:** رويان.

**تونۇش:** بۇ، رويان ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ياماشقۇچى پىلەكلىك ئۆسۈملۈك ئۇردان ۋە ياۋروپا ئۇردانى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى ۋە يىلتىزسىمان غولى «ئۇردان» نامىدا، بەزىدە «رويان» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ سەنشى، جياڭشى، ئەنخۇي، خېنەن، شىنجاڭ قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن، ياۋروپا، ئوتتۇرا دېڭىز، ھىندىستان، پاكىستان، رۇسىيە قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** بلغ، پەي، نېرۋا، بالىياتقۇ قاتارلىقلارنى قۇۋۋەتلەيدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ. جىگەر ۋە تالنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، تېرىنى پارقىرىتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 3 ~ 5 گىرام.

**زەرەرى:** دوۋساققا زىيان قىلىدۇ ھەم كۆپ ئىشلەتسە سۈيدۈكتە قان كەلتۈرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا، رۇمبەدىيان.

**بەدىلى:** دارچىن، كاۋاۋىچىن.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** ساپلاشتۇرۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەجۇن، سۇفۇپ دورىلار.

# ئوسما يىلتىزى

**باشقا نامى:** ئەسلىل كەتەم، نىلكاجەر.

**تونۇش:** بۇ، كىرپىست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق، ئوسمىغا ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئېگىزلىكى 30 ~ 80 سانتىمېتىر كېلىدۇ؛ يىلتىزى ئۇزۇن، سىرتقى پوستى كۆل رەڭ سېرىق، غولى تىك بولۇپ، ئۈستىدە ئاق تۈكلىرى بار؛ يوپۇرماقلىرى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، تۈۋىدىكى يوپۇرماقلىرى چوڭراق بولۇپ، ساپىقى بار، يوپۇرماق شەكلى سوقىچاق، ئومۇمىي گۈل رېتى ئۇچىدا ياكى قولتۇقىدا ئۆسىدۇ، گۈلى كىچىك، سېرىق، كىرپىست شەكلىدە تىزىلغان، مۆكۈگۈزسىمان مېۋىسى ئۇزۇن، سوقىچاق، ياپىلاق تىكەنلىرى بولىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى «ئوسما يىلتىزى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يۇمشاق، مۇنبەت، قۇمساڭغۇ تۇپىلىقتا ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** ياللۇغ قايتۇرىدۇ، تېرىنى پارقىرىتىدۇ، ئىچىنى قاتۇرىدۇ، بۇزۇق ماددىلارنى تارقىتىدۇ، قىزىتمىنى پەسەيتىدۇ، زەھەرنى قايتۇرىدۇ، قاننى سوۋۇتىدۇ، قان توختىتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 10 ~ 15 گرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** رۇمبەدىيان.

**بەدىلى:** گۈلبىنەپشە.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چىقىدىغان ياسالمىلار:** قايناتما دورىلار.

# ئوسۇك چۆپى

باشقا نامى: كاھۇ.

تونۇش: بۇ، مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق ياكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق، خوخنغا ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى ئۇزۇن، سوقىچاق، گۈلى باشاقسىمان، گۈل رىتىدە رەڭگى سېرىق، غولى ۋە يوپۇرمىقى «كاھۇ» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، ئۇلار ئادەتتە كۆكتات ھېسابلىنىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

خۇسۇسىيىتى: قان ۋە سەپرا خىلتلىرىنىڭ ھارارىتىنى پەسەيتىدۇ، قاننى تازىلايدۇ، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرىدۇ، ئۇيقۇ كەلتۈرىدۇ، چوڭ - كىچىك تەرەتنى راۋانلاشتۇرىدۇ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىسپازما قايتۇرىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: ئەھۋالغا قاراپ 15 ~ 30 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

زەرەرى: باھقا زىيان قىلىدۇ، ئۇنتۇغاقلىق پەيدا قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: كەرەپشە، يالپۇز.

بەدىلى: سېمىزئوتنىڭ سۈيى.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: ساپلاشتۇرۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: مەلھەم، شەربەت دورىلار.

# ئوشەق

**باشقا نامى:** ئەشجى، ئوشەق.

**تونۇش:** بۇ، كۈنلۈكـسمان گـۈللۈكلـەر ئائىلـسىدىـكى كۆپ يىـللىق سـامان غوللـۇق ئۆسۈملۈك تەرسۇس ناملىق دەرەخنىڭ يېلىمى بولۇپ «ئوشەق» نامدا دورىغا ئىـشلـىتىلـىدۇ. ئالاھىدە پۇراقلىق، تەمى ئاچچىق بولىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئىران، تۈركىيە، ئافغانىستان، رۇسىيە قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** يەل تارقىتىدۇ، غەيرىي تەبىئىي بەلغـەم ۋە سەۋدا خىلـتىلـرىنى سۈرىـدۇ، بۇزۇق ماددىلارنى تارقىتىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ، ئىچـنى يۇمـشىتىـدۇ ۋە سۈرىدۇ، پارقىرىتىدۇ، ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ، قورساقتىكى قۇرتنى ئۆلتۈرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 0.5 ~ 2 گىرام.

**زەرەرى:** بۆرەك ۋە ئاشقازان كېسەللىكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركە، رۇمبەدىيان.

**بەدىلى:** جاۋشىر، سەكبىنەج.

**لايىقلاشتۇرۇشى:** ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەجۇن، زىمات دورىلار.

# ئوغرىتىكەن

**باشقا نامى:** چاھار مىخ، چاھار پاي ئاسمانى.

**تونۇش:** بۇ، ئوغرىتىكەن ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، كۆپ شاخلىنىدۇ. يەر بېغىرلاپ ئۆسىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 30 ~ 60 سانتىمېتىر كېلىدۇ، پۈتۈن تېنىدە ئاق، يۇمشاق تۈكلەر بولىدۇ؛ گۈلى سېرىق، قولتۇقىدىن يالغۇز ئۆسىدۇ، مېۋىسى پىشقاندىن كېيىن يېرىلىدۇ ۋە ھەربىر مېۋىدە بىر جۈپتىن ئۇزۇن ۋە قىسقا تىكەنلىرى بولىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى «ئوغرىتىكەن» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى دەريا بويلىرى، دالا ۋە قۇم دۆۋىلىرىدە ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** تاش پارچىلايدۇ، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ، يەل تارقىتىدۇ، كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ، قاننى راۋانلاشتۇرىدۇ، قىچىشىشنى باسىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 6 ~ 12 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** باشنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بادام ۋە كۈنجۈت يېغى.

**بەدىلى:** ئوغرىتىكەن يىلتىزى ۋە يوپۇرمىقى، پىدىگەن ئۇرۇقى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** ساپلاشتۇرۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياساللار:** قايناتما دورىلار.

# ئۇچقۇن پاقا

**باشقا نامى:** زەبدەئ، مندەك.

**تونۇش:** بۇ، پاقا ئائىلىسگە تەۋە بولغان مەشھۇر سۇ هايۋىنى ئۇچقۇن پاقىنىڭ پۈتۈن تېنى بولۇپ، ئۆزى كىچىك، رەڭگى قارامتۇل، قول ۋە دۈمبىلىرى قىزىل رەڭلىك، پۈرىقى بېلىق پۈرىقىدا، تەمى بىمەززە.

**چىقىش ئورنى:** ئىلى ۋادىسىدىن كۆپ چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** قان تازىلايدۇ، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم، سەپرا ۋە سەۋدا خىلىتىنى تەڭشەيدۇ، بەل ۋە بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ، يەل تارقىتىدۇ، جاراھەتلەرنى قۇرۇتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 1 ~ 2 گىرام.

**زەرەرى:** سىرتىدىن ئىشلەتسە تېرىنىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتىپ قويىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركە، سېرىقچېچەك سۈيى.

**بەدىلى:** ئاق يەر يىلىنى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەجۇن، سوفۇپ دورىلار.

# ئۇد بىلسان

باشقا نامى: بىلسان ياغىچى.

تونۇش: بۇ، زەيتۇن دەرىخى ئائىلىسىدىكى ئۇسسۇملۇك بىلسان دەرىخىنىڭ ياغىچى بولۇپ، «ئۇد بىلسان» نامى بىلەن دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ياغىچى سىلىق، خۇش پۇراق، ئېغىر، ئەنبەر رەڭلىك كېلىدۇ.

چىقىش ئورنى: مىسىر، سۈرىيە قاتارلىق ئەرەب ئەللىرىدىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، جىگەر، مېگە ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ، ئىشتىھا يانىدۇرىدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 2 ~ 3 گىرام.

زەرەرى: ئۆپكىگە قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: كەتىرا، بادام يېغى.

بەدىلى: بوزىدان.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياساللار: مەجۇن، سۇفۇپ دورىلار.

# ئۇد سەلب

**باشقا نامى:** فادانىيا.

**تونۇش:** بۇ، ئېيىقتاپانلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك سېسىق مودەنگۈلنىڭ يىلتىزسىمان غولى بولۇپ «ئۇد بىلسان» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. رەڭگى قارامتۇلغا مايىل خورما رەڭ، چوڭ - كىچىكلىكى كىچىكرەك بوزبۇغىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، تەمى دەسلەپ تاتلىق، كېيىن ئاچچىق، خۇش پۇراقلىق ھەم غەيرىي پۇراقلىق كېلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تاغلىق جايلىرىدىن موڭغۇلىيەدىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىنى پىشۇرىدۇ، يۈرەك، مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ، پارقىرىتىدۇ، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، پەيلەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 1 ~ 3 گىرام.

**زەرەرى:** ھامىلىدار ئاياللارغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچى:** گۈلقەنت، مائۇلھەسەل.

**بەدىلى:** بىستىپايەج.

**لايىقلاشتۇرۇشى:** ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەجۇن، شەربەت دورىلار.

# ئۇد هندى

باشقا نامى: هندى ياغىچى.

تونۇش: بۇ، پۇرچاق ئائىلىسىدىكى دائىم ياشىرىپ تۇرىدىغان چوڭ دەرەخ ھىندىستان ئۇد دەرىخى بولۇپ، بۇ دەرەخنىڭ قارامتۇل، جىگەر رەڭلىك ياغىچى «ئۇد ھىندى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: ئېلىمىزنىڭ گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى، تەيۋەن قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن ھەم ھىندىستان، ھىندونېزىيە، ۋېيېتنام، مالايشىيا قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: رەئىس ئەزالارنى ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ماددىلارنى يۇمشىتىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ. ئېغىزنىڭ بەتبۇيلۇقىنى يوقىتىدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ، چىرىشكە قارشى تۇرىدۇ، يەل تارقىتىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 4 ~ 5 گىرام.

زەرەرى: ئىسسىق مىزاج كىشىلەردە باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: كافۇر، سىركەنجىۋىل، قىزىلگۈل.

بەدىلى: دارچىن، قەلەمپۇر، زەپەر.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: داۋائى ۋە چىلانىما دورىلار.

# ئۆرۈك

باشقا نامى: مشمش، خۇبانى.

تونۇش: بۇ، ئەترگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان، ئۆرۈككە ئوخشاش دەرەخ بولۇپ، يوپۇرمىقى كەڭ، تۇخۇم شەكىللىك، گۈلى يالغۇز ئۆسىدۇ، ئاق ياكى شاپتۇل چېچەكلىك، مېۋىسى ئۇچكىلىك دۈگىلەك، پىشقاندا سارغىيىدۇ، تەمى تاتلىق. بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسى «ئۆرۈك» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆسىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

خۇسۇسىيىتى: تۇسالغۇلارنى ئاچىدۇ، ماددىلارنى يۇمشىتىدۇ، سەپرانى سۈرىدۇ، ئۇسسۇزلۇقنى باسىدۇ.



ئىشلىتىش مىقدارى: ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ.

زەرەرى: ئۇچەي، ئاشقازاننى ئاجىز كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: شېكەر، مەستىكى، رۇمبەدىيان.

بەدىلى: شاپتۇل.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: ساپلاشتۇرۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: مۇراببا، قايناتما دورىلار.

# ئۆشنە

باشقا نامى: دەۋلە، ئۆشنە.

تونۇش: بۇ، ئۆشنە ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، ئۆشنىگە ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، شاخلىرى ئىنچىكە، ئۇزۇن، قارىغاي ياكى شەمشاد شاخلىرىغا خۇددى توردەك ئارتىلىپ ئۆسىدۇ؛ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى كۈل رەڭ يېشىل، ئۇزۇلگەندە پاختا تېۋىتلىرىغا ئوخشاش تېۋىتچىلىرى كۆرۈنىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يېپىسمان قىسمى «ئۆشنە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تاغلىق جايلىرىدىكى ئورمانلىقلاردا دەرەخلەرگە يېپىشىپ ئۆسىدۇ.

تەبىئىتى: بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: بۇزۇق ماددىلارنى تارقىتىدۇ، يۈرەك ۋە نېرۋىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، كۆكرەكتىكى خۇشلۇق يەتكۈزىدۇ، چىرىشكە قارشى تۇرىدۇ، ئاغرىق توختىتىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: ئەھۋالغا قاراپ 5 ~ 30 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

زەرەرى: ئۆچەيگە زىيان قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: رۇمبەدىيان.

بەدىلى: گاۋزىبان.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: زىمات، مۇپەررىھ دورىلار.

# ئۈجمە

**باشقا نامى:** تۇت.

**تونۇش:** بۇ، ئۈجمە ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ، ئۈجمىگە ئۇرۇقداش بولۇپ، يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكلىدە، گۈلى تاق جىنسلىق، گۈل يېپىنچىسى سارغۇچ يېشىل كېلىدۇ. يوپۇرمىقى بىلەن پىلە بېقىلىدۇ، يۇمران شاخلىرىنىڭ ئەۋرىشىم قوۋزىقىدىن چىققان تالالىرىنى ماتېرىيال قىلىپ قەغەز ئىشلىگىلى بولىدۇ. مېۋىسى ئاق ياكى قارا قوڭۇر بولۇپ، تاتلىق كېلىدۇ، ئادەتتە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**چىقىش يۇرتى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ جەنۇبىدا كۆپ ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىدۇ، مېڭىگە ھۆللۈك يەتكۈزىدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ، ساپ قان پەيدا قىلىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ، ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ، قىزىتما ياندۇرىدۇ، سۈيدۈك ۋە چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرىدۇ، تېرىگە رەڭ بېرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** پەيلەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** رۇمبەدىيان

**بەدىلى:** بىنەپشە.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چىقىدىغان ياساقلار:** قايناتما دورىلار.

# ئۇستقۇددۇس

**باشقا نامى:** يۇرەكئوتى.

**تونۇش:** بۇ، كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق، ئۇستقۇددۇسقا ئوخشاش ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئۆتكۈر پۇرايدۇ، غولى ئەگرى، كۆپ شاخلىنىدۇ. يوپۇرمىقى ئۇدۇل، گۈلى كۆكۈچ سۆسۈن، شېخىنىڭ ئۇچىدا توپلىشىپ ئۆسۈپ باشاقسىمان گۈل رېتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى «ئۇستقۇددۇس» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** مېڭىنى تازىلايدۇ، پەي - نېرۋىلارنى قۇۋۋەتلەيدۇ ۋە قوزغىتىدۇ، ماددىلارنى تارقىتىدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 3 ~ 9 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** ئىسسىق مىزاج كىشىلەردە باش قېيىش پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سەندەل.

**بەدىلى:** گاۋزىبان ھىندى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياساللار:** مەجۇن، قايناتما دورىلار.

# ئۇستقۇدىرىيۇن

باشقا نامى: ياۋا سامساق.

تونۇش: بۇ، قوناقگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك تاغ سامسقى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ تەڭگىسمان مېۋىسى «ئۇستقۇدىرىيۇن» ياكى «ياۋا سامساق» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. قۇرۇتۇلغان تەڭگىسمان مېۋىسى ئېللىپس شەكىللىك ياكى شار شەكىللىك بولۇپ، تەمى ئاچچىق، پۇرىقى ناھايىتى ئۆتكۈر، سامساق پۇرىقى بار.

چىقىش ئورنى: ئېلىمىزنىڭ خېنەن، جياڭشى، گۇاڭدۇڭ رايونلىرىدىن ۋە ھىندىستاندىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: ئىششىق ياندۇرىدۇ، تىنچلاندۇرىدۇ، قۇستۇرىدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ، تۇسالغۇلارنى ئاچىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 5 ~ 6 گىرام.

زەرەرى: بەدەننى ئاجىز كىشىلەردە كۆڭۈل ئېلىشىش پەيدا قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: بېھى سۈيى.

بەدىلى: ھىندى تۇزى.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: شەربەت ۋە مەجۇن دورىلار.

# ئېشەك سۈتى

باشقا نامى: لەبەنۇلھىمار.

تونۇش: بۇ، ئات ئائىلىسىدىكى ھايۋان ئېشەكنىڭ سۈتىدىن ئىبارەت. ئېشەك ئادەتتىكى ئېشەك ۋە ياۋا ئېشەك دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ئېشەكنىڭ تېنى ئاتنىڭكىدىن كىچىك بولۇپ، رەڭگى ھەر خىل، دورىغا ئېشەكنىڭ سۈتى ۋە تېرىسىدىن ئىشلەنگەن يېلىمى ئىشلىتىلىدۇ. ئېشەك سۈتىنى چىشى ئېشەك تەخەيلىگەندىن كېيىن سېغىپ چىقىرىلىدۇ. ئادەتتە قارا ئېشەكنىڭ سۈتى ياخشىراق ھېسابلىنىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن كۆپ چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئۈچىنچى دەرىجىدە ھۆل، ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق.

خۇسۇسىيىتى: ياللۇغ قايتۇرىدۇ، ھۆللۈك يەتكۈزىدۇ، ھارارەت پەسەيتىدۇ، زەھەر قايتۇرىدۇ، ئۆپكىنى تازىلايدۇ، يۆتەل پەسەيتىدۇ، ئۆپكە جاراھەتلىرىنى پۈتتۈرىدۇ، قان توختىتىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 50 ~ 100 مىللىلىتىر، سىرتتىن ئەھۋالغا قاراپ ئىشلىتىلىدۇ.

زەرەرى: كۆپ ئىشلەتسە ئۈچەيگە زىيان قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: كەتىرا.

بەدىلى: ئادەم سۈتى، ئۆچكە سۈتى.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: ساپلاشتۇرۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: قايناتما دورىلار.

# ئېشەكيېلىمى

باشقا نامى: ئېشەك يېلىمى.

تونۇش: بۇ، مەشھۇر ھايۋان ئېشەك تېرىسىنىڭ يېلىمى بولۇپ، ئېشەكنى ئۆلتۈرۈپ تېرىسى سويۇۋېلىنغاندىن كېيىن مەخسۇس ئۇسۇل بىلەن ئېشەك تېرىسىدە ئېشەكيېلىمى ياسىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: ئېلىمىز ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، قاننى كۆپەيتىدۇ، ئىچىنى يۇمشىتىدۇ، قان توختىتىدۇ، ھامىلىنى مۇقىملاشتۇرىدۇ، بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ، نېرۋىنى ياخشىلايدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 5 ~ 7 گىرام.

زەرەرى: تال ۋە ئاشقازان ئاغرىقى بارلارغا ھەم قۇسۇۋاتقان، ئىچى سۈرۈۋاتقان، ھەزىم قىلىشى بۇزۇلغانلارنى بېرىشكە بولمايدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: سۈت.

بەدىلى: كەھرىۋا.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: ساپلاشتۇرۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: قايناتما دورىلار.

# ئېگىر

باشقا نامى: ۋەج تۈركى.

تونۇش: بۇ، جايانئوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق، ئېگىرگە ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئېگىزلىكى 50 ~ 100 سانتىمېتىر كېلىدۇ؛ يۇتۇن تېنى سېسىق پۇرايدۇ؛ يىلتىزسىمان غولى توغرىسىغا ئۆسىدۇ، سىرتقى پوستى سارغۇچ قوڭۇر، ئىچكى قىسمى سۇس هال رەڭ بولۇپ، نۇرغۇنلىغان چاچما يىلتىزلىرى بولىدۇ؛ يوپۇرمىقى تۆۋەندىن توپلىشىپ، تىك ئۆسىدۇ، شەكلى خەنجەرسىمان يىپ شەكىللىك، يوپۇرماق تومۇرى پاراللېل بولۇپ، ئوق تومۇرى ئېنىق كۆرۈنىدۇ؛ گۈشلۈك باشاقسىمان گۈل رېتى بولۇپ، شەكلى يۇمىلاق تۆۋرۈكسىمان، گۈلى كىچىك، رەڭگى سۇس يېشىل كېلىدۇ. شىرنىلىك مېۋىسى ئۇزۇن، سوقچاق بولۇپ، پىشقاندا قىزىرىدۇ، تەمى ئاچچىق.

391

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىلى ۋادىسىدا كۆپ ئۆسىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: زەھەر قايتۇرىدۇ، تۇسالغۇلارنى ئاچىدۇ، قۇرت ئۆلتۈرىدۇ، نېرۋىنى تىنچلاندۇرىدۇ، يەلنى ھەيدەيدۇ، ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: ئەھۋالغا قاراپ 4 ~ 8 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

زەرەرى: باشقا زىيان قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: بەدىيان، سىركەنجىۋىل.

بەدىلى: رەۋەن. زىراۋەندە.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: ساپلاشتۇرۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: قايناتما، مەجۇن دورىلار.

# ئىپار

**باشقا نامى:** مشكى.

**تونۇش:** بۇ، بۇغا ئائىلىسىدىكى هايۋان ئىپار كېيىكنىڭ جىنسىي پۇراقلىق بەز خالتىسىنىڭ قۇرۇتۇلغان سۇيۇقلۇقى بولۇپ، «ئىپار» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. رەڭگى قىزىلغا مايىل قوڭۇر، تەمى ئاچچىق - چۈچۈك، خۇش پۇراق، سەل مايلاشراق.

**چىقىش ئورنى:** بۇرۇنقى زامانلاردا خوتەندىن كۆپ چىققانلىقى ئۈچۈن «مشكى خوتەنى» دەپ ئاتالغان. هازىر شىزاڭ ۋە نېپال، بىرما، رۇسىيە، ۋيېتنام، ھىندىستان قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** كۆڭۈلنى خۇشال قىلىدۇ، رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ، تەبىئىي هارارەتنى كۈچەيتىدۇ، ئىچكى ۋە تاشقى سەزگۇ قۇۋۋەتلىرىنى قوزغىتىدۇ، چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، ئىسپازما قايتۇرىدۇ، باهنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 125 ~ 250 مىللىگرام.

**زەرەرى:** ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئەينۇلا، نېلۇپەر، قىزىلگۈل.

**بەدىلى:** قۇندۇز قەهرى، سازەج هىندى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** خېمىر دورىلار.

# ئىتئۈزۈمى

باشقا نامى: ئەنگۈر شپا، مارجان شوخلا.

تونۇش: بۇ، پىدىگەن ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق، پىدىگەنگە ئوخشاش ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئېگىزلىكى 20 ~ 60 سانتىمېتىر كېلىدۇ، غولى كۆپ شاخلىنىدۇ؛ يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، شەكلى تۇخۇمسىمان، گىرۋىكى دولقۇنسىمان بولىدۇ؛ چەكلىك كۈنلۈكسىمان گۈل رېتى يېنىدىن ياكى قولتۇقىدىن ئۆسىدۇ؛ گۈلىنىڭ رەڭگى ئاق؛ شىرنىلىك مېۋىسى شارسىمان بولۇپ، پىشقاندا قارامتۇل سۆسۈن رەڭگە كىرىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى «ئىتئۈزۈمى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭنىڭ ھەممە يەرلىرىدىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

ئىشلىتىش مىقدارى: 5~7 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

خۇسۇسىيىتى: ياللۇغ قايتۇرىدۇ. ئىششىق ياندۇرىدۇ، ھارارەت پەسەيتىدۇ، قان تازىلايدۇ، چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىدۇ.

زەرەرى: ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: پىننە، بەديان.

بەدىلى: كاكنەچ.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: ئەرەق دورىلار.

# ئىتياگىقى گۈلى

**باشقا نامى:** ۋاڭنىڭ گۈلى، گۈلى تاتۇرا.

**تونۇش:** بۇ، پىدىگەن ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق، ئىتياگىقىغا ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئېگىزلىكى 60 ~ 130 سانتىمېتىر كېلىدۇ؛ غولى تىك، تۈۋى ياغاچلاشقان، ئۈستۈنكى قىسمى ئاچىماقلىنىپ شاخلىنىدۇ؛ ئاددىي يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، سىپىي ئۇزۇن، شەكلى تۇخۇمسىمان ياكى ئۇزۇنچاق تۇخۇمسىمان، گىرۋىكى رەتسىز دولقۇنسىمان چىشلىق بولىدۇ؛ گۈلى يوپۇرماق قولتۇقىدىن ياكى شاخچىنىڭ بۆلۈنگەن ئورنىدىن ئايرىم ئۆسىدۇ، گۈل كاسىسى كانايسىمان، گۈل تاجىسى سۇناي شەكلىدە، رەڭگى ئاق، غوزا مېۋىسى يۇملاق كېلىدۇ، قىسقا، قاتتىق تىكەنلىرى بولىدۇ، پىشقاندا يېرىلىدۇ، ئۇرۇقى قارا بولىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئېتىز ئەتراپى ۋە چىمەنلىكلەردە ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇپ، مەست قىلىدۇ، ئاغرىق توختىتىدۇ، يۆتەل ۋە دەم سىقىشنى پەسەيتىدۇ، رېماتىزمنى ياخشىلايدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 0.5 ~ 1 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** باھقا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** قارىمۇچ، بەدىيان.

**بەدىلى:** بەزرۇلبەنجى، كۆكنار گۈلى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياساللار:** زىمات، ئابىزەن دورىلار.

# ئىتياغىقى ئۇرۇقى

**باشقا نامى:** تۇخۇمى تاتۇرا ۋالاڭ ئۇرۇقى.

**تونۇش:** بۇ، پىدىگەن ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ئاق گۈللۈك ئىتياغىقى ياكى تۇكلۇك ئىتياغىقى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى «ۋاڭىنىڭ گۈلى»، يوپۇرمىقى «ۋاڭنىڭ يوپۇرمىقى»، ئۇرۇقى «ۋاڭنىڭ ئۇرۇقى» ياكى «جەۋزماسىل» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىز ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە يەرلىرىدىن تېپىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** مەست قىلىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، تىنچلاندۇرىدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، تۇتىدۇ (قابىزلىق)، باھنى قۇۋۇەتلەيدۇ، ئۇخلىتىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** كىچىك باللارغا بېرىلمەيدۇ. چوڭلارغا 0.1 گىرام.

**زەرەرى:** مىقداردىن كۆپ يەۋەتسە جۆيلۈيدۇ، ساراڭلىق پەيدا قىلىدۇ، ھەتتا ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ، شۇڭا بۇنى زەھەرسىزلەندۈرمەي ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** قارىمۇچ، بەدىيان، سۈت.

**بەدىلى:** بەزرۇلبەنجى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** زەھەرسىزلەندۈرۈش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** سۇفۇپ، ھەب دورىلار.

# ئىزخىر مەككى

**باشقا نامى:** گۇركىيا، كلە مەككى.

**تونۇش:** بۇ، باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك مەككە يېغى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى «ئىزخىر مەككى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىزنىڭ گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدىن ھەم ئافرىقا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنى تازىلايدۇ، تۇسالغۇلارنى ئاچىدۇ، ئىششىق تارقىتىدۇ، يەل ھەيدەيدۇ، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئۇخلىتىدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 3 ~ 6 گىرام.

**زەرەرى:** بۆرەك ۋە باش ئاغرىقىغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** نىلۇپەر.

**بەدىلى:** راسەن، تاتلىق قۇستە.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ياسالمىلار:** شەربەت دورىلار.

# ئىسپىغول

باشقا نامى: بەزرۇقۇتۇنا.

تونۇش: بۇ، پاقىيوپۇرمىقى ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غولluق ئۆسۈملۈك تۇخۇمسىمان يوپۇرماقلىق ئىسپىغول بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى «ئىسپىغول» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. رەڭگى قىزىلغا مايىل قوڭۇر رەڭدە، خۇددى بۇغدايغا ئوخشايدۇ. ئۇرۇقىنىڭ لوئابى چىقىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ رايونىدىن ھەم كەشمىر، ئىران، ئافغانىستان، پاكىستان قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

خۇسۇسىيىتى: قىزىتما پەسەيتىدۇ، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرىدۇ، ئىچنى توختىتىدۇ، باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارنى ياندۇرىدۇ، قاننىڭ ھەرىكىتىنى ياخشىلايدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 3 ~ 5 گىرام.

زەرەرى: جىنسىي ئىقتىدارىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: ھەسەل، ئاقىرقەرھا.

بەدىلى: بىھى ئۇرۇقى، سېمىزئوت.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: لوئابىنى ئېلىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: تالقان ۋە لوئوق دورىلار.

## ئىكلىلمىلىك

باشقا نامى: قاغا تىرنىقى.

تونۇش: بۇ، پۇرچاق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك سېرىق گۈللۈك بېدىنىڭ ئۇرۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، مېۋىسىنىڭ شەكلى ياپىلاق، ئەگمە شەكىللىك، يېرىم ئاي شەكلىگە ياكى ئېلىپ تەكەن تىرناققا ئوخشىغانلىقى ئۈچۈن قاغا تىرنىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، رەڭگى ئاققا مايىل سارغۇچ رەڭدە بولۇپ، تەمى ئاچچىق كېلىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تاغلىق جايلىرىدىن ھەم ھىندىستان، پاكىستان، ئىران قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: ياللۇغ قايتۇرۇش، ئىششىق ياندۇرىدۇ، ماددىلارنى تارقىتىدۇ، سۈيدۈك، ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 3 ~5 گىرام.

زەرەرى: ئۇرۇقدانىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: ھەسەل، ئەنجۈر.

بەدىلى: بابۇنە.

لايىقلاشتۇرۇشى: قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياساقلار: مەلھەم، زىمات، مەتبۇخ دورىلار.

# ئىنەكپىتى چۆپى

باشقا نامى: ئىلمەك پۇشتى، ھەببۇلخۇرۇد.

تونۇش: بۇ، يالمانقۇلاق ئائىلىسىدىكى كۆپ ياكى بىر يىللىق سامان غوللۇق، ئىنەكپىتىگە ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى چوڭ ۋە ئالقانسىمان يېرىلىپ، كۈنلۈكسىمان گۈل رېتىدە چېچەكلەيدۇ. پۈتۈن چۆپى «ئىنەكپىتى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆسىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: پەي - مۇسكۇللارنى يۇمشىتىدۇ، ئىچنى سۈرىدۇ، ماددىلارنى تارقىتىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، بەلغەم ۋە سەۋدانى سۈرىدۇ، قۇلۇنجنى ياندۇرىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: ئەھۋالغا قاراپ 5 ~ 10 تال ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

زەرىرى: ھەزىمنى بۇزۇپ، كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: مەستىكى رۇمى، پىننە.

بەدىلى: دەن، ھەببۇلمۇلۇك.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: زەھەرسىزلەندۈرۈش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياساللار: مەلھەم، مەتبۇخ دورىلار.

# ئىنەكپىتى ئۇرۇقى

**باشقا نامى:** توخۇمى بىدەنجىر، ئىلمەك پوشتى ئۇرۇقى.

**تونۇش:** بۇ، يالمانقولاق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ئىنەكپىتى ئۇرۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، ياپىلاق شەكىللىك، قىزىلغا مايىل قوڭۇر رەڭدىكى ئالتە خىل سىزىقچىلىرى بار، ئۆزى قاتتىق ھەم چوڭلۇك، پۇرىقى سۇس، قىزىلغا مايىل بىغىر رەڭلىك، پارقىراق كېلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېلىمىز ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدىن ھەم ئافرىقا ۋە ھىندىستان قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** تىنچلاندۇرىدۇ، پەي - مۇسكۇللارنى يۇمشىتىدۇ، ئىچىنى سۈرىدۇ، ماددىلارنى تارقىتىدۇ، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم ۋە سەۋدانى سۈرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 1 ~ 3 گىرام.

**زەرىرى:** ئازراق زەھەرلىك بولۇپ، ئىشتىھانى، ئاشقازاننى سۇسلاشتۇرىدۇ، كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا، مەستىكى، پىننە.

**بەدىلى:** دەند (ھەببۇلمۇلۇك).

**لايىقلاشتۇرۇشى:** زەھەرسىزلەندۈرۈش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەتبۇخ، زىمات دورىلار.

# ياقۇت

باشقا نامى: ياقۇت ئەسلىي.

تونۇش: بۇ، ھەممىگە تونۇش بولغان ئۆزى قاتتىق، رەڭگى سۈزۈك، داغسىز، پارقىراق كەلگەن قىممەت باھالىق، ئەتىۋارلىق مىنېرال بولۇپ، ئۇ گۈزەللىك، دوستلۇق، پاكلىق ۋە ئەخلاقلىقلىقنىڭ سىمۋولى قىلىنىدۇ. ئەتىۋارلىق ھالقا، ئۈزۈك، بۇلاپكا، شەمشەر، نەپىس خەنجەر قاتارلىقلارنى زىننەتلەشكە ئىشلىتىلىدۇ. ياقۇت رەڭگىگە ئاساسەن قىزىل ياقۇت، ئاق ياقۇت، سېرىق ياقۇت، يېشىل ياقۇت دەپ بىرقانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ، قىزىل ياقۇت بىلەن يېشىل ياقۇت خەلقئارالىق سورت ھېسابلىنىدۇ .

چىقىش ئورنى: ئاپتونوم رايونىمىزدىن ۋە يەمەن، مىسىر قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: كۆڭۈلنى ئاچىدۇ، مېڭە ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، قان تازىلايدۇ، كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ، زەھەر قايتۇرىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 0.1 ~ 1 گىرام.

زەرەرى: كۆشتە قىلماي ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، ھەزىمنى بۇزىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: مەستىكى رۇمى.

بەدىلى: مەرۋايىت، كەھرىۋا.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: كۆشتە قىلىش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياساللار: خېمىر دورىلار.

# ياڭاق مېغىزى

**باشقا نامى:** مېغىزى ئەخرۇت.

**تونۇش:** بۇ، ياڭاق ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان، ياڭاقتا ئۇرۇقداش دەرەخ بولۇپ، يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرماقلىرى ئېللىپىس شەكلىدە، ئۇچكىلىك مېۋىسى شار شەكلىدە بولىدۇ. سىرتقى مېۋە شۆپۈكى سىلىق، ئىچكى مېۋە شۆپۈكى قاتتىق ۋە بۇدۇر ـ بۇدۇر بولىدۇ. ياغىچى مەزمۇت بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھەر خىل ئۆي جاھازىلىرى ياسىلىدۇ. مېۋىسىنىڭ مېغىزى ئىستېمال قىلىنىدۇ ھەم ياغمۇ تارتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ جەنۇبىدا تېكىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** باھنى ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، مەنىينى قويۇلدۇرىدۇ، ئۆپكىنى راۋانلاشتۇرىدۇ، ئۈچەينى نەملەشتۈرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 12 ~ 20 گىرام.

**زەرىرى:** ئىسسىق مىزاج كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئانار سۈيى، بىنەپشە.

**بەدىلى:** ھەببەتۇلخۇزرا، چىلغوزا.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** مەجۇن دورىلار.

# يالپۇز

باشقا نامى: سۆئتەر.

تونۇش: بۇ، كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك يالپۇز بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى «سۆئتەر» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: ئېلىمىزنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدىن، بولۇپمۇ ئاپتونوم رايونىمىزدىن كۆپ چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: ھەزىمنى ياخشىلايدۇ، يەل تارقىتىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، ئاغرىق توختىتىدۇ، چىرىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، زەھەر قايتۇرىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 5 ~ 10 گىرام.

زەرەرى: ئىسسىقچان كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ، ئۆپكىگە قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: مېۋە سۈلىرى، سىركەنجۇبىل، كەتىرا.

بەدىلى: قەردمانە.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: مەلھەم ۋە مەتبۇخ دورىلار.

# ياLپۈز جەۋھىرى

**باشقا نامى:** مىنتول.

**تونۇش:** بۇ، چۇقا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ياLپۈزنىڭ پۈتۈن چۆپىدىن خىمىيەلىك ئۇسۇللار ئارقىلىق ئېلىنغان جەۋھىرى قىسمى بولۇپ، ئاپئاق ناۋاتتەك كىرىستال شەكىلدە كېلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدىن تېپىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** ئاغرىق پەسەيتىدۇ، ياللۇغ قايتۇرىدۇ، ھارارەت پەسەيتىدۇ، سۈيدۈكنى راۋان قىلىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، قان توختىتىدۇ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 0.1 ~ 0.2 گىرام.

**زەرەرى:** سوغۇقچان كىشىلەرنىڭ بېشىنى قايدۇرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بەديان، ھەسەل.

**بەدىلى:** بىنەپشە.

**لايىقلاشتۇرۇشى:** ئادەتتىكىدەك ئىسسىقلىقتا ئۇچراشتۇرۇپ ئېرىتىپ، سۈيۇقلۇققا ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياساLمىلار:** جاۋارىش، مەلھەم دورىلار.

# يانتاق

باشقا نامى: سوسەن.

تونۇش: بۇ، پۇرچاق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق، يانتاقتا ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئېگىزلىكى 40 ~ 60 سانتىمېتىر كېلىدۇ؛ غولى تىك، قاتتىق بولۇپ، كۆپ شاخلىنىدۇ؛ يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسكەن، قاتتىق، ئۇزۇنچاق تۇخۇمسىمان، يوپۇرماق يۈزى يېشىل، دۈمبىسى ئاقۇچ كۈل رەڭ، يوپۇرماق قولتۇقىدا ئۇزۇن، قاتتىق تىكەنى بولىدۇ. بىرقانچە گۈللىرى تىكەنگە ئوخشاش ئومۇمىي ئوقنىڭ ئۇچىدا ئۆسىدۇ، گۈلى كېپىنەك شەكلىدە، رەڭگى قىزغۇچ سۆسۈن، قاسراقلىق مېۋىسى تەسۋىسىمان بولىدۇ. ئۇرۇقى دۈگىلەك، رەڭگى قارامتۇل يېغىر رەڭ كېلىدۇ. يازدا شاخلىرىدىن ئاقۇچ سېرىق رەڭلىك شىلىمشىق شېكەر شىرىسى ئاجرىلىپ چىقىپ، كىچىك دانچە بولۇپ قېتىپ قالىدۇ، بۇ يانتاقشېكىرى دېيىلىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى «يانتاق» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى بوز يەر ۋە جاڭگاللاردا، بولۇپمۇ تۇرپاندا كۆپ ئۆسىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئۇچەينى قۇرۇتىدۇ، ئاغرىق توختىتىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: ئەھۋالغا قاراپ 12 ~ 20 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

زەرەرى: ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: ھەسەل.

بەدىلى: تەرەنجىبىن.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قورۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار: سۇفۇپ دورىلار.

# ياۋا كەشمر

**باشقا نامى:** زىشې.

**تونۇش:** بۇ، ياۋا كەشمر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق، ياۋا كەشمرگە ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئېگىزلىكى 0.5 ~ 1 مېتىر كېلىدۇ، يەر ئاستىدا شار شەكىللىك تۈگۈنەك غولى بار، چاچما يىلتىزى كۆپ بولىدۇ؛ گۈل شېخى يوپۇرماقلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن چىقىدۇ، كىچىك گۈل ساپلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئوخشاش ئەمەس، كۈنلۈكسىمان تىزىلغان. مېۋىسى ئورۇق، تەتۈر تۇخۇم شەكىلدە بولۇپ، ياپىلاق كېلىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ تۈگۈنەك يىلتىزى «ياۋا كەشمر» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى دەريا بويلىرى، سازلىق ۋە كۆلچەكلەردە ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** ئىسسىقنى قايتۇرىدۇ، ھۆللۈكنى قۇرۇتىدۇ، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 4 ~ 10 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** ئىسسىقچان كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** پىلپىل.

**بەدىلى:** ئوغرىتىكەن.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** قايناتما دورىلار.

## يەرلىك توغرىغۇ

**باشقا نامى:** بۆرە ئەرمىنى.

**تونۇش:** بۇ، تال - تېرەكلەر ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك توغراقنىڭ تېنىدىن سىزىپ، ئېقىپ چىققان يېلىمدىن ئىبارەت بولۇپ، ۋەزنى يەڭگىل، قارامتۇل، ئاق رەڭلىك، ئاسان ئۇۋۇلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تارىم ۋادىلىرىدىن، ئىچكى موڭغۇلىيەنىڭ غەرب تەرەپلىرىدىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، يەل تارقىتىدۇ، تېرىنى پارقىرىتىدۇ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، يۆتەل پەسەيتىدۇ، قان تازىلايدۇ.

**ئىشلىتىلىش مىقدارى:** 3 ~ 7 گىرام.

**زەرەرى:** كۆپ ئىستېمال قىلسا، ئاشقازاننى بۇزىدۇ ۋە قۇستۇرىدۇ، ئەزالارغا قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئاق سەندەل، بىنەپشە.

**بەدىلى:** يېرىم مىقداردا تۇز.

**لايىقلاشتۇرۇشى:** ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** جاۋارىش دورىلار.

# يەر ياڭىقى

**باشقا نامى:** خاسىڭ.

**تونۇش:** بۇ، پۇرچاق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق، يەر ياڭىقىغا ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، ساپىقى ئۇزۇن، كىچىك يوپۇرمىقى تەتۈر تۇخۇمسىمان ياكى تۇخۇمسىمان؛ گۈلى سېرىق، ئۇرۇقدان ئاستىدىكى ساپىقى يەر ئاستىغا ئۇزىراپ كىرىپ ئاندىن مېۋىلەيدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** مېڭە ۋە ئەسەبلەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ، سۈت ۋە مەنىي پەيدا قىلىدۇ، ئۇزۇقلۇق بولىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** ئاشقازاننى بۇزىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** پىننە، زىرە.

**بەدىلى:** ياڭاق مېغىزى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قورۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** قايناتما، ھالۋا دورىلار.

# يۇلغۇن مېۋىسى

باشقا نامى: داۋا.

تونۇش: بۇ، يۇلغۇن ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك يۇلغۇننىڭ مېۋىسى بولۇپ، شەكلى خۇددى كىچىك پىلپىلگە ئوخشاپ كېتىدۇ، رەڭگى ئاقۇچ سېرىق رەڭدە، مېۋىسى كىچىك، ئىچىدە ئۇرۇقى بار. قىزغۇچ قوڭۇر، پۇرىقى سۇس، تەمى قېرىق كېلىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ چۆل - جەزىرىلىرى، قۇملۇق، دۆڭلۈكلىرىدە ئۆسىدۇ.

تەبىئىتى: بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

خۇسۇسىيىتى: قورۇيدۇ، قۇرۇتىدۇ، ئىچنى قاتۇرىدۇ، قان توختىتىدۇ، ئىچكى ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ، قىزىتما قايتۇرىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: ئەھۋالغا قاراپ 5 ~ 7 گىرام.

زەرەرى: باش قېيىشنى پەيدا قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: ھەسەل، بادام يېغى.

بەدىلى: موزا ۋە ئانار پوستىنىڭ ئىچىدىكى ئېقى.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ياساقلار: شەربەت، مەتبۇخ دورىلار.

# يۇمغاقسۈت كۆكى

**باشقا نامى:** كەشنىز سەبزى.

**تونۇش:** بۇ، كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق، يۇمغاقسۈتكە ئوخشاش ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى يايسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ؛ غولى ۋە يوپۇرمىقى خۇشبۇي پۇرايدۇ. گۈلى كىچىك، ئاق رەڭدە. مېۋىسى يۇملاق بولۇپ، دورىغا يۇمران غولى ۋە يوپۇرمىقى ئىشلىتىلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، قان توختىتىدۇ، كۆكۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزىدۇ، مېڭە ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، تىنچلاندۇرىدۇ، قىزىتما قايتۇرىدۇ، سولۇق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** ئەھۋالغا قاراپ 8 ~ 12 گىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** كۆپ يېسە مەنىينى كېمەيتىدۇ، پالەچ ۋە سوغۇق مىزاجلىق كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ، نېرۋىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئۇنتۇغاق قىلىپ قويىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل، تۇخۇمنىڭ سېرىقى، دارچىن.

**بەدىلى:** كۆكنار.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** زىمات ۋە قايناتما دورىلار.

# يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى

باشقا نامى: تۇخۇمى كەشنىز.

تونۇش: بۇ، كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك يۇمغاقسۈت بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى «كەشنىز»، ئۇرۇقى «تۇخۇمى كەشنىز» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىش ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

خۇسۇسىيىتى: سەپرا ۋە قان خىلتىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى تەڭشەيدۇ، قىزىتما ۋە ياللۇغ قايتۇرىدۇ، تۇسالغۇلارنى ئاچىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، قان توختىتىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 5 ~ 15 گىرام.

زەرەرى: باھقا زىيان قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: ئىللىتىلغان تۇخۇم.

بەدىلى: كاھۇ ئۇرۇقى، كۆكنار ئۇرۇقى.

لايىقلاشتۇرۇلۇشى: قورۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

كۆپ چۈشىدىغان ياساللار: مەجۇن، مەتبۇخ دورىلار.

# يۆگمەچئوت

**باشقا نامى:** لەپلەپ.

**تونۇش:** بۇ، يۆگمەچ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق يۆگىشىپ ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپىدىن ئىبارەت بولۇپ، يوپۇرماقلىرى سوقىچاق، كىچىك، غولى ئىنچىكە يىپتەك، غول قىسمىنى ئۆزگەرگەندە ئىچىدىن سۈتى چىقىدۇ، سۈتىنىڭ تەمى ئاچچىق شىرلاش بولىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** ئېتىز ۋە داللاردا، يول بويلىرىدا ئۆسىدۇ، شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدىن تېپىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى:** ئۆت ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ، قىزىتما قايتۇرىدۇ، قان توختىتىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 3 ~ 6 گىرامغىچە ئىشلىتىلىدۇ.

**زەرەرى:** سوغۇقچان كىشىلەرنىڭ بېشىنى قايدۇرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بادام يېغى.

**بەدىلى:** سېمىزئوت.

**لايىقلاشتۇرۇشى:** ئادەتتىكىدەك ساپلاشتۇرۇپ لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چۈشىدىغان ياسالمىلار:** شەربەت، زىمات دورىلار.

# يىلان قاسرىقى

**باشقا نامى:** سەلىخولھەيىيە.

**تونۇش:** بۇ، سېرىق باش يىلان ئائىلىسىدىكى ھايۋان، سېرىق باش يىلان، ئاق يەر يىلىنى، شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا يىلانلارنىڭ تاشلىغان قۇرۇق تېرە قاسرىقى بولۇپ، سىلىندىر شەكىللىك، يېرىم سۈزۈك بولىدۇ. دۈمبە تەرىپى كۈل رەڭ، كۆمۈش رەڭلىك، پۇرىقى بىرئاز بەتبۇي كېلىدۇ.

**چىقىش ئورنى:** مەملىكىتىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدىن، جۈملىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭمۇ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** يالقۇغ قايتۇرىدۇ، قان تازىلايدۇ، جاراھەت پۈتتۈرىدۇ، بۆرەك ۋە دوۋساقتىكى تاشلارنى ئېرىتىپ چىقىرىدۇ، سۆگەلنى يوقىتىدۇ، ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ، جاراھەت پۈتتۈرىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ.

**ئىشلىتىش مىقدارى:** 1 ~ 3 گىرام.

**زەرەرى:** كۆزگە زىيانلىق، تېرىنى يىرىكلەشتۈرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** يۇمغاقسۈت.

**بەدىلى:** باشقا ھايۋانلارنىڭ قاسراقلىرى.

**لايىقلاشتۇرۇلۇشى:** قۇرۇتۇش ئارقىلىق لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆپ چىقىدىغان ياساللار:** مەلھەم دورىلار.

# جۇڭگو تېببىي قامۇسى تارماق تومى

# ئۇيغۇر تېبابەت قامۇسى

## يەتتىنچى جىلد

### (ئۇيغۇر تېبابىتى خام دورىلار ئىلمى)

ئاپتورلىرى: ھەسەن داموللا، نېمەتۇللا ئەبەيدۇللا، مۇتەللىپ ئەلى ھاجى ئەمچى
بېكىتكۈچى: ئېھسان ئىمىن

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئىسھاقجان مەھمۇد
مەسئۇل كوررېكتورى: زۆھرەگۈل سىدىق
مۇقاۋا ۋە بېزەك لايىھىلىگۈچى: ئەنۋەر قاسىم
بەت ياسىغۇچى: ئابدۇغېنى ئابباس
نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى بۇلاقبېشى كوچىسى 196 ـ قورۇ
تور ئادرېسى: http://www.xjpsp.com
باسقۇچى: بېيجىڭ چەت ئەل يېزىقى باسما زاۋۇتى
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
نەشرى: 2009 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2011 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
فورماتى: 1194 × 889 م م 1/16 كىسلىم 26.75 باسما تاۋاق قىستۇرما بەت 4
خەت سانى: 480 مىڭ خەت
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 5372 - 4597 - 5
تىرازى: 3000 - 1
باھاسى: 180.00 يۈەن

تارقىتىش بۆلۈمى تېلېفون نومۇرى : 2823055 (0991) پوچتا نومۇرى: 830001